

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09839-2

9 787228 098392 >

定价：21.00 元

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间趣闻 /《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09839 - 2

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集 - 中国 - 维吾尔语 (中国少数民族语言)
Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010571号

策　　划: 阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑: 艾合买提.伊明
责任校对: 阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间趣闻** (维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路 348 号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 13.75 印张 2 插页
2006年 2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数: 4,001-7,000

ISBN 978-7-228-09839-2　定价: 21.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 13.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001–7,000
ISBN 978-7-228-09839-2
باھاسى: 21.00 يۈەن

پىلانلىغۇچىلار:ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن



ئۈرۈمچى

2006-يىلى

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى
(2 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. كۆك ياللىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| 2. كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
(10 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| 2. يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| 3. قىلىچ باتۇر | 18.00 يۈەن |
| 4. ئەجدىھا يىگىت | 17.00 يۈەن |
| 5.كۈھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |
| 6. مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| 7. ھۆۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| 8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| 9. مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| 10. بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى
(5 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. ئەمىرگۆر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| 2. نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| 3. يۈسۈپ ـ زىلەيخا | 18.00 يۈەن |

4. تاھىر ـ زۆھرە 18.00 يۈەن
5. كاككۇك بىلەن زەينەپ 19.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى
(5 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① 15.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② 12.50 يۈەن
3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ 16.50 يۈەن
4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ 16.50 يۈەن
5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ 15.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى
(2 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① 19.00 يۈەن
2. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② 20.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** 8.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** 21.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى** 4.50 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى 15.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** 13.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** 5.00 يۈەن

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە


بۇقا موزايلاپتۇ .................................. 1

ساقى كاج .......................................... 5

پادىشاھنىڭ خانىشنى خورازغا نىكاھ

قىلدۇرۇشى ........................................ 19

پادىشاھنىڭ ساز ئاڭلىشى............................ 22

مازاقخور مازاقتا ئۆلەر.............................. 26

گول قىز........................................... 29

بىلىمەن .......................................... 32

ئەينەك ........................................... 36

مىس قازان ........................................ 43

پادىشاھنىڭ كۈننى ئۇزارتىشى ....................... 48

ناداندىن تادان چىقار ............................... 51

ئىككى باي........................................ 55

سالام ئېيىت ...................................... 59

ئۆز بېشىغا كەلمىگۈچە.............................. 62

يامان خوتۇندىن بەزگەك جىن قاچار ................... 65

توخۇنى يولدا چىللىتارمەن ......................... 69

ئىككى ئالدامچى.................................... 72

ئىككى ھورۇننىڭ ئۆلۈمى ........................... 77

ئېشەكنى ئۆرۈپ خوتۇننى قورقۇتۇش ..........80
قارا مۇقچىنىڭ پىيىزى ..........................83
بېخىل .................................................86
داستىخان مەيدانىدىكى ماجىرا ..................88
كېكىردەك لەشكىرى بىلەن تائام لەشكىرى
ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ..........................101
ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى ..........................107
بۇ قىز قايسى سۆزى بىلەن ئاتا ـ بالىغا
ياردى ................................................108
بۇ قىز كىمگە تەئەللۇق ..........................111
شۇنداقمۇ جاۋاب بولامدۇ ..........................117
قىزنى كىمگە بەرسە مۇۋاپىق ......................119
قىزنىڭ چارىسى ......................................126
مالچىنىڭ ئەقلى ......................................128
پادىشاھ ۋە شاھماتچى ..............................133
مىڭ تەڭگە پۇل ......................................136
قەيەردە مېڭىش توغرا ..............................139
قىز ئوغۇلنىڭ نېمىسى بولىدۇ ......................141
مۇغەمبەر تۈلكە ......................................144
ئوتۇنچى يىگىتنىڭ جاۋابى ..........................147

ئۈچ تۆگە ........................ 151
ئوغرى بىلەن قاراقچى ................ 154
گۆھەرنى قانداق قىلىش كېرەك .............. 159
تۇردى ماقۇلنىڭ قىزلىرى .................. 168
ئۇ قانداق قۇتۇلۇپ قالدى .................. 174
ھاكىم يىتكەن ئېشەكنى قانداق تاپتى ........ 175
موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى ............... 177
دانىشمەن نېمە دېدى ...................... 179
بەش نان ................................ 181
تېپىشماقلىق چۆچەكلەرنىڭ جاۋابلىرى ..... 183
بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە .................. 188
باتۇر ئۆچكە ............................ 204
تۈلكىنىڭ شاپائىتى ....................... 212
تاۋۇس ئەللەيىن .......................... 222
قورققاق ................................ 228
بۆرىنىڭ ئۆلۈمى .......................... 237
قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ .................... 244
قازان تۇۋى ............................. 250
ئۇلاي بىلەن قاغا ......................... 254
تېكە، قوچقار ۋە بۇقا ...................... 259
ئۈچ دوست .............................. 263

كەكلىكلەر ........................ 266
شاھ بىلەن شاتۇتى ........................ 270
تۈلكىنىڭ ئۆلۈمى ........................ 277
بۆرە، تۈلكە ۋە ئېشەك ........................ 283
بېلىقئالغۇچ ........................ 286
بالا بىلەن تۈلكە ........................ 289
كىرپە بىلەن توشقان ........................ 291
تۈلكە بىلەن توشقان ........................ 293
ئېشەك، قوچقار ۋە خوراز ........................ 297
چاشقان قىز ........................ 308
ھىيلىگەر توشقان ........................ 312
ئادەم قالتىسمۇ، ھايۋانمۇ ........................ 316
ھىيلىگەر تۈلكە ........................ 321
تۈلكىنىڭ يولۋاسنى بابلىشى ........................ 323
قوينى قايسىسى يېدى ........................ 327
مۈشۈك پادىشاھ ........................ 332
تۆت دوست ........................ 335
موماي بىلەن بۆرە ........................ 339
يولۋاسنىڭ مۈشۈكنى ئۇستاز تۇتۇشى ........................ 344
خورازنىڭ ئەقلى ........................ 350

# بۇقا موزايلاپتۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئاق كۆڭۈل كەمبەغەل ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ موزايلىق بىر ئىنىكى بار ئىكەن. بىر كۈنى دېھقان ئىنەكنى سۇغارغىلى ئاچىقىپتۇ. موزاي ئىنەكنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر كىشىمۇ بۇقىسىنى سۇغارغىلى ئاچىققانىكەن، قايتار چېغىدا موزاي بۇقىغا ئەگىشىپ كېتىپ قاپتۇ. موزاينىڭ ئىگىسى ئىنىكىنى ئۆيگە ئاپىرىپ باغلاپ قويۇپ، بۇقىسى بار ئادەمنىڭكىگە موزاينى ئەكەلگىلى بېرىپتۇ. بىراق، بۇقىنىڭ ئىگىسى:

— بۇ موزاي مېنىڭكى. مېنىڭ بۇقام موزايلايدىغان خاسىيەتلىك بۇقا. بۇ موزايغا ھەرقانداق كىشىنىڭ چىشى پاتمايدۇ، — دەپ، مۇتتەھەملىك قىلىپ موزاينى بەرمەپتۇ. ئىككىيلەن تالىشىپتۇ، ئاخىر قازىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇقىنىڭ ئىگىسى ھېلىقى موزاينىڭ تېزىكىدىن بىر ياغلىق ئېلىپ قويىنىغا سېلىۋاپتۇ. موزاينىڭ ئىگىسى بولسا ھېچ نەرسە ئالماپتۇ. ئۇلار قازىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىشىپتۇ.

— ھە، نېمە گەپ؟ — دەپتۇ قازى خۇشياقا - ياقماس قىياپەتتە. موزاينىڭ ئىگىسى ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەرزىنى بايان قىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك قازىم، مېنىڭ بىر موزايلىق ئىنىكىم بو-لۇپ، ئۇنى تۈنۈگۈن كۆلگە سۇغارغىلى ئاچىققانىدىم. قايتار چاغدا موزىيىم بۇ كىشىنىڭ بۇقىسىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭكىگە كىرىپ كەتتى. موزاينى ئەكەتكىلى بارسام، بۇ كىشى: «بۇ مېنىڭ موزىيىم، بۇ موزاينى مېنىڭ بۇقام تۇغقان» دەپ بەر-مەيۋاتىدۇ. جاھاندا مۇشۇنداقمۇ مۇتتەھەملىك بولامدۇ، قازىم؟! بۇقىمۇ تۇغامدۇ، قازىم؟! بۇ دەۋانى ھەق سوراپ قويامدىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، — دەپتۇ. موزاي-نىڭ ئىگىسى ئەرزىنى تۈگىتىشىگە، بۇقىنىڭ ئىگىسى سۆزد-نى باشلاپتۇ:

— قارىماملا، قازىم، ماۋۇ قارا يۈز بەندە ئېغىلىمدىكى موزاينى «مېنىڭ» دەپ، ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ، قاراپ تۇرۇپ كىشىنى بوزەك قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟! سىلىمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلىلا، بۇقا دېگەنمۇ بەزىدە موزايلايدۇ ئە-مەسمۇ؟ موزاي مېنىڭ، بۇنىڭدا شەك يوق. بۇ دەۋانى ئوبدانراق سوراپ قويسىلا، قازىم، — دەپتۇ. بۇقا ئىگىسى سۆزلەۋېتىپ تېزەك چىگىلگەن ئاق ياغلىقنى ئۈچ - تۆت قې-تىم مۇشتلاپ قويۇپتۇ. قازى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بىر-دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كىتابقا قاراپ باقاي، كىتابتا نېمە يېزىلغان بولسا، شۇ بويىچە سورايمەن، — دەپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. قازىنىڭ تويماس كۆزى بۇقا ئىگىسى مۇشتلاپ قويغان ئاق ياغلىققا چۈشكەنىكەن، ئۇ ياغلىقتىكىنى تىللا دەپ ئويلاپ، بۇقا ئىگىسىگە پايدىلىق سۆز قىلىپ، تىللانى قولغا چۈشۈرۈش كويىغا چۈشۈپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قورسىقىغا بىر ھىيلىنى پۈكۈپ ئۆيدىن چىقىپتۇ -دە، گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ موزاينىڭ ئىگىسىگە:



— مەن بۇرۇن بىلمەپتىكەنمەن، كىتابتا يېزىلىپتۇ، بۇ-
قىمۇ بەزىدە موزايلايدىكەن. بۇ كىشىنىڭ بۇقىسىنىڭ موزاي-
لىغىنى راست. موزايدا سېنىڭ ھەققىڭ يوق، ماڭ بېرىپ
ئىشىڭنى قىل، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇشۇنداق مۇتتەھەملىك
قىلساڭ، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن! — دەپتۇ. موزاينىڭ ئى-
گىسى سۆز ياندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي گەدىنىنى قاشلاپ،
ئىككى كۆزىنى ياشلاپ، ھەسرەتلىك تىنىپ ئاستا چىقىپ
كېتىپتۇ. بۇقا ئىگىسىمۇ خۇشال بوپتۇ ۋە چوڭ قەدەملەر بى-

لەن تالاغا مېڭىپتۇيۇ، قازىغا قويىنىدىكى ياغلىقنى بەرمەپتۇ. قازى ھاپىلا ـ شاپىلا كىچىك ئوغلىنى:

— ئاۋۇ ئېگىز كىشىدە بىر ئاق ياغلىق بار، «دادام بەرسۇن دېدى» دەپ، ئېلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ.

ئوغۇل بېرىپ ھېلىقى ئېگىز ئادەمنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ: «ياغلىقنى بېرىڭ» دەپ، چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇقىنىڭ ئىگىسى ياغلىقنى بېرىپ كەينىگە قارىماي كېتىپ قاپتۇ، بالا ياغلىقنى دادىسىغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ. قازى: «بىر ياغلىق تىللاغا ئىگە بولدۇم» دەپ، خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ، ياغلىقنى باغرىغا بىرنەچچە قېتىم بېسىپتۇ، ئاندىن ئېچىپ قارىغانىكەن، ياغلىقتىكى قېتىپ كەتكەن موزاي تېزەكلىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ، قازى يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ، تاتىرىپ كېتىپتۇ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي بۇتتەكلا تۇرۇپ قاپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ قىزىقارلىق ۋەقە ئەلگە ئاڭلىنىپ، سۆز ـ چۆچەك بولۇشقا باشلاپتۇ. قازى شۇ قېتىملىق سوراقتىن كېيىن جامائەت ئارىسىدا باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ كېتىپتۇ.

# ساقى كاج

بۇرۇن بۇرۇن ئىكەن، چاشقان سامادا، ئۆردەك كامادا، بۆرگە هاۋادا ئىكەن. ئاشۇ زاماندا يىراقمۇ ئەمەس، يېقىنمۇ ئەمەس بىر ماكاندا بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن، ئوغلىنىڭ ئىسمى ساقى ئىكەن. ساقى تولىمۇ گۇمانخور، كاج ئىكەن، دائىم باشقىلار ياخشى نەسىھەت، مەسلىھەت بەرسە قوبۇل قىلمايدىكەن. ھەتتا، ھەرقانداق بىرەر جىددىي ئىشتىن خەۋەر يەتكۈزسىمۇ، ئۆزىنىڭ گۇمانخورلۇقى بىلەن «ئىشەنمەيمەن» دەپ ئۆز خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىكەن. ئۇنىڭ كاجلىقى، گۇمانخورلۇقى ئون سەككىز ياشقا توشۇپ، قۇرامىغا يەتكەندە تېخىمۇ ئەدەپ كېتىپتۇ. لېكىن، بۇ قىلىقى دەسلەپ ئۇنىڭغا ئامەت، بەخت ئېلىپ كەپتۇ.

بىر كۈنى ساقى كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەپ ئولتۇرسا، ئاتىسى ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇپ ئىشقا بۇيرۇپ:

— ئوغلۇم ساقى، مەن سېنى يالغۇز ئوغۇل دەپ ئەتىۋارلاپ ئېغىر ئىشقا سالماي چوڭ قىلدىم. ئەمدى سەن ماڭا ياردەملىشىپ ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىل، مەندىن كېيىن قالساڭ، جاپا چېكىپ قالىسەن. ماڭ، بېرىپ قوغۇنلارنى سۇغىرىۋېتىپ كەل، بۇ يىل قوغۇنلار ئوخشىدى، كۈزدە قوغۇنلار سېتىلغاندا سېنى ئۆيلەپ قويىمەن، — دەپتۇ.

ساقى ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاتام مېنى ئىشقا سې-
لىش ئۈچۈن ئۆيلەپ قويماقچى بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاتام مېنى ئىشقا سې-
لىش ئۈچۈن ئۆيلەپ قويىمەن دەپ ئەخمەق ئەتمەكچى بولۇۋا-
تىدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاتىسى ئوغلىنىڭ سۆزىگە
ھەيران بولۇپ:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ساقى:

— ئۆيلەپ قويۇشۇڭغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

ئاتىسى ساقىنى قىزىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئىشەنمىسەڭ، بۇنى كۆزدە كۆرەيلى، ئاۋۋال بېرىپ
قوغۇنلارنى سوغىرىۋېتىپ كەل، ھېچبولمىسا سەنمۇ يەيسەن
ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

ساقى ئاتىسىغا كاجلىقىنى ئاقتۇرالماي، قوغۇنلارنى سۇ-
غارغىلى بېرىپتۇ. ساقى سۇنى يەر قوشنىسى باينىڭ قوغۇن-
لۇقىنىڭ چۆنەكلىرىگە باشلاپ قويۇپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇ-



روپ قاپتۇ. سۇ كىرىپ قوغۇن چۆنەكلىرى توشۇپ تاختىلارغا چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بىخەستەلىكىدىن ئاخىر پۈتۈن قوغۇنلۇق سۇ ئاستىدا قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەنە بىر يەر قوشنىسى ساقىنى چاقىرىپ:

— ھەي ساقى، باي ئاكامنىڭ قوغۇنلىرىنى سۇغا باستۇرۇۋەتتىڭ. ئەمدى بايدىن قانداق قۇتۇلارسەنكىسن؟ — دەپتۇ. ساقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇ ئادەم باينىڭ قوغۇنلىرىنى ئۆزى سۇغا باستۇرۇۋېتىپ، بالاسىنى ماڭا ئارتىپ، ئۆزى قۇتۇلماقچى بولىۋاتىدۇ، مەن بۇنداق ئاسان ئەخمەق بولىدىغانلاردىن ئەمەس، دەپ ئويلاپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپ، ئورنىدىن تەۋرەپمۇ قويماپتۇ. ئۇ دېھقان ساقىنىڭ تەۋرىمەي ئولتۇرۇشىغا قاراپ بۇنىڭدا بىرەر كارامەت بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئاستا بېرىپ، سۇنى ئۆز يولىغا ماڭدۇرۇۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ.

ساقى قوغۇنلۇقتىن قايتىپ كېلىشىگىلا، ئاتىسى كايىپ:

— سەن قەستەن باينىڭ قوغۇنلىرىنى سۇغا باستۇرۇۋېتىپسەن، سېنى ئىشقا بۇيرۇپ مېنى نەس باستىغۇ، نېمە تارتقۇلۇق بۇ ! — دەپتۇ.

ساقى ئاتىسىنىڭ كايىشىنى ئاڭلاپ، ھېلىقى دېھقاننىڭ خەۋەرنى ئاتىسىغا يەتكۈزۈپ بولغانلىقىنى بىلىپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاتىسى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ساقى:

— سېنى نەس بېسىشىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ ئاتىسى. ساقى:

— باينىڭ تۆلەم تۆلىتىشىگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئىشەنمەيسەن؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ ئاتىسى.

— ئىشەنمەيمەن ! — ساقى ئاچچىق بىلەن ۋارقىراپتۇ.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ غەلىتە گەپ قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئارتۇق-چە گەپ قىلماي ئويلىنىپ قاپتۇ. بىر چاغدا باي كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ساقىنىڭ ئاتىسىغا:

— ئوغلۇڭ قوغۇنلىرىمنى سۇغا باستۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭ قوغۇنلۇقۇڭدىن چىققان پۈتۈن قوغۇنلارنى ئېلىۋالىمەن. بولمىسا، قوغۇننى سېتىپ تاپقان پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى تۆلەمگە بېرىسەن، بۇنىڭغا كۆنمىسەڭ ئۇستۇڭدىن قازىغا ئەرز قىلىمەن، — دەپتۇ.

ساقى باينىڭ بۇ ئىشتىن تېز خەۋەر تېپىپ كەلگەنلىكى-نى بىلىپ، بۇنىڭدا بىر ئويۇن بار، بولمىسا، باي بۇنچىلىك تېز خەۋەر تېپىپ كېتەمدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. باي بۇ گەپكە ھەيران بولۇپ:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ساقى:

— سېنىڭ قوغۇننى تۆلىتىۋېلىشىڭ، ھەتتا بىزنىڭ بىر تال مويىمىزغا تېگەلىشىڭگە ئىشەنمەيمەن ! — دەپتۇ.



باي ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭدا بىرەر كارامەت بارمۇ، قانداق؟ شۇنداق بولسا تېخىمۇ چوڭ زىيان سېلىشۇەتمەسۇن، دەپ ئويلاپ، قوغۇنىنىڭ دەۋاسىدىن كېچىپ، جىمىدە چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن جىمىپ قاپتۇ. لېكىن، ساقىنىڭ «كارامىتى» توغرۇلۇق گەپ يۇرتقا تارىلىپتۇ. ساقىنىڭ «كارامىتى» سىرلىق تۇسكە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئالدىن بىلەرمەن ئاجايىپ ئادەمگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

ياز كېتىپ كۈز كەپتۇ، قوغۇنلار پىشىپتۇ. ساقىنىڭ ئاتىسى قوغۇنلارنى خىللاپ ئۈزۈپ، يارىيار هارۋىغا بېسىپ كېلىپ:

— ئوغلۇم، قوغۇنلار بالدۇر پىشىپ، بازارغا ئالدىدا كىردى، بازىرى ئىتتىك بولىدۇ، سەن سېتىپ كەلگىن! — دەپتۇ. ساقى ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بازىرى ئىتتىك بولسا، ئۆزى سېتىپ كەلمەي، مېنى بۇيرۇغىنىغا قارىغاندا بۇ يەردە بىر ئويۇن بار، دەپ گۇمانلىنىپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاتىسى هەيران بولۇپ:

— ئوغلۇم، يەنە نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ. ساقى:

— قوغۇنلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن.

ئاتىسى ئوغلىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلاردا «ئىشەنمەيمەن» دېگەن سۆزىنىڭ راست چىققانلىقىغا، بۇنىڭدا بىرەر كارامەت بارلىقىغا چىنپۇتۇپ قالغاچقا، ئوغلىنىڭ ئېغىزىدىن يەنە باشقىچە سۆزنىڭ چىقىپ كېتىشىنى خالىماي جىم بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، بازارغا ئاپىرىپ بېقىش توغرىسىدا ساقىنى زورلاۋېرىپتۇ. ساقى ئاتىسىنىڭ زورى بىلەن يارىيار هارۋىنى هەيدەپ بازارغا كىرىپتۇ. ئۇ بىر قوغۇننى ساتقۇچە ئۇششاق باللار ئىككى قوغۇننى ئەپقېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر كىشى:

— هەي ئۇكام، قارا، ئۇششاق باللار قوغۇنلىرىڭنى ئې-

لىپ قاچتى. ئالدى - كەينىگە قاراپ ئولتۇر، — دەپتۇ.
ساقى ئۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئۇ ئادەم ساقىنى بىلمىگەچكە:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كىچىك باللارنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ قوغۇنلارنى ئېلىپ قاچالىشىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ ساقى. ئۇ ئادەم ساقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بۇ بىر ئەخمەقمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، ئارتۇقچە گەپ قىلماي كېتىپ قاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ساقى قوغۇندىن بىرنى ساتسا، ئىككىنى كىچىك باللارغا ئالدۇرۇپ قويۇپ قۇرۇق قول دېگۇدەك ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئاتىسى بۇنى كۆرۈپ:

— ئوغلۇم، قوغۇنلار سېتىلىپ راسا پۇل بولغان ئوخشىمامدۇ، بالدۇرلا قايتىپ كەپسەنغۇ؟ — دەپتۇ. ساقى ئاتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قوغۇنلارنىڭ ھېچقانچە پۇلغا يارىمىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ يەردە بىر ئويۇن بار، شۇڭا ئاتام ئەتىگەندە مېنى قوغۇن سېتىپ كېلىشكە شۇنچە زورلاپ كەتكەنىكەن - دە، دەپ ئاتىسىدىن گۇمانلىنىپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاتىسى يەنە ھەيران بولۇپ:

— ئوغلۇم، يەنە نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ.

— قوغۇنلارنىڭ سېتىلىپ راسا پۇل بولغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

ساقى قوغۇن ساتقان نەچچە تەڭگىنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. ئاتىسى يا كۇلۇشنى، يا ئاچچىقلىنىشنى بىلمەي جىمىپ قاپتۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يەتمەكچى بولۇپ، ئۇيان ئويلاپتۇ، بۇيان ئويلاپتۇ، ئاخىر بۇ ئىشنىڭ «ئۆيلەپ قويىمەن» دېگەن سۆز چىققاندىن باشلانغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپ، ئوغلۇمغا خوتۇن جىنى چاپلاشقان ئوخشايدۇ،

ئۇنى ئۆيلەپ، كېسەلدىن خالاس قىلاي، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بوپتۇ. ئۇلار كۆپ باش قاتۇرۇپ، بىر قىزنى ئۇنىڭغا كۆرسەتكەنىكەن، ساقى يەنىلا:

— ئۇنىڭ ماڭا خوتۇن بولالىشىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاتىسى خاپا بولۇپ:

— باينىڭ قىزىنى ئالامسەن يا؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. ساقى جاۋاب بەرمەپتۇ. ئاپىسى ساقىنىڭ ئاغزىدىن گەپ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ:

— ۋاي دادىسى، نېمە دەپ جۆيلۈيدىغانلا، بىز باينىڭ خىلى ئەمەس، باي بىزگە قىزىنى بېرەمدۇ؟ — دەپتۇ. ساقى ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاپام باينىڭ قىزىنى بېرىدىغان - بەرمەيدىغانلىقىنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ قانداق بىلگۈدەك، بۇ يەردە بىر ئويۇن بار، بۇلار مېنى ئەخمەق ئەتمەكچى، دەپ ئويلاپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاپىسى كايىغىنىچە:

— ئوغلۇم، نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ. ساقى دەرھاللا:

— باينىڭ قىزىنى بەرمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

— باي قىزىنى بەرسە ئالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئاپىسى.

— ئالىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ساقى.

ئاتا - ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئوغلىمىزنىڭ باينىڭ قىزىنى ئالغۇسى بار ئىكەن دەپ، باينىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بېرىپتۇ. باي ئۇلارنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بىلىپ:

— ئوغلۇڭلار نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ:

— باينىڭ قىزىنى بەرمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن

دەيدۇ، — دەپتۇ.

باي «ئىشەنمەيمەن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپتۇ ھەم يۇرت ئىچىدىكى ساقى توغرۇلۇق بولغان گەپلەرنى ئېسىگە ئېلىپ، قىزىمنى بەرمىسەم كارامىتىنى كۆرسىتىپ بىر پالا-كەتكە يولۇقتۇرمىسۇن، دەپ ئويلاپ، قىزىنى بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ.

قىز - ئوغۇل تەرەپ تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ توي ئۆتكۈ-زۈپتۇ.

تويدىن كېيىن ساقىنىڭ ئاتا - ئانىسى كېلىنىنى ئازنا قىلدۇرۇپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. لېكىن، ھەر ئىككى-سى باينىڭ ئالدىغا بېرىشتىن تەپ تارتىپ، بىر - بىرىگە زورلىشىپ بىر يەرگە كېلەلمەپتۇ. ئاتىسى ئاخىر ساقىنى چا-قىرىپ:

— ماڭ، خوتۇنۇڭنى ئازنا قىلدۇرۇپ ئەكەل ! — دەپتۇ.

ساقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇلار مېنى دامىغا دەسسەتمەكچى، دەپ ئويلاپ:

— ئۇنىڭ يەنە خوتۇنۇم بولۇپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باينىڭ قىزى، بۇ مېنىڭ كۆڭۈل سىرىمنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ساقىغا چىڭ چاپلىشىپ، ئۇ نېمە دېسە «ھە» دەپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ياخشى ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ، تۇرمۇشى خاتىرجەم ئۆ-تۈشكە باشلاپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، ساقىنىڭ ئاتا - ئانى-سىغا قېرىلىق يېتىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساقى ئېتىزغا ئىشقا كېتىپتۇ. كەينىدىنلا ئۆيىگە ئوت كېتىپتۇ. ئاتىسى ئوت كەتكەن ئۆينىڭ ئىچىدە قاپسىلىپ قاپتۇ. ئىككى ئايال ھېچ

ئامال قىلالماي ناله قىلىپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئاپىسى:

— ۋاي جېنىم قىزىم، نېمىگە قاراپ تۇرىلا، بېرىپ ساقىنى چاقىرىپ كەلسىلە، ئاتىسىنى ئوتنىڭ ئىچىدىن ئاچىقىۋالسۇن! — دەپتۇ. خوتۇنى يۈگۈرۈپ ساقى ئىشلەۋاتقان يەرگە بېرىپ:

— ۋاي بولمىدى، تېز بولۇڭ، ئاتام ئوتنىڭ ئىچىدە قالدى! — دەپتۇ.

— ئاتام ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىغان ساراڭ بولمىسا، ماڭ كەت، بۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن! — دەپتۇ ساقى ھېچ ئىش بولمىغاندەك. خوتۇنى:

— ۋاي نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ. ساقى:

— ئاتامنىڭ ئوتنىڭ ئىچىدە قالغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ھەرقانچە قىلسىمۇ ساقىغا كار قىلماپتۇ. ئاخىر قايتىپ كېلىپ قارىسا، قولۇم - قوشنىلار ئاتىسىنى چالا ئۆلۈك ھالەتتە ئوتنىڭ ئىچىدىن ئاچىقىپ ياتقۇزۇپ قويغانىكەن.

ساقى ئۆز خىيالى بويىچە ئىشنى تۈگىتىپ، لەلەڭشىپ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئىشكتىن كىرىشىگە، ئاپىسى كايىپ:

— ۋاي ئوغلۇم، ئاتاڭ شۇ ھالەتتە ياتسا نەلەردە لەلەڭشىپ يۈردۈڭ؟ چاقىرغاندىن كېيىن قايتىپ كەلسەڭ بولماسمىدى؟! ئەمدى ئاتاڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمىز، — دەپتۇ.

ساقى، ئاپام مېنى قورقۇتۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. ئاپىسى ئۇنىڭدىن:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ساقى:

— ئاتامدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

ئاپىسى ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ تېۋىپ چاقىرىپ كېلىشكە ئالدىرىماپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئاتىسى سەكراتقا چۈشۈپ جان

تەسلىم قىپتۇ. ئۇلار يىغلاپتۇ ـ قاقشاپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ.

كۈنلەردە بىر كۈن ساقى كىچە ـ كۈندۈز پەرىشان يۈ-رۈۋاتقان ئاپىسىنى خوتۇنى بىلەن بىرگە ئېلىپ دەريا بويىغا بېرىپ سەيلە قىلدۇرماقچى بوپتۇ. ساقى قانداق قىلغان، ئىك-كى توشقان تۇتۇۋاپتۇ. ساقى توشقاننى سويۇپ بېرىپ يەنە توشقان ئوۋلاشقا كېتىپتۇ. ئاپىسى سۇ ئالغىلى دەريا بويىغا بېرىپتۇ. موماي ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ كېتىپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ساقىنىڭ خوتۇنى ساقىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ۋاي بولمىدى، ۋاي بولمىدى، تېز بولغىن! — دەپ-تۇ. ساقى:

— بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ئاپام دەرياغا چۈشۈپ ئېقىپ كەتتى! — دەپتۇ خوتۇنى.

ساقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇ ماڭا توشقان ئوۋلاتماسلىققا تاپقان باھانىسى دەپ گۇمانلىنىپ:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. خوتۇنى چۈشەندۈرۈپتۇ. سا-قى ئالدىرىماي كېلىپ قارىسا، ئاپىسى يوق تۇرغۇدەك. ساقى ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۆزى كاچاتلاپ، بۇقىدەك ھۆكۈرەپ يىغلاپ ئۆ-يىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلىپ، ئۆيىدىن تاشقىرى چىقماي يېتىپتۇ.

ساقىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، باي ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىككىسىنى ئۆيىگە قاي-تۇرۇپ كەپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ساقى قېيناتىسىغا:

— ئاتا، مەن بىرەر ئىش ـ كۈش قىلسام بولاتتى، — دەپتۇ.

— ئوغلۇم، نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟ نېمە قىلىشنى خالىساڭ، شۇ ئىشنى قىلغىن، — دەپتۇ.

— نېمىشقىكىن، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، كۆڭلۈم تاغنى تارتىپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

— كۆڭلۈڭ تاغنى تارتقان بولسا، مەيلى بارغىن، تاغدا مېنىڭ نۇرغۇن ماللىرىم بار، مالچىلار سېنىڭ ھالىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ، — دەپتۇ باي. باي گېپىنى تۈگىتىشىگە، ساقى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.

— ئوغلۇم، نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

— شۇنچە كۆپ ماللارنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن.

باي ئارتۇقچە گەپ قىلىشقا پېتىنالماي:

— ئوغلۇم، خالىساڭ بېرىپ كەلگىن! — دەپتۇ.

ساقى ئۇزۇن يولنى بېسىپ تاغقا بېرىپتۇ. باينىڭ يايلاقتىكى مالچىلىرى ساقىنى باينى كۈتكەندەك ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. ئارىدا گەپتىن-گەپ چىقىپ، قويچىلاردىن بىرى:



— ھازىر تاغدا بۆرە بەك كۆپىيىپ كەتتى، بىر كۈنى بولمىسۇن بىر كۈنى بۆرىلەرنىڭ بىزگە ئاپەت ياغدۇرۇپ قويلارنى بوغۇۋېتىشىدىن

ئەنسىرەيمىز، — دەپتۇ. ساقى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بۇلار بۆرە بوغۇۋەتتى دەپ، بۆرە ئورنىدا ئۆزلىرى سويۇپ يېمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ:
— ئىشەنمەيمەن ! — دەپتۇ. قويچىلار:
— ۋاي ساقى ئاخۇن، نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپتۇ.
— بۆرىلەرنىڭ قويلارنى بوغۇۋېتىشىگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ.
— ئىشەنمىسەڭ، قويلارنى بىرنەچچە كۈن بېقىپ باقسىڭ، بۆرىنىڭ تولىلىقىنى كۆرسەڭ، ئىشىنىپ قالىسەن، — دەپتۇ مالچىلار. ساقى ماقۇل بوپتۇ.
ساقى قويلارنى ھەيدەپ بۆرىلەر جىق بىر جايغا بېرىپتۇ. بىر چاغدا بۆرىلەرنىڭ ھەممىسى تەڭ ھۇۋلىشىپ يەر - جاھاننى تىترىتىپ بىراقلا قويلارغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ. ساقى نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە، بۆرىلەر قويلارنىڭ تەگدىن تولىسىنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلاپتۇ. ساقى بۇنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن دەرھال بىر قورام تاشنىڭ كەينىدىكى كامارغا يوشۇرۇنۇپتۇ. بۇ چاغدا باشقا مالچىلار بۆرىلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تاياق - توقماق كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ قارىسا، قويلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆلۈك تۇرغان. بۇنى كۆرگەن مالچىلار پۇشايمان قىلىپ، ئاخىر:
— نۇرغۇن قويلارغۇ ئۆلۈپتۇ، بىراق قويلارنى بۆرىگە يەم قىلىۋەتكەن ئادەم يوقاپ كېتىپ يامان بولدى. ئۇ بولمىسا، بايغا جاۋاب قىلىشىمىز تەسكە توختايدۇ، — دېيىشىپ، ساقىنى چاقىرىشقا باشلاپتۇ. خېلىدىن كېيىن يېقىن بىر يەردىن بوش ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار ئىزدەپ ساقىنى قورام تاشنىڭ كەينىدىكى مۆكۈۋالغان كامارىدىن تارتىپ چىقىرىپتۇ. ساقىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ، پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتقۇدەك.

مالچىلار ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئارتۇقچە گەپ قىلماپتۇ، لېكىن بايغا قانداق جاۋاب قىلارمىز؟ — دەپ زارلىنىپتۇ. ساقى:

— ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ. مالچىلار ھەيران بولۇشۇپ:

— سەن يەنە نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باينىڭ سىلەر بىلەن شۇنچە قاتتىق ھېساب - كىتاب قىلىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ ساقى.

ئۇلار ئوتاققا قايتىپ كېلىپ بايغا خەۋەر قىلىشىپتۇ. باي تاغقا كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە يەنە بىر يېڭى پالاكەت كەلتۈرۈشتىن ئەنسىرەپ، ئەلەمدە بوغۇلۇپ، ئاچچىقنى ئىچىگە يۇتۇپ:

— بۇ بىر تەقدىر، — دەپلا قويۇپتۇ. باي شۇ ئاچچىقىدا تاغدىن تېزلا كېتىپ قاپتۇ.

مالچىلار بايدىن شۇنچە ئاسان قۇتۇلغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، ساقىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنى سىرلىق ئادەم چاغلاپ قايتىدىن ھۆرمەتلەشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى مالچىلار ساقىنى يايلاقنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلاندۇرۇپ، مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدۇرۇش ئۈچۈن تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار كەيپى خۇشال ھالدا چۇقان سېلىپ ئات چاپتۇرۇپتۇ. ئۇلار چۇقان - سۈرەن بىلەن خىلى يەرلەرگە بېرىپتۇ. تۇيۇقسىز ئالدىدىن بىر كېيىك چىقىپتۇ. ئۇلار كېيىكنى قوغلاپتۇ، قوغلاپتۇ، لېكىن يېتەلمەپتۇ، چىملىق، ئوتلاق تۇگەپ تاقىر يەرگە چىقىپ قاپتۇ. شامالدەك چېپىپ كېتىۋاتقان كېيىك چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ساقى كېيىكنى كۆزدىن يىتتۈرۈپ قويۇپ توختاپ قاپتۇ. ئالدىدىن كۆكۈچ تۇمان كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ ئىس ئىكەن. ئىسنى كۆرگەن قويچىلارنىڭ ئارىسىدىن چوڭ ياشلىق بىرى:

— ۋاي توختاڭلار، كۆل دېڭىزغا كېلىپ قاپتىمىز، بۇ يەرگە كىرگەن ئادەمنىڭ قايتىپ چىققانلىقىنى تېخى ئاڭلاپ باقمىدۇق، — دەپتۇ. ھەممىسى ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاپ قاپتۇ. ساقى بۇ سۆزگە ئىشەنمەي:

— ئىشەنمەيمەن ! — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مالچىلار يە-نە ھەيران قېلىپ:

— نېمىگە ئىشەنمەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ساقى يەنە:

— ئادەم كىرسە قايتىپ چىقالمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەي-مەن، — دەپلا، ئاتقا قامچا ساپتۇ. تۇيۇقسىز تەگكەن قامچى-دىن ئات ئۈركۈپ، ئورنىدىن چاچراپ چىقىپ قويۇندەك چې-پىپ، كۆل دېڭىزى ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇنغا بارماي بىر پارچە تۇمان ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ساقى كۆزدىن غايىب بوپ-تۇ. مالچىلار ساقىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، تۇرار جايىغا قايتىشىپتۇ.

ساقى ئۆزىنىڭ گۇمانخورلۇقى، كاجلىقى بىلەن دەسلەپتە ئامەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چى-قىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «بېشىڭغا ھەر بالا كەلسە، ئۆ-زۈڭنىڭ خوي - پەيلىڭدىن كۆر» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانمىش.

# پادشاھنىڭ خانىشىنى خورازغا نىكاھ قىلدۇرۇشى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ قول ئاس-
تىدىكى پۇقرالىرىغا دىنىي قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قى-
لىش، خىلاپلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەز - نەسىھەت قى-
لىدىكەن ۋە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن
قاتتىق جازالايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ كىچىك خوتۇنى ئايخاننى ئۈچ
تالاق قىلىۋېتىپتۇ. ئايخان تولىمۇ چىرايلىق، كېلىشكەن ئايال
بولغانلىقتىنمىكىن، ئىشقىلىپ، پادىشاھ ئۆز ئىشىغا پۇشايمان
قىلىپ، ئۇنى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بوپتۇ. دىنىي قا-
ئىدە بويىچە، ئەر كىشى خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپ يەنە
ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بولسا، تالاق قىلىۋەتكەن ئايالنى باشقا
بىر ئەر كىشىگە نىكاھ قىلدۇرۇشى، بۇ ئىككىيلەن ئاز دې-
گەندە بىر كېچە بىر ئۆيدە بولۇشى، ئاندىن ئىككىيلەننى
ئاجراشتۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئېرى نىكاھىغا ئېلىشى شەرت ئى-
كەن. بۇ، تالاق قىلىۋەتكەن خوتۇننى «تەلى قىلدۇرۇش» دەپ
ئاتىلىدىكەن.

پادىشاھنىڭ ئايخاندىن ئاجرىشىپ كېتىشكە كۆڭلى چى-
دىماپتۇ ھەم ئۇنى باشقا بىر ئەر كىشىگە تەلى قىلدۇرۇشقىمۇ
كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. ئۇ، تەلى قىلدۇرمايدىغان باشقىچە بىرەر

يول تېپىلىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىد بىلەن يۇرت دائىرىسىدىكى بارلىق دىنىي ئۆلىمالارنى يىغىپتۇ.

— ئى مۆتىۋەرلەر، — دەپتۇ پادىشاھ ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، — مەن خوتۇنۇم ئايخاننى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەنىدىم، ھازىر ئۇنى يەنە ئۆز نىكاھىمغا ئېلىش قارارىغا كەلدىم. شۇڭا، ئايخاننى تەلى قىلدۇرماي ئۆز نىكاھىمغا ئېلىشقا بىرەر يول كۆرسىتەرمىكىن، دەپ چاقىرتقانىدىم.

دىنىي ئۆلىمالار كىتاب كۆرۈپتۇ، ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىپتۇ. ئاخىر:

— تالاق قىلىۋەتكەن خوتۇننى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن تەلى قىلدۇرماقتىن ئۆزگە يول يوق، — دەپ خۇلاسە چىقىرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ - دە، قازاخۇنۇمغا ۋارقىراپتۇ:

— سىز ئېيتىپ بېقىڭا، بۇنىڭ تەلى قىلدۇرماقتىن ئۆزگە ھېچقانداق ئامالى يوقمۇ؟

پادىشاھنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرگەن قازاخۇنۇم دەرھال پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىر پەتىۋا ئويدۇرۇپ چىقىپتۇ.

— ئى پادىشاھىم، — دەپتۇ قازاخۇنۇم، — تالاق قىلىۋەتكەن خوتۇننى قايتا ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن تەلى قىلدۇرۇش پەرزدۇر، ئەمما ئۇنى ئادەمگىلا تەلى قىلدۇرماي، ئەركەك جان - جانىۋار، ئۇچار قۇشلار بىلەن تەلى قىلدۇرسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ چىرايى ئېچىلىپتۇ. بۇ پەتىۋانىڭ پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقىنى پەملىگەن سورۇن ئەھلى نارازىلىق بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. پادىشاھ دەررۇ بىر چار خورازنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. قازاخۇنۇم بىرھازا نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، پادىشاھ تۇتۇپ تۇرغان

خوراز تەرەپكە بويۇنداپ مۇراجىئەت قىپتۇ:

— ئاگاھ بولۇڭكى، ئۆزىڭىز ھازىر تۇرۇۋپسىز. كەندىر چاخوراز باينىڭ ئوغلى قارا چاخوراز ئاخۇن، قادىر موللامنىڭ قىزى ئايخاننى ئىككى دۇنيانىڭ ھالال جۇپتىلىكى ئۇچۇن ئۆز رازىلىقىڭىز بىلەن ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟

بۇ ۋاقىتىدا پادىشاھ خورازنىڭ يانپىشىغا پاققىدا بىرنى ئۇرغانىكەن، خوراز «ۋىك» قىپتۇ.

— مانا، ئالدىم دېدى، — دەپتۇ قازاخۇنۇم.

كېچىسى ئايخان بىلەن خوراز «ئەر - خوتۇن» بولۇپ بىر ئۆيدە يېتىپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، پادىشاھ خورازنىڭ يانپىشىغا يەنە بىرنى ئۇرغانىكەن، خوراز يەنە «ۋىك» قىلىپ توۋلاپتۇ.

— ئۈچ تالاق، ئەرگە تەگ، دېدى، — دەپتۇ قازاخۇنۇم. ئاندىن ئايخاننى پادىشاھقا قايتا نىكاھ قىلىشقا پاتىھەنى باشلاپتۇ.



# پادشاھنىڭ سازئاڭلىشى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا ناھايىتى كاتتا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىش - ئەمەلى تاماشا قىلىش، نەغمە - ناۋا ئاڭلاپ بەزمە قىلىش بىلەن ئۆتىدىكەن، ئاۋام - خەلقى بىلەن قىلچە كارى يوق ئىكەن.

پادىشاھ بىر كۈنى ۋەزىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى چاقىرىپ، ۋەزىرئەزەمگە پۈتۈن شەھەردىكى سازەندىلەرنى ئوردىغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىپتۇ. ۋەزىرئەزەم ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى باشلاپ، شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە قويماي ئاختۇرۇپ نۇرغۇن سازەندە، ناخشىچىلارنى ئوردىغا يىغىپتۇ. ۋەزىرئەزەم:

— بۈگۈن ساز چېلىپ پادىشاھى ئالەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچىمىز، كىمنىڭ چالغان سازى، ئېيتقان ناخشىسى پادىشاھ ئالىيلىرىغا يارىسا، شۇ كىشىگە ئىنئام ۋە مەنسەپ بېرىلىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سازەندە، ناخشىچىلار خۇش بولۇشۇپ، ۋەزىرئەزەمگە «ھەشقاللا» دەپ تەزىم قىلىشىپتۇ. ۋەزىرئەزەم پادىشاھ تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنىڭ ناھايىتى كۆڭۈلدىكى-

-دەك ئورۇندالغانلىقىدىن خۇرسەن بوپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭمۇ ئىنئام ـ تارتۇقتىن قۇرۇق قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ھۇزۇر-لىنىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىر-رىپ، ھەممە ئىشنىڭ پۈتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەم شاھزادە، خانزادە، بەگزادە، ھەرەم خىزمەتچىسى، مەلىكىزادىلەرنىڭ ھەممىسى بەزمىخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىرئەزەم پۈتۈن ساز ئەھلى، ناخشىچىلارنى بەزمىخانىغا كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار پادىشاھقا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق باشلاپتۇكى، ئەييۇھەنناس، سازچىلارنىڭ چالغان ساز-لىرىنىڭ بىرى بوم، بىرى زىل، ناخشىچىلارنىڭ بىرىنىڭ ئاۋازى يۇقىرى، بىرىنىڭ تۆۋەن. ئۇلار ئۆزلىرى بىلگەن سازلارنى چېلىپ، ناخشىلارنى ئېيتىپتۇ، خۇددى ئانىسىدىن ئايرىلغان قوزا، ئوغلاق، تايچاقلارنىڭ ئاۋازىدەك بەزمىخانىنى بىر ئاپتۇ. قۇلاقنى يارغۇدەك بۇ ئەبجەش ئاۋازدىن ھېچكىم ھېچ نەرسە ئاڭلىيالماپتۇ. شۇ ئەسنادا پادىشاھ ۋە ئوردا ئە-مەلدارلىرى دەرغەزەپ بولۇشۇپ، ۋەزىرئەزەمگە ئالىيىشىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان ۋەزىرئەزەم ئىشارەت بىلەن سازچىلار ۋە ناخشىچىلارنى توختىتىپتۇ. پادىشاھ:

— نېمىدېگەن قالايمىقانچىلىق بۇ، بۇنى قانداقمۇ ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش دېگىلى بولسۇن؟! كىمنىڭ نېمىگە چالغانلىقىنى، نېمىگە ئېيتىۋاتقانلىقىنى قانداق بىلگىلى بول-سۇن؟! — دەپ كايىپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن ۋەزىر ئويلىنىپ، سازچى، ناخشىچىلارنى يەككىمۇيەككە ئورۇنداشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلار پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ساز چېلىشقا، ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ. سازچىلار قارا

تەرگە چۈمۈلۈپ، ناخشىچىلارنىڭ گاللىرى يۇتۇپ كېتىپتۇ.
پادىشاھ بىر ئازمۇ خۇشال بولماپتۇ، ئەكسىچە چىرايى بارغانچە تۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەلپازىغا قاراپ كۆڭلى غەشلىك ئىچىدە بەزمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. سازچى، ناخشىچىلار پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن رەھمەت دېگەن بىرەر ئېغىز گەپمۇ ئاڭلىيالماي قايتىشىپتۇ. كېيىن پادىشاھ ۋەزىرنى چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى بەزمىدىن ئازراقمۇ ھۇزۇر ئالالمىغانلىقىنى، ئېيتىلغان ناخشا، چېلىنغان سازلارنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلانغانلىقىنى، ئەمدى باشقا سازچى ۋە ناخشىچىلارنى ئىزدەپ تېپىپ كۆڭلىنى ئېچىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىر: «باش ئۈستىگە» دەپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەم - قايغۇغا پاتقان ھالدا نەچچە لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ سازچى ۋە ناخشىچىلارنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يەنە شەھەرگە چىقىپتۇ. ئۇيان ئايلىنىپتۇ، بۇيان ئايلىنىپتۇ، بىرەر سازەندە، ناخشىچى ئۇچرىتالماي بېشى قېتىپتۇ. شۇنداق تۇرغاندا، يىراقتىن بىر غەيرىي تىۋىش ئاڭلىنىپ بارغانچە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ۋەزىر تاقەت قىلالماي، ئاۋاز چىقىۋاتقان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر دېھقان ياغسىراپ كەتكەن يارىيار ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېلىۋاتقۇدەك. ۋەزىر دەرغەزەپ بولۇپ لەشكەرلەرگە بۇ دېھقاننى ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. بىگۇناھ دېھقان بەدەر قېچىپتۇ. ۋەزىر دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كىشىلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرىغىچە زەن قويۇپ كېتىۋاتسا، بىر ئۆيدىن «دۇككا - دۇڭ، دۇككا - دۇڭ، دۇز - دۇز» قىلغان بىر خىل رىتىمدىكى ئاۋاز چىقىۋاتقان. ۋەزىر دەرھال لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرگۈدەك بولسا، ناماتمان دېگەن تاز دۇكان قۇرۇپ يۇڭ تىت-

تىۋاتقانىكەن. ۋەزىر ناماتمان تازنىڭ قولىدىكى «ساز»نى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يۈركى يايراپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنى ئۇدۇل ئوردىغا باشلاپ بېرىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھ، پۈتۈن شەھەردىكى سازەندە، ناخشىچىلار مېنى خۇشال قىلالمىغان يەردە بۇنىڭ مېنى خۇشال قىلالىشى ناتايىن، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئاڭلاپ باقاي، دەپ ئويلاپ:

— ھەي تاز، بۇ قانداق ساز؟ — دەپ سوراپتۇ. ناماتمان تاز قىلچە تەپ تارتماي:

— ساتارنىڭ دادىسى، دۇتارنىڭ بوۋىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇنداقتا چېلىپ باقمامسەن، — دەپتۇ.

ناماتمان تاز دۈكىنىنى قۇرۇپ، چىرايلىق ياسىۋالغان ياغاچ موستەك بىلەن زەيگە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان بۇ «ساز»نىڭ مۇڭىدىن يۈركى ئېرىپ، كۆزى يۇمۇلۇپ، سازنىڭ رىتىمىغا تەڭكەش بولۇپ، بېشى ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان لىڭشىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر پادىشاھقا قاتتىق يارىدى، دەپ خۇش بولۇپ ئولتۇرالماي قاپتۇ. ناماتمان تاز بۇ قىسمەتلەردىن ئەقلى ھەيران بولۇپ، زور ئىشتىياق بىلەن «ساز»نى توختاتماي چېلىۋېرىپتۇ. ئالاھازەل نەچچە سائەتتىن كېيىن پادىشاھ توختاش ئىشارىتىنى قىپتۇ ۋە مەمنۇنىيەت بىلەن ناماتمان تازنىڭ چالغانلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ. ناماتمان ھەممە ئىشنى ئىچىدە بىلىپ، كۈلكىسىنى ئىچىدە كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ئاخىردا پادىشاھ ناماتمان تازغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىپتۇ ھەمدە ھەپتىدە بىر كۈن كېلىپ ساز چېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ناماتمان توساتتىن كەلگەن بۇ ئامەتتىن خۇش بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

# مازاقخور مازاقتا ئۆلەر

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ زىبا-لىقتا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان تۆت قىزى بار ئىكەن. قىزلار رەسىدە بولۇپ بويىغا يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سودى-گەر ھېچقايسىسىنى ياتلىق قىلماپتۇ. «قىزلىق ئۆي - خان كۆۋرۈكى» دېگەندەك، يېقىن - يىراقلاردىن ئەلچىلەر كەپتۇ، لېكىن ئۇلار ھەسرەت بىلەن قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. چۈنكى، قىزلارنىڭ كەنجىسى تولىمۇ مازاقخور بولۇپ، كەلگەن يىگىت-لەرنى ياراتماي مازاق قىلىدىكەن.

قىزلارنىڭ يۇرتىغا يىراق بولغان يايلاقتا بىر چارۋىچى ياشايدىكەن، ئۇنىڭ راسا قۇرامىغا يەتكەن ئۈچ ئوغلى بار ئى-كەن. ئوغۇللارنىڭ چوڭى پەم - پاراسەتلىك يىگىت بولۇپ، ئىسمى مۇرادىل ئىكەن. ئۇ مال بېقىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىزلارنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ قاپتۇ - دە، ئىككى ئى-نىسىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈنلۈك يولنى توپتوغرا بىر يېرىم كۈندە بېسىپ چۈش بولاي دېگەندە، مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ سودىگەرنىڭ قورۇسىغا قەدەم بېسىپتۇ.

ئۆيدە سودىگەر يوق ئىكەن. قىزلار ئۇلارنى قىزغىن قار-شى ئېلىپ ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئالدىغا داستىخان سېپتۇ.

داستىخانغا بىر پەتنۇس بۇغداي قومىچى قويۇپ يىگىتلەرنى قوماچ يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئۆزلىرىمۇ داستىخانغا كېلىپ ناز بىلەن ئولتۇرۇشۇپتۇ. قىزلار ياقىسىدىن بىردىن يىڭنە چىقىرىپ، بۇغداي قومىچىنى يىڭنە بىلەن سانجىپ ئېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. يىگىتلەر دەسلەپتە بۇ ئىشتىن ھەيران قاپتۇ. كېيىن قىزلارنىڭ چىرايلىق تەكلىپلىرى بىلەن قوماچنى ئوچۇملاپ - ئوچۇملاپ ئېلىپ يەپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە پەتنۇسنى بىكارلاپ قويۇپتۇ. بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، مۇرادىل ئورنىدىن قول باغلاپ تۇرغىنىچە ئۆزلىرىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىپتۇ.

قىزلارنىڭ چوڭى ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمدىلا: «ئوبدان، ئوبدان» دەپ، گەپ باشلاپ بولغۇچە ھېلىقى مازاقخور كەنجى قىز مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ۋاي بولدىيەي، سىلەر بەكمۇ ئاچ كۆز، تويمىغۇر ئىكەنسىلەر. بىز سىلەرنىڭ خىلىڭلار ئەمەس. ئۆز خىلىڭلارنى سەھرادىكى دوتەيىنىڭ پوتىيىدىن ئىپپۇۋېلىڭلار، — دەپ گەپنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. ئاچىدىلىرى بولسا لىۋىنى چىشلەپ يەرگە قاراشقا مەجبۇر بوپتۇ. چوڭ ئۈمىدتە كەلگەن يىگىتلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كەل-



گىنىگە پۇشايمان قىپتۇ، بولۇپمۇ مۇرادىل ئىنىلىرىنىڭ ئال-دىدا بەك خىجىل بوپتۇ. ئۇ ئۇن - تىنسىز چىقىپ كېتىۋې-تىپ ئاشخانىدىكى قازاندا بىر تورپاقنىڭ كاللا - پاقالچىقى پورۇقلاپ قايناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، دەرھال كاللى-سىغا بىر ئەقىل كەپتۇ. ئۇ ئىنىلىرىنى ئۆينىڭ ئارقىسىغا باشلاپ كېلىپ:

— ئىنىلىرىم، بىزنى مازاق قىلغان شۇ مازاقخور قىزنى بىزمۇ راسا كېلىشتۈرۈپ بىر مازاق قىلىپ قويايلى، — دەپ-تۇ ۋە ئىنىلىرىنى ئاستاغىنا ئاشخانىنىڭ ئۆگزىسىگە باشلاپ چىقىپتۇ. ئۇلار تۈڭلۈكتىن ئاشخانىغا قاراپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. بىر پەستىن كېيىن قىزلار ئاشخانىغا يۇگۇرۇشۇپ كىرىپ تولىمۇ ئالدىراشلىق بىلەن قازاندىن كاللا - پاقالچەكلەرنى ئېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. قىزلارنىڭ كەنجىسى تورپاقنىڭ بىر قۇلىقىنى ئاپتۇ - دە، پۇۋلەشكىمۇ ئۇلگۇرمەي قىزىق پېتى ئاغزىغا ساپتۇ. دەل شۇ پەيتتە تۈڭلۈكتىن ئۆي ئىچىگە قاراپ تۇرغان مۇرادىل:

— بەللى، ئاش - تاماققا كۆز - قارنى توق پاشاقىز، قوماچ پاتمىغان ئېغىزلىرىغا تورپاق قۇلىقى بوش كەلدىغۇ دەيمەن، — دېگىنىچە ئىنىلىرى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ. بۇ تاسادىپىي مەسخىرىدىن بەك ئوسال بولغان مازاقخور قىز ئاغزىدىكى تورپاق قۇلىقىنى يا چىقىرىۋېتەلمەي، يا يۇتۇۋېتەل-مەي نەپەسسىز قاپتۇ - دە، شۇ يەردە يىقىلىپ جان بېرىپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە مۇرادىل ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى سودى-گەرنىڭ قالغان ئۈچ قىزىغا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بوپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. «مازاق-خور مازاقتا ئۆلەر» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن ئەل ئىچىگە تارقالغانىكەن.

# گول قىز

بۇرۇن بۇرۇنىسىدا بىر يېزىدا بىر تۇل ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ بويىغا يەتكەن بىر قىزى بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوق ئىكەن. بۇلارنىڭ پەقەت بىر سېغىن كالىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ سۈت - قېتىقلىرىنى سېتىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بۇ ئايال ھېيت - ئايەم كۈنلىرى غېرىبسىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئازغىنا تاپقان پۇلىغا ھېيتلىق ياغ، گۈرۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويۇپتۇ. قىزى بولسا، تولىمۇ گول ۋە دۆت ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنمەي بىر كۈنى ئاپىسىدىن:

— ئاپا، بىز بەزىدە توق، بەزىدە ئاچ ياشايدىكەنمىز، يىغىپ قويغان گۈرۈچ ۋە ياغلارنى يېمەيمىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاپىسى جاۋاب بېرىپ:

— قىزىم، بىزنىڭ باراتمىتىكام، روزىمىتىكام، ھېيتمىتىكام دەيدىغان تۇغقانلىرىمىز بار، ئاشۇلار كەلگەندە يەيمىز، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىز سىرتلارغا ئوينىغىلى چىققاندا كۆرگەن - بىلگەنلىرىگە:

— مېنىڭ ئاپام بىرمۇنچە گۈرۈچ ۋە ياغ يىغىپ قويدى. «قاچان يەيمىز؟» دېسەم، بىزنىڭ باراتمىتىكام، روزىمىتىكام،

ھېيتمىتىكام دەيدىغان تۇغقانلىرىمىز بار، ئاشۇلار كەلگەندە يەيمىز دەيدۇ، — دەپ ماختىنىپ يۈرۈپتۇ.

بۇ گەپ قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ يىراق بىر يېزىدىكى «ئادىمىي شەيتان» دەپ ئاتالغان موللا يۈسۈپنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. موللا يۈسۈپ تاپسا يەپ، تاپالمىسا ئاچ قورساق يۈرىدىغان، ئەپ تاپسا كىشىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ جان باقىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ پەيت كۈتۈپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى ئايال قىزىنى ئۆي باققىلى قويۇپ بازارغا كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان موللا يۈسۈپ يەنە ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ بۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قىزدىن:

— ئانىڭىز نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بازارغا كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ موللا يۈسۈپ، — بىز سىزنىڭ تاغىلىرىڭىز بولىمىز، ئاۋۇ كىشى باراتمىتىكام، ئاپىڭىزنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. ماۋۇ كىشى ھېيتمىتىكام، ئۇ ئاپىڭىزنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئاكىسى بولىدۇ. روزىمىتىكام دېگەن مەن، ئاپىڭىزنىڭ كىچىك ئاكىسى بولىمەن. بۈگۈن سىلەرنى يوقلاپ كەلگەندۇق، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىز ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئاپىسى يىغىپ قويغان ھېيت تەييارلىقى بىلەن كەچكىچە ئۇلارنى مېھمان قىلىپ ھەممىنى تۈگىتىپتۇ. كەچقۇرۇن ئاپىسى بازاردىن قايتىپ كېلىپتۇ. قىز ئاپىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— ۋاي ئاپا، سەن ماڭا دېگەن باراتمىتىكام، روزىمىتىكام، ھېيتمىتىكام دېگەن تۇغقانلىرىڭ كەلگەنىكەن، ناھايىتى ئوبدان مېھمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويدۇم، — دەپتۇ.

ئاپىسى، بۇ نېمە دەيدىغاندۇ دەپ، ئۆيگە كىرىپ قارىسا،

يېمەي - ئىچمەي يىغىپ قويغان گۈرۈچ بىلەن ماي، قاي-
ماقلارنىڭ ھەممىسى يوق تۇرغۇدەك. ئايال قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— ھەي ئەخمەق، ئادەم شۇنداقمۇ دۆت بولامدۇ؟! بارات-
مىتىكام دېگەن بارات ئېيى، روزىمىتىكام دېگەن روزا ئېيى،
ھېيتمىتىكام دېگەن ھېيت ئەمەسمۇ! ئەمدى بىز نېمە يەي-
مىز! — دەپ، قىزىنى راسا دۇمبالاپتۇ.



# بىلىمەن

بۇرۇنقى زاماندا بىر ـ بىرىدىن «بىلەرمەن» ئەر ـ خو-تۇن بولغانىكەن. خوتۇنى ئېرىگە بىر مەسلىھەت سالسا، ئېرى گەپنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەيلا «بىلىمەن» دەيدىكەن. خوتۇ-نىمۇ ئېرىنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا «بىلىمەن» دەپ تۇرى-دىكەن. بۇلار بىلەرمەنلىكنى ئۆيدىلا ئەمەس، يۇرت ئىچىدىمۇ قىلىشقا باشلاپتۇ. باشقىلار بىر نەرسە دېسىلا، «بىلىمەن» دەپ يۈرىدىكەن. كىشىلەر بۇلاردىن زېرىكىپ، قانداقمۇ قۇتۇلارمىز، دەپ پاراڭلىشىۋاتسا، ھېلىقى «بىلىمەن» كېلىپ قېلىپ:

— بىلىمەن، سىلەر بىكارلا قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇ-رىسىلەر، — دەپ گەپنىڭ بېلىگە تېپىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بىلگەن يولغا كېتىدىكەن.

بىر كۈنى «بىلەرمەن» بازارغا بېرىپتۇ، ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ مال كۆرۈپتۇ. بىر بوۋاي، ئۆز لايىقىدا خېرىدار چىق-سا ساتارمەن دەپ، بىر چاپاننى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. بۇ چاپان بوۋايغا تۆتىنچى بوۋىسىدىن قالغانىكەن. بۇ چاپاننىڭ خىسلى-تى «ئۇچ چاپىنىم» دېسە ئۇچىدىكەن، «چۈش شەيتىنىم» دېسە چۈشىدىكەن. «بىلەرمەن» باي بوۋاينى كۆرۈپ، قىچقىرىپ سوراپتۇ:

— بۇ چاپاننى ساتامسەن؟

— ساتىمەن، تەقسىر.

— ساتىدىغىنىڭنى بىلىمەن، — دەپتۇ قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ، كۆڭلىگە ياققاندىن كېيىن، — باھاسى قانچە؟

— بىكارغا بېرىشنىڭ ئورنى يوق، تەقسىر، ئون تەڭگە بەرسىلە.

— پاھ، پاھ، سېنىڭ باھا قويىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن. بازار دېگەندە ئوشۇق گەپ بولىدۇ. تۆت تەڭگە بېرەي.

بوۋاي توققۇز تەڭگىگە چۈشۈپتۇ. «بىلەرمەن» باي بەش تەڭگىگە چىقىپتۇ. ئەتراپتىكىلەر يەتتە تەڭگىگە سالا قىلىپ قويۇپتۇ.

— سىلەرنىڭ يەتتە تەڭگە قىلىپ قويىدىغىنىڭلارنى بىلىمەن. ئۇنىڭدا قىممەت بولۇپ كېتىدۇ. ماقۇل، بەش يېرىم تەڭگە، بولامدۇ؟

«بىلەرمەن» باي تۆمۈردەك قاتتىقلىق قىلىپ، ئالتە تەڭگىگە ئاپتۇ. پۇلنى ساناپ بېرىۋېتىپ، بوۋايغا:

— سېنىڭ ئالتە تەڭگىنى كۆزلەپ تۇرغىنىڭنىمۇ بىلىمەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— تەقسىر، بۇ چاپاننىڭ بىر خىسلىتى بار... — دېيىشىگە، گەپنى كېسىپ:

— بىلىمەن، چاپان دېگەننىڭ نېمە خىسلىتى بولاتتى، — دەپتۇ. بوۋاي يەنە:

— ياق، گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، بۇ چاپاننى كىيىپ، «ئۈچ چاپىنىم» دېسىلە ئۈچىدۇ. چۈشىدىغان چاغدا... — بوۋاي سۆزىنى تۈگەتكۈچە، «بىلەرمەن» باي يەنە گەپنى تارتىۋېلىپ:

— بىلىمەن، ھەي، بىلىمەن! ئالتە تەڭگىلىك چاپان ئەلۋەتتە ئۈچىدۇ - دە، — دەپ گەپنى ئاخىرىنى تىڭشىمايلا، چاپاننى قولتۇقلاپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ:

— ھەي خوتۇن، ھاي باللىنىڭ ئانىسى، مەن بىر چاپان ئېلىپ كەلدىم...

— ھە، نېمە دەيلا؟ بازارغا بارغاندىن كېيىن چاپان ئې-لىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن، — دەپتۇ خوتۇنى.

— توختا، بىز بۇ چاپاننى كىيىپ، ئاسمانغا چىقىپ، دۇنيانى كۆرىمىز.

— ۋيەي، تازىمۇ ئوبدان چاپانكەنغۇ! مۇنداق چاپاننىڭ ئۇچىدىغانلىقىنى بىلىمەن. قېنى، كىيىپ باقسىلا.

«بىلەرمەن» باي چاپاننى كىيىپ، «ئۇچ چاپىنىم» دەپتى-





كەن، چاپان تەۋرىنىپ، ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. خوتۇنى تۆۋەندە تۇرۇپ:

— ۋاي دادىسى، چۈشۈشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا! — دەپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، سەن دېمىسەڭمۇ بىلىمەن، — دەپ، ئۆرلەپ كېتىپتۇ. دەرەخ بويى ئۆرلىگەندە بېشى قېيىپ، چۈشۈپ كەتمەكچى بوپتۇ، «چۈش چاپىنىم» دېسە، چۈشمەپتۇ. ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ زادى چۈشۈرەلمەپتۇ. ئاخىر بولمىغاندىن كېيىن تۆۋەنگە قاراپ:

— ۋاي خوتۇن، مېنى تۇتۇۋال، مېنى تۇتۇۋال! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بىلىمەن، سېنى مەن تۇتۇۋالمىسام چۈشەلمەيسەن» دەپ، ئېرىگە قاراپ، دۆڭمۇ دۆڭ، تاغمۇ تاغ يۈگۈرۈپتۇ. ئېرى بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىپتۇ. خوتۇنى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ تاغقا چىقىۋاتقاندا، پۇتى سىيرىلىپ كېتىپ دومىلاپ كېتىپتۇ، تاشتىن تاشقا سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ. ئېرى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ يوقاپتۇ، خوتۇنىنىمۇ كۆرەلمەپتۇ. «ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگەن» دېگەن تەمسىل مانا شۇنىڭدىن قالغانمىش.

# ئەينەك

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بۇ ئىقلىمنىڭ تولىسىدىلا ئىشلار ناھايىتى ئاددىي ئىكەن، كىشىلەر ناھايىتى ساددا ئىكەن.

شۇ زامانلاردا بىر ئەر ـ خوتۇن بولۇپ، ئەرنىڭ ئېتى ئۇستىقۇل، خوتۇننىڭ ئېتى ئايخان ئىكەن. ئېرى ھۈنەرگە تىرىشچان، خوتۇنى ئۆيدە ئىشچان، شۇنداق بىللە ياشايدىكەن. ئەمما، بۇلارنىڭ ئوقىتى زادى ئىلگىرى باسماپتۇ، قانچە قىلىپ باقسىمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇستىقۇل:

— خوتۇن، مەن ئەمدى بۇ كىچىككىنە ئاسمىنى ئەگلەكتەك شەھەردە ئولتۇرۇۋەرمەي، چوڭراق بىر شەھەرلەرنى ئايلىنىپ كەلسەم قانداق بولار؟ ئەگەر سەن رازى بولساڭ، ئاتا ـ ئانىڭدىنمۇ بىر رازىلىق ئېلىپ بەرگىن، بىچارە ساددا ئادەملەر ئىشنى ئۇقۇپ، ئۆزلىرى يولغا سالغىنى ياخشى، — دەپتۇ.

شۇ چاغقىچە ئېرىدىن ئايرىلىپ باقمىغان، ئۆي ئىشىدىن باشقىغا قايرىلىپ باقمىغان بىچارە ساددا خوتۇن ئۇنۇماپتۇ:

— قويسىلا، كۆڭلۈم ئەنسىرەيدۇ... — دەپ يىغلاپتۇ.

ئۇستىقۇل:

— سەپەر قىلماق بوۋايلاردىن قالغان. «يالجىمىساڭ يەر يۆتكەل» دەپتىكەن، يۆتكىلىپ كۆرەي، ئىككىمىزنىڭ بەختى،

بىر ئايلىنىپ كېلەي، — دەپتۇ ئۇستىقۇل. خوتۇنى ئاخىرى كۆنۈپتۇ، «بىزنى دېسىلە چاپسان كەلسىلە جۇمۇ !...» دەپ كۇلۇپتۇ. قېيناتىلارمۇ ئاڭلاپ، ئاخىرىدا رازى بوپتۇ، «بارسا كەلمەس يولدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن خۇدايىم !» دەپ دۇئا قىلىپ، يولغا ساپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇستىقۇل جاھاننىڭ نېرىسىغا، ئالتە شەھەرنىڭ بىرسىگە، بولغاندىمۇ يوغىنىغا، ھەممىگە داڭلىق بولغىنىغا رەببىم دەپ راۋان بوپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ھەپتىلەر كەپتۇ. ھەپتىلەر ئۆتۈپ، ئاي كەپتۇ. ئۇستىقۇلنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ساي كەپتۇ. ئۇ ساي كەلسە، سۇينى پاچاق تۇرۇپ كېچىپتۇ، چۆل كەلسە، يانتاقنىڭ سۇيىنى سىقىپ ئىچىپتۇ، دەريا كەلسە ئۈزۈپتۇ، خورجۇنغا بېلىقنى سۇزۇپتۇ، ئىشقىلىپ، مىدىرلاپ، جاننى ئەپلەپ بېقىپتۇ، جاڭگاللاردىن يول تېپىپ، لەڭگەلەردىن پۇل تېپىپ، مەنزىلگە ئاران يېتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ، ھوشىغا كېلىپ قارىسا، راست دېگەندەك چوڭ شەھەر... ۋاراڭ - چۇرۇڭ، مىڭ غوۋغا كېچە - كۈندۈز، شامۇ سەھەر. ئۇستىقۇل شەھەرنىڭ ئەلمى - تەلمىلىرىنى بىلىپ، ئاستا ئوقەتكە كىرىشىپتۇ، ئۆز شەھىرىدە يوق ھۈنەرلەرنى بىلمۈۋېلىشقا تىرىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئايلار ئۆتۈپ، يىل كەپتۇ، يازلار ئۆتۈپ، قىش كەپتۇ، ئەمدى ئۇستىقۇلنىڭ قولىدىنمۇ يېڭى - يېڭى ئىش كەپتۇ، كۆزلىرىمۇ ئېچىلىپتۇ، ئەمما پىكرى چېچىلىپتۇ. قارىسا چوڭ شەھەر دېگەن باي كېلىدىكەن، بارغا سۈزۈك سۇ، يوققا لاي كېلىدىكەن. بازىرىمۇ چوڭ ئىكەن، يەتتە ئىقلىمدىن تۇرلۇك تۈگىمەس مال كېلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇرلۇك تويماس گال كېلىدىكەن. ئۇ چوڭ شەھەرنى شەھەر قىلغان كىچىك شەھەر ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرى بىزنىڭ شەھەر ئىكەن، ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ؟ ئاي خېنىمدەك يار بارمۇ دەپ، ئۆز شەھى-

ـرىگە كېتىش كويىغا چۈشۈپتۇ، كەتمەي بولماپتۇ، كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، شۇنداق بولسىمۇ بىر خالتا سايمان قىلىپ، خوتۇنىغا ئېلىپ ئەينەك سوۋغا، ئاستىغا ئېلىپ بىر يورغا، بىر كۈنى يولىغا راۋان بوپتۇ. مىڭ مۇشەققەت ـ جاپا يولمۇ ئاخىرى تامام بوپتۇ. ئۇستىقۇل تازا ھېرىپ ـ ئاچقاندا، ئۆۋ- يىگە يېقىن قالغاندا، كەچ كىرىپ زاۋال بوپتۇ، بىر لەڭگەرگە كېلىپ سايمان خالتىسىنى لەڭگەرچىگە بىر كۈنلۈك ئامانەت قويۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئەتىسى ئامانەتنى ئۇنتۇپ، سوۋغىتىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇستىقۇل تاڭ بىلەن تەڭ ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ، كەلسە، ئايخان ئامان، چىرايلىرى سامان. ئىككىسى كۆرۈشۈپتۇ، خۇشال بولۇپ كۈلۈشۈپتۇ. ئۇستىقۇل دەررۇ خۇرجۇننى ئېچىپ:

— خوتۇن، ساڭا ئاجايىپ بىر سوۋغات ئەكەلدىم. قارد- ساڭ ۋال ـ ۋۇل بىر نېمە، ئۆزى بۇ يۇرتتا يوق نېمە، ئېتى بۇنىڭ «ئەينەك»، ساڭا ئوخشاش ئايدەك... — دەپ، يەڭلىكتەك ئوراقلىق بىر نەرسىنى خوتۇنىغا بېرىپتۇ، بې- رىپلا ھويلىغا يۈگۈ- رۈپتۇ: «خوتۇن، يولدا بىر نەرسەم ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، ئەكېلىۋالمىسام بولمايدۇ، قېيناتىلىد- رىمغا سالام دە...» دەپ، چىققان بويى ئات- قا مىنىپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ.



ئايخان يېرىم خۇ-

شال ئۆيگە كىرىپ، سوۋغاتنى ئېچىپ قارىسا، راست يوغان بىر سۆزۈك تاش، ئىچىگە قارىسا تۇرغۇدەك بىر قەلەمقاش... ئايخان ئېسىنى بىلمەي، ۋال - ۋۇل تاشنى تۆرگە يۆلەپ قويۇپ، كۆزىنى راسا بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىسا، ھېلىقى چوكان يەنە تۇرغۇدەك. شۇ يەردىن ئايخان: «ۋاي ئۆلەي، نېمىكىن دەپتىمەن، ئايدەك... سوۋغات دەپ ئۇستۇمگە خوتۇن ئېلىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ؟ ! ئىسىت ئەقىدەم !» دەپ، يىغلىغان بويى دادلاپ، تام قوشنا ئانىسىنىڭكىگە يۈگۈرۈپتۇ...

ئانا ھەيران بولۇپ:

— تۈزۈك سۆزلە، قىزىم، توۋا دېگىن... — دەپ ئىشەنمەپتۇ. ئاخىرى قىزىنىڭ داد — پەريادىغا چىدىماي، كۈيئوغلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قارىسا، تۆردە بىر نېمە پارقىرىغۇدەك. يېقىن بېرىپ قارىسا، بىر قېرى خوتۇن تۇرغۇدەك. چاندۇرماي «ئەسسالام، تىنچ - ئامان كەللە، ئولتۇرسىلا، ئولتۇرسىلا» دەپ، يۈكۈنۈپ قىرىغا مىدىرلاپ قويۇپ، مىڭ قىلسىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئۆيدىن غىپپىدىلا يوقىلىپتۇ. تالاغا چىقىپلا پېشانىسىگە مۇشتلاپ: «ۋاي ئۆلەي، راست ئىكەن ئەمەسمۇ، قانداق قىلارمىز، نېمىدېگەن سەتچىلىك...سوۋغىتى قۇرۇسۇن !...» دەپ، يىغلاپ ھويلىسىغا يۈگۈرۈپتۇ، چىقىپ قىزىغا قوشۇلۇپ، ھويلا - ئارامنى بېشىغا ئاپتۇ. ئاڭغىچە قېيناتا ناماز بامداتتىن يېنىپ، ئەسنەپ مېڭىپ، ھويلىسىغا كىرىپتۇ، كىرسە خۇددى ھازىنىڭ ئاۋازى. ئانا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ۋاي قارىماملا، ئاتىسى، قوزىدەك كۈيئوغلىمىز: «ھۆنەر تېپىپ كېلىمەن» دەپ، بۇزۇلۇپ كەپتۇ، بۇزۇلۇپ — ... دەپ، ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋېتىپتۇ. ئاتا:

— ۋاي، قانداق بۇزۇلۇپتۇ؟ ئېچىپ ئېيتساڭچۇ. خۇدا نېمە بالا ئەۋەتكەندۇ بۇ يۇرتقا ! — دەپ پېشىنى قىستۇرۇپ

پىرقىراپتۇ. ئانا:

— بىرى كەلسىلە، قۇلاقلىرىغا ئېيتىاي، جۇۋاينىمەك كۈيئوغلىمىز ئايدەك قىزىمنىڭ ئۈستىگە مەندەك بىر قېرى خوتۇننى ئېلىپ كەپتۇ. ياقا يۇرتقا بارمىسۇن دېسەم ئۇنىمىدى، مانا شەرمەندىچىلىك، تويسىلا ! قىزىم ئەمدى ئۇ قېرىدىنىڭ قولىدا نېمە كۈنلەرنى كۆرەر ! ئاللا خۇدايىم، ئاللا ! — دەپ، ئاھ ئۇرۇپ توۋلاپتۇ. ئاتا ئەمدى كايىپتۇ:

— توۋلىما ئانىسى، توۋا دە، قېنى، ئۇ خوتۇن قەيەردە؟ مەن بىر كۆرەي، يۇر ! — دەپتۇ. ئانا زادى ئۇنىماپتۇ:

— مېنى ئۇ يەرگە سۆرىمەي، كۆرۈپ چىقسىلا ئۆزلىرى. كۆزۈم كۆرمىسۇن ئۇ دەللە، باشقا بالا قېرىنى ! — دەپ يەنە يىغلاپتۇ.

ئاتا شۇ يەردىن ئاستا كۈيئوغلىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، تۆرگە شۇنداق قارىسا، بىر سۇزۇك تاش پارقىراپ تۇرغۇدەك، ئېگىشىپ قارىسا، بىر ئاقساقال ئادەم...

— ئەسسالامۇئەيكۇم قۇدا، بۇيان كەپلا، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر، ۋاي ئولتۇرسىلا ! — دەپتۇ. «مېھمان» شۇنداق ئولتۇرۇشىدىغا، ئاتا قايرىلغان بويى لىپلا قىلىپ ئۆزىنى تالاغا ئاپتۇ. تالاغا چىقىپ ساقىلىنى تۇتاملىغان پېتى ئۆيىگە يۇگۇرۇپتۇ...

— ۋاي ئانىسى، راست ئىكەن. سەن دېگەن خوتۇن ئۆزدىنى چەتكە ئالدى ئەتىمالىم، مەن كىرسەم ئۇ خوتۇننىڭ دادىسى ئولتۇرۇپتۇ، — دەپتۇ. ئانا:

— ۋاي تېخى ئۇ قېرىنىڭ دادىسىمۇ بىللە كەپتىمۇ، مانا كەلگۈلۈك ! تويۇڭ... — دەپ، چۇقاننى باشقىدىن كۆتۈرۈپتۇ...

ئاخىر بۇ ئىككى قېرى نېرى - بېرى ئويلاپ، ئاخۇنۇمغا خەۋەر قىپتۇ. ئاخۇنۇم كەپتۇ، كېلىپ «تەقدىر» دەپتۇ. دەۋاگەرلەر ئۇنىماي سۆزلەپتۇ:

— سادىغىلىرى بولايلى، ئاخۇنۇم، دەردىمىزگە يەتسىلە ! يالغان بولسا، ئۆزلىرى كىرىپ كۆرۈپ كەتسىلە. خىزمەتلىرىنى ئۆتەيلى، چارىلىرىنى كۆتەيلى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئاخۇنۇم: «مەنمۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە» دەپ، ئۇستىقۇلىنىڭ ئۆيىگە يول ساپتۇ، كىرىپ تۆرگە كۆز ساپتۇ، قارىسا يوغان سىلىق تاش، ۋال - ۋۇل قىلغۇدەك، يېقىن كەلسە ئۆزىدەك بىر ئاخۇنۇن تۇرغۇدەك...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تەقسىر ! — دەپ، شۇنداق قول ئۇزاتسا، تىماق تېگىپ تاشقا، ئوت تۇتىشىپتۇ باشقا. ئاخۇنۇم يامان قورقۇپتۇ، ئايتەلكۇرسىنى ئوقۇپتۇ، تالاغا قاراپ ھاسىسىنى ئاران - ئاران چوقۇپتۇ.

ئاخۇنۇم تالاغا چىقىشىغا، دەۋاگەرلەر كېلىپ قېشىغا:

— كۆردىلىمۇ، تەقسىر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاخۇنۇم دۇدۇقلاپ:

— كۆردۇم، ئەمما، لېكىن...ئۇ خوتۇن بىلەن «قۇدا» يوق. تۆرگە قارىسام بىر ئاخۇنۇم مۇزدەك پارقىراپ تۇرىدۇ، ئەتىمالىم ئۇ ئۆزى سىلى دېگەن خوتۇنىنىڭ يۇرتىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. كۆرۈشەيلى دېسەم قوللىرى تاش، ئەزايى باشقا... تىترەپ قالدى تېنىم... ئۆزى ساقلىغاي پىرىم، — دەپتۇ.

قېپىنانا تېخىمۇ غەم - قايغۇغا چۆكۈپتۇ.

— دۇنيايىمىز كەتسىمۇ، بېشىمىزنى سىلى ئوڭشاپ قويسىلا، ئاخۇنۇم، — دەپتۇ. ئاخۇنۇم دۇنيانى ئاڭلاپ:

— ئۇنداق بولسا، شۇ كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە يۇرتقا بىر چاي قويسىلا، ۋاللاھۇئەلەم، شۇ ۋاقىتتا ئاندىن بىر گەپ بولۇپ قالار، — دەپ، ئۆيىگە كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دەردى - بالا تېخىمۇ يوغىناپ چوڭ بوپتۇ، بىردەمدىلا بۇ ۋەقە يۇرت ئىچىگە پۇر بوپتۇ.

پېشىنغا قالماي ئۇستىقۇل كەلسە، خوتۇنى يوق ئۆيدە، خۇرجۇنلىرى تاشلاقلىق، ئەينەك تۇرغۇدەك تۇردە. ھەيران بولۇپ ئۇستىقۇل قېيناتىسىنىڭكىگە چىقىپتۇ، چىقسا ۋاڭ - چۇڭ، تا - پا - تەنە، ھەممە ئۇنىڭدىن قېچىپتۇ... ئۇستىقۇلنىڭ بېشى قېتىپتۇ، كېيىن ئويلىسا، ھەممە گەپ — سىر «تاشتا»، ئۇ - قۇشماسلىق تۇغۇلۇپتۇ، چۇشەندۇرمىگەچكە باشتا. شۇ يەردىن ئۇستىقۇل ئولتۇرۇپ، بىر خاپا بولۇپ، بىر كۇلۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەپتۇ. قېيناتىسىغا ھۆزۈر قويۇپ، ئايخاننى ئۆيگە يۇر دەپتۇ. ئايخان يىغلاپ، ئېسەدەپ «ئۆيدە ئۇ تۇرسۇن، يا مەن...» دەپ چىقىشقا زادى كۆنمەپتۇ. قانچە قىلسىمۇ، بەۋا كەل - مەپتۇ سۆز - تەزىم، ئۇستىقۇل ئەمدى قانداق قىلىش لازىم؟

ئۇستىقۇل ئاخىر ئۆيگە قايتىپ، ئەينەكنى ئېلىپ چىد - قىپتۇ، قېينانا، قېيناتا، ئايخان دەرقەمتە تۇرغاندا ئاستا ئې - لىپ قويىندىن ئۇلارنىڭ يۇزىگە تۇتۇپتۇ. ئىككى قېرى ھەيران بولۇپ، ئەينەككە داجىپ قاراپتۇ. ئايخان قارىسا ئەينەككە، ئاتا - ئانىسى تۇرغۇدەك. ئاتا قارىسا ئەينەككە، ئانا بىلەن قىز تۇر - غۇدەك. ئانىسى قارىسا ئەينەككە، دادا بىلەن قىز تۇرغۇدەك. بۇ ئۇچەيلەن كۇلۇشۇپ، كۇيئوغلىغا قاراپتۇ، ئۇقۇشماسلىق كۆڭۇلدىن شۇندىن باشلاپ تاراپتۇ. ئاندىن كېيىن كۇيئوغۇل ئەينەكنى تۇتقۇزۇپ ئانىغا، ئۆتۇپتۇ قاتارغا. شۇ چاغ بۇلار قارد - سا، كۇيئوغۇل ئەينەكتە تۇرغۇدەك. ئاتا سۆزىنى باشلاپتۇ:

— خاپا بولمىساق بولغۇدەك...

ئاخىر ھەممىسى ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ كۆرۇشۇپتۇ، «خۇدايا توۋا...ھېكمەت» دەپ، ئۇزاققىچە كۇلۇشۇپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن ياخشى - خوپ بولۇپ قاپ - تۇ. ئەل ئىچىدە بۇ ۋەقە چۆچەك بولۇپ تاراپتۇ.

# مس قازان

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەمنىڭ بىر مس داش قازىنى بار ئىكەن. بۇ قازان تولىمۇ يوغان بولغىنى ئۈچۈن ئىشلىتەلمەپتۇ. ئۇ ئادەم بۇ قازاننى قازانچىنىڭ دۇكىنىغا ئىككى قازان قىلدۇ-رۇش ئۈچۈن ئاپىرىپ بېرىپتۇ. قازانچى بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىگە باشقىچە بىر خىيالنى پۈكۈپتۇ - دە:

— بولىدۇ، ئىككى قازان قىلىپ بېرەي، بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسىلە، - دەپتۇ.

قازاننىڭ ئىگىسى كېيىن كېلىپ:

— ئۇستام، قازان پۈتتىمۇ؟ — دەپتىكەن،

— يوقسۇ، قازاننىڭ مىسى بەك بىزەپ بولۇپ كېتىپتۇ، ئىككى قازان چىقمىغۇدەك، — دەپتۇ قازانچى. قازان ئىگىسى:

— ئۇنداق بولسا، بىر قازان چىقار، بىر قازان بولسىمۇ يا-ساپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ماقۇل، ئۇنداق بولسا، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەل-سىلە، — دەپتۇ قازانچى.

قازان ئىگىسى بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ كەلسە، قازانچى ۋايساپ:

— بىر قازانمۇ چىقمىدى، كۆرسىلە، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قازان ئىگىسى، — بىر چۆگۈنگۇ

چىقار، ھېچبولمىغاندا چۆگۈن ياساپ بەرسىلە.

قازانچى:

— ھەر نېمە چىقسا بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆرەيلى، — دەپتۇ.

قازان ئىگىسى دېگەن قاراردا كەلسە، قازانچى:

— ۋاي ئاكا، چۆگۈنگە تۇشلۇقمۇ مىس يوق ئىكەن، — دەپتۇ. قازان ئىگىسى:

— ئۇنداق بولسا، بىر قوشۇق ياساپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ماقۇل، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسىلە، — دەپ-تۇ قازانچى.



قازان ئىگىسى كونىنى ساناپ بىر ھەپتىنى توشقۇزۇپ كەلسە، قازانچى يەنە:

— ۋاي ئاكا، قوشۇق ياسىغۇدەكمۇ مىس چىقمىدى، — دەپتۇ. قازان ئىگىسى خاپا بولماي، يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— جېنىم ئۇستام، بۇ قازان ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بىر نەمۇنە ئىدى، شۇ قازاننىڭ ئىزى يوقاپ كەتمىسۇن، ھېچبولمىغاندا بىر بىگىز چىقار. خاپا بولماي بىر بىگىز ياساپ بەرسىلە، — دەپتۇ. قازانچى «ماقۇل» دەپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن:

— ۋاي ئاكا، بىگىز قىلغۇدەك بىر نەرسىمۇ چىقمىدى، — دەپ قاپاقنى ئۇچۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

قازاننىڭ ئىگىسى ئۆز ئىشىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، دېمىنى سىرتقا چىقارماي ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئويلا - ئويلا، توختا، بۇ قازانچى قاراپ تۇرۇپ يوغان بىر قازاننى يەپ كەتتى، مەن ئۇنىڭدىن بىر ئۆچۈمنى ئالاي، دېگەن يەرگە كەپتۇ، بىراق قانداق قىلىپ دەردىنى چىقىرىشنىڭ يولىنى تاپالماپتۇ.

قازانچى قازان ئىگىسىنى ساددا كۆرۈپ، بىر پۈتۈن قازاننى يەپ كېتەلىگىنىگە تازا خۇشال بوپتۇ ۋە كېيىن ئويلاپ شاگىرتىغا:

— ئۇ ئادەم نېمە دېسە، ماقۇل دەيدىغان تازا ساددا ئادەم ئىكەن. بىز ئۇنىڭ قازىنى بىلەن قانائەتلەنمەي: «قازىنىڭىزنى بۇزۇپ ئىككى قازان قىلىشقا، ئاندىن چۆگۈن قىلىشقا، كېيىن بولماي قوشۇق قىلىشقا، ھەتتا بىگىز قىلىشقا بىر قانچە كۈن ئەمگەك قىلدۇق. شۇ ئەمگىكىمىزنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىڭ» دەپ، ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دەپتۇ.

مەسلىھەت بويىچە، بىر كۈنى قازانچى شاگىرتى بىلەن

ئىككى ئىشەككە مىنىپ، ئىككى تاغارنى ئاستىغا سېلىشىپ، ھېلىقى قازان ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. قازانچى يولدا شاگىرتىغا:

— مەن ئىككى تاغارنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرەي. مەن، سەن ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ سالا قىلىپ بەر. ئۇ تالىيىنلىق بىزگە خېلى بىر نېمە بېرىدۇ. «مۇشۇ بولارمۇ؟» دېسە، سەن «ياق، ئاز بولۇپ قالدى، يەنە ... يەنە...» دەپ تۇرغىن! — دەپ جېكىلەپتۇ. ئۇلار قازان ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە شاگىرتى ئىشىك ئالدىدا قاپتۇ. ئۇستىسى ئۆيگە كىرىپ:

— ئۇستام، ئەمگەك ھەققىمىزنى بېرىۋەتسىلە! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— قانچىلىك نەرسە بەرسەم بولار؟ — دەپ سوراپتۇ قازاننىڭ ئىگىسى. قازانچى بولسا تەمتىرىمەستىن تۇرۇپ:

— ئىشىك تۈۋىدە شاگىرتىم بار، ئۇ خالىس نەرسە، شۇ تالادا تۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلى بەرگەننى بېرىپ، «بولدىمۇ؟» دەپ شۇنىڭدىن سورىسىلا، — دەپتۇ.

ئۇزۇندىن بېرى قازاننىڭ ئەلمىدە تىت - تىت بولۇپ يۈرگەن قازان ئىگىسى ئىشىكنى ئېتىپ، ئوچاق يېنىدىكى يوغان بىر كالتەكنى ئېلىپ:

— مانا سىزنىڭ ھەققىڭىز! — دەپ، قازانچى ئۇستىنى راسا ساۋاپ ھېرىپ كېتىپ، تالادىكى شاگىرتىدىن:

— بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

باياتىن بېرى ئۇستامغا قوناق سوقۇپ بېرىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىغان شاگىرت، ئۇستىسىنىڭ يولدىكى جېكىلىشى بويىچە:

— يوقسۇ، ئاز بولۇپ قالدى. يەنە ... يەنە... ! — دەپ

ۋارقىراپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇستىنى يەنە ئۇرۇپتۇ. ھېرىپ توختاپ:

— بولدىمۇ؟ — دېسە، شاگىرت:

— يەنە، يەنە ... — دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى ئۇستىنى ئۇرۇپ يېرىم جان قىلىپ قويۇپ، ئاخىر ئىشىكنى ئېچىپ شاگىرتىغا:

— ئەمدى ئۆزىڭىز كىرىپ كۆرۈپ بېقىڭ، بولار ئەمدى، — دەپتۇ.

شاگىرت كىرسە، ئۇستىسى يېرىم جان بولۇپ، تاياق زەربىدىن تولغىنىپ ياتقۇدەك. ئۇمۇ قورقۇپ كېتىپ، دەررۇ ئۇستىسىنى ئېشەككە ئارتىپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ.

بىر چاغدا ئۇستىسى كۆزىنى ئېچىپ شاگىرتىنى كۆرۈپ:

— ھوي، نىمانداق قىلىسەن؟ ئۇ ئۇرۇپ ھارسا، سەن تالادا تۇرۇپ «يەنە» دەۋاتىسىنا، — دەپ جان ئاچچىقىدا تىللاپتۇ.

— ئۇستام، ئۆزلىرى يولدا كېتىۋېتىپ ئۆيدە «بولدىمۇ؟» دېسە، سەن تالادا تۇرۇپ «ئاز بولۇپ قالدى، يەنە، يەنە...» دېگىن دېمەپمىدىلا؟ مەن، قوناق بېرىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، «بولدىمۇ؟» دېسە، «ئاز بولۇپ قالدى، يەنە، يەنە...» دەۋېرىپتىمەن. ئۇنىڭ قوناق ئورنىغا كالتەك بەرگىنىنى مەن نەدىن بىلەي، — دەپتۇ.

# پادشاھنىڭ كۆڭلى ئۆزارتىشى

قەدىمكى زاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ تولىمۇ بېخىل بولۇپ، تاپقان ـ تەرگىنىنى ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىلا جىمىقتۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن كىشىلەر پايدا ئەمەس، خورلۇقلا كۆرىدىكەن.

بۇ باي بىر يىلى نۇرغۇن يەرگە بۇغداي تېرىپتۇ. ياز ئۆتۈپ، كۈزمۇ كەپتۇ. باي بۇغدايلىرىنى يىغىۋالماقچى بولۇپ، ئون ئورمىچى ياللىۋاپتۇ. كېيىن باي بۇلارغا كېتىدىغان پۇلىنىڭ جىقلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى قىسقارتماقچى بولۇپ، مۇنداق بىر پىكىرگە كەپتۇ ـ دە، خوتۇنىغا مەسلىھەت سالپتۇ.

— ھەي خوتۇن، — دەپتۇ باي، — مۇشۇ ئون ئورمىچى پۈتۈن بۇغدايلىرىمىزنى ئوروپ بولغۇچىلىك كۆڭلى ئۆزارتقىلى بولارمۇ؟

— بۇ ئىش پادىشاھنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، سىلى بېرىپ پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىپ كۆرسىلە، ـ دەپتۇ پىخسىق باينىڭ خوتۇنى. باي خوتۇنىنىڭ مەسلىھىتىنى ماقۇل كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، سىلىگە بىر ئەرزىم بار ئىدى، — دەپتۇ باي.

پادىشاھمۇ بۇ باينى ناھايىتى ياخشى بىلىدىكەن، شۇڭا

ئاۋۋال ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى قولىغا ئېلىپ:

— ھە، ئەمدى ئەرزىڭنى ئاڭلاي، ئېيت ! — دەپتۇ.

— مەن نۇرغۇن يەرگە بۇغداي تېرىغانىدىم، — دەپتۇ باي، — بۇغدايلىرىم پىشىپ قاپتۇ. ئۇنى ئورۇش ئۇچۇن ئون ئورمىچى يالللىۋالدىم. شۇلارغا كۈننى ئۈزارتىپ بەرسىڭىز. ئۇنداق بولمىغاندا، بىر كۈنلۈك ئىشقا ئىككى كۈن كېتىپ، ئۇلار مەندىن ھەقنى كۆپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، سەن ئورمىچىلارنىڭ قورسىقىنى تويدۇرغۇزىسەن. ئۇلارنى ئېتىز بېشىغا ئېلىپ بېرىپ ئىشقا سېلىپ قويۇپ، ئۆزۈڭ ئۇزۇن چاپاندىن بىرنى كىيىپ، بېلىڭنى مەھكەم باغلاپ، تۇماقنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ئولتۇرساڭ، كۈن ئۇزىراۋېرىدۇ. ئەگەر بۇ دېگەنلىرىمگە خىلاپلىق قىلساڭ، كۈن قىسقىراپ كېتىدۇ، بەلكى شۇ ھامان ئولتۇرۇپمۇ كېتىدۇ.

باي شۇ شەرتكە كۆنۈپ ئۆيگە بېرىپتۇ - دە، ئورمىچىلارغا ئاش يېگۈزۈپ، ئۆزىمۇ پادىشاھ دېگەندەك كىيىنىپ، ئېتىز بېشىغا بېرىپتۇ، ئورمىچىلارغا ئىشنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۆزى قىر بېشىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. كۈن چۈش بولغۇچە باي چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ، ئۇسساپ چىدىغۇچىلىكى قالماپتۇ. ئاخىر ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ۋاي پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ باي، — سىلى بۈگۈن كۈننى بەكمۇ ئۇزارتىۋېتىپتىلا. ئەمدى قىسقارتىپ بەرسىلە، مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۆيۈڭگە بېرىپ بىردەم ئارام ئال.

باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆيگە بېرىپ بىر دەم ئارام ئاپتۇ،

ئاندىن ئېتىز بېشىغا بارسا، ئورمىچىلار تېخىچە ئورما ئورۇۋاتقۇدەك. ئېتىز بېشىدا تۇرسا، بېشىغا يەنە كۈن چۈشۈشنى بىلگەن باي ئورمىچىلارنى ئېلىپ يانماقچى بولۇپ:

— هاي ئورمىچىلار، ئەمدى بولدى، قايتىڭلار! — دەپتۇ.

— باي ئاكا، سىلىگە نېمە بولدى؟ — دەپ ھەيران بوپتۇ ئورمىچىلار، — بىز قايتىدىغان ۋاقىت بولمىدى، بىز كۈنلۈك ئىشىمىز تۈگىمىدىغۇ؟

— قايتىڭلار دېگەندىكىن قايتىڭلار، بۈگۈنكى كۈننىڭ ھەددىدىن ئارتۇق ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكىنى سىلەر بىلمەيسىلەر، بۇ ماڭىلا مەلۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن قايتىڭلار دەۋاتىمەن، — دەپتۇ باي يېڭىدىن ئۇسساۋاتقانلىقىنى سېزىپ.

ئورمىچىلار قايتىشقا رازى بوپتۇ. ھەر كۈنى مۇشۇنداق بولۇۋەرگەچكە، ئون بەش كۈنلۈك ئىش بىر ئايغا سوزۇلۇپ، پىخسىق باي لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ.



# ناداندىن تادان چىقار

بىر كەمبەغەل دېھقان يەر ھەيدەۋېتىپ، ئادەم بېشىدەك بىر كاللەك ئالتۇن تېپىۋاپتۇ. دېھقان، ئەمدى بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ ئالتۇننى پادىشاھقا تەقدىم قىلسام، ماڭا سوۋغات بېرەر، دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، ئالتۇننى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، بۇنى يالغۇز ئېلىپ بارسام، پادىشاھ، سەن گاداي بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟ دەپ زىندانغا سالمىسۇن، بىر ئابرۇيلۇق ئادەم بىلەن بىللە باراي دەپ، قارىسا، پادىشاھنىڭ چاپارمىنى ئات چاپتۇرۇپ ئېتىزنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، نادان دېھقان:

— ھوي چاپارمەن، بۇياققا كېلىڭ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، بۇ تەرەپكە ماڭغاندا، دېھقان، بۇ ئاتلىق ئىكەن، ئالتۇننى ئېلىپلا قېچىپ كەتسە، مەن ساقال سىيپاپ قالماي، دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا ئات چېپىپ كەلگەن چاپارمەن:

— خوش، نېمە گەپ، نېمىگە چاقىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. دېھقاننىڭ تادانلىق قىلغۇسى كەپتۇ ـ دە:

— مۇنۇ ئىككى ئۆكۈزنىڭ بىرى شېرىكىمنىڭ، بىرى ئۆزۈمنىڭ ئىدى، ئېيتىڭا قېنى، ئىككىسىنىڭ قايسىسى ھېرىپ قالار؟ — دەپ سوراپتۇ. چاپارمەن:

— ساراڭمۇ سەن؟ مەن نەدىن بىلەي، — دەپ ئېتىنى

قامچىلاپ كېتىپ قاپتۇ.

بىر چاي قاينام ۋاقىت ئۆتكەندە، چاپارمەن ئىشلىرىنى تۈگىتىپ يەنە شۇ يولدىن ئۆتۈپتۇ. دېھقان ئۇنى كۆرۈپ، ئالتۇننى تاغارغا ساپتۇ - دە، ئۆزۈم كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارسام، ئۇ ئېلىپ قاچالمايدۇ، دەپ ئويلاپ، چاپارمەننى يەنە چاقىرىپتۇ.

— يەنە نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ چاپارمەن.

دېھقان، ئالتۇننىڭ يېرىمىنى بۇ ئېلىۋالارمىكىن، دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ قاپتۇ.

— مۇنۇ يەرنىڭ يېرىمى ئوتۇنچىنىڭ، يېرىمى ئۆزۈمنىڭكى، ئېيتىڭا قېنى، ئاشلىق قايسىمىزنىڭ يېرىدە ياخشى ئوخشار؟ — دەپتۇ ئۇ. چاپارمەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ دېھقاننى:

— سەن ساراڭ ئوخشايسەن ، — دەپ، قامچا بىلەن بىر - ئىككىنى ئۇرۇپتۇ - دە، كېتىپ قاپتۇ. دېھقان ئالتۇننى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كەپتۇ.

— خوتۇن، ماڭا قارا ! — دەپتۇ ئۇ.



— لەببەي ! — دەپتۇ خوتۇنى.

— چاپسان چاي قاينات، كاللەك ئالتۇن تېپىۋالدىم. ئۇنى پادىشاھقا تەقدىم قىلىپ، بەرگەن سوۋغىتىغا گۆش ئە-كېلىپ، شورپا قىلايلى.

خوتۇن ئېرىنىڭ گەپلىرىگە ھەيران بولۇپ، بۇ «نادانلىق» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئېرى چايغا ئولتۇرغاندا، تاغاردىكى ئال-تۇننى ئېلىۋېلىپ، ئورنىغا بىر پارچە قارا تاشنى سېلىپ قو-يۇپتۇ. دېھقان قورسىقىنى تويغۇزۇپ، بۇرۇتىنى تولغاپ، شاھ-نىڭ ئوردىسىغا كەپتۇ.

— خوش، نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ ئېيت، — دەپتۇ پادىشاھ.

— پادىشاھىئالەم، مەن سىزگە لايىق بىر نەرسە تېپىپ كەلدىم، — دەپ تاغاردىن «ئالتۇن»نى چىقىرىپتۇ. پادىشاھ قاپقارا تاشنى كۆرۈپ:

— ماڭا مۇشۇ لايىقمۇ؟ مېنى زاڭلىق قىلماقچىمۇ سەن؟ ! — دەپ دېھقاننى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ.

ئۇنى دارغا ئاسار چاغدا، چاپارمەن پادىشاھقا:

— پادىشاھىئالەم، بۇ بىر ساراڭ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئەر-زىمەيدۇ، — دەپ، ئۇنىڭ ساراڭلىقىغا دەلىل قىلىپ، دېھقان-نىڭ ئۆزىدىن سورىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئۆلۈمدىن قالدۇرۇپ، سىناپ باقماق بولۇپ زىندانغا سېپتۇ. دېھقان زىنداندا يېتىپ يوقالغان ئالتۇنىنىڭ چوڭلۇقىنى قوللىرى بىلەن شەرەت قىلىپ: «مۇنچىلىك يوغان ئىدى، يايسا داستىخاندەك بولاتتى» دەپ، غۇلىچىنى يېيىپتۇ. دېھقانىنىڭ ئۆز - ئۆزى بىلەن شەرەت قىلىپ سۆزلىشىۋاتقان-لىقىنى كۆرگەن پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، — دەپتۇ دېھقان، — ئاشۇ قارا تاش ئالتۇن بولۇپ قالسا، يايسا قانچىلىك يېيىلار؟

— بۇ خىيالىي ساراڭ ئىكەن، بۇنى زىنداندىن چىقىرىۋېتىڭلار، ساراڭنىڭ زىنداندا تۇرغىنى زىيان، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ پادىشاھ.

دېھقان خوتۇن ۋە بالا - چاقىلىرى بىلەن ئالتۇننى خەجلەپ باياشات ياشاپتۇ.

# ئىككى باي

بۇرۇنقى زاماندا پالتىۋاي ۋە پاسىۋاي دېگەن ئىككى باي ئۆتكەنىكەن. پالتىۋاي يۇقىرىقى مەھەللىنىڭ، پاسىۋاي تۆۋەندىكى مەھەللىنىڭ پۈتۈن يەر، سۇ، چارۋىلىرىغا ئىگە ئىكەن. بۇلار سىرتتىن قارىغاندا ناھايىتى ئىناق، يېقىن ئاغىنىدەك كۆرۈنىسىمۇ، ئەمما ئىچىدە بىر - بىرىنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرۈشىدىكەن، ھەمىشە بايلىق، مەنسەپ، ئابرۇي تالىشىپ، ئارقىلىرىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلىشىپ، بىر - بىرلىرىگە ئورا كولىشىدىكەن، ئەپ تاپسىلا بىر - بىرىنى ئورىغا چۈشۈرۈشكە، ھېچبولمىغاندا بىر - بىرلىرىنى كەم سۇندۇرۇشقا تىرىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلار بىر چوڭ مەرىكىگە بېرىپتۇ. مەرىكىگە پالتىۋاي بۇلماقتەك سېمىز، قومۇش قۇلاق، تورۇق قاشقا يورغا ئات مىنىپ كەپتۇ. پالتىۋاينىڭ بۇ ئېتىنى كۆرۈپ ھەسەتخور پاسىۋاينىڭ ئىچى ئاداپ كېتىپ تۇرالماي قاپتۇ. شۇ يەردىلا ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن بىر غالچىسىغا:

— سەن ئاستا بېرىپ، پالتىۋاينىڭ ئاشۇ تورۇق قاشقا ئېتىغا بىزنىڭ ئاتنىڭ ئېنىنى سېلىپ قويغىن ، بۇنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن جۇمۇ؟ — دەپتۇ. باينىڭ غالچىسى:

— خوپ، باي ئاكا، — دەپتۇ - دە، كۆرۈنمەي بېرىپ، تو-

رۇق قاشقىنىڭ قولىقىغا پاسىۋاينىڭ ئىتىنىڭ ئىنىنى سىلىپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پاسىۋاي ئۇنى كۆرۈپ ئاستا ئىشارەت بىلەن «ئىشنى توغرىلىدىڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. باينىڭ يېقىنى «ھەئە» دېگەننى ئىشارەت قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. پاسىۋاي ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ: «ئەمدىغۇ رەسۋا قىلارمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

— پالتىۋاي، بۇگۈن ئۆزلىرى بۆلەك ئات مىنىپ كەپتىلا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مىنىپ يۈرگەن ئاتلىرى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ پاسىۋاي.

— بۈرۈنقى ئىتىم ئەجەللەپ قالغانىدى، — دەپتۇ پالتىۋاي.

— بۇ ئاتنى نەدىن ئالدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە پاسىۋاي. بۇ گەپكە ھەيران بولغان پالتىۋاي:

— ئەجەب گەپ قىلىلىغۇ؟ ! مەن بۇ ئاتنى نەدىن ئالاتتىم، يايلاقتىكى ئاتلىرىمنىڭ ئارىسىدىن تاللاپ ئەكەلدۈردۈم، — دەپتۇ غەزەپ بىلەن. پاسىۋاي پىسەنت قىلماستىن:



— ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن، پالتىۋاي، مېنىڭ يايلاقتا ئۆزۈم مىنىمەن دەپ ئويلاپ يۈرگەن مۇشۇنداق بىر تورۇق قاشقا ئىتىم بار ئىدى، ئۈچ ئاي بولدى يوقاپ كەتتى، بۇ ئات شۇنىڭغا ئوخشايدىكەن، سىلىنىڭ ئاتلىرىغا قو -

شۇلۇپ قالغان بولسا، شۇنى مىنىپ كەلدىمكىن دەيمىنا، — دەپتۇ پاسىۋاي. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پالتىۋاينىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتىپتۇ - دە:

— كۆزۈڭگە چۈمبەل تارتىۋالدىڭمۇ؟ ! كىمنى ئوغرى تۇ-تۇۋاتىسەن؟ ! ئاغزىڭغا بېقىپ جۆيلۈگىن ! — دەپ، بىردىنلا سەنلەپ چۇشۇپتۇ. پاسىۋايمۇ بوش كەلمەي:

— مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دەپ، نىمانداق يوغان سۆزلەيسەن؟ ! ئاتنىڭ ئېنىنى كۆرۈپ ئاندىن چوڭ گەپ قىل ! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سورۇن بۇزۇلۇپ، پۈتۈن جامائەت ئاتنىڭ قېشىغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئاتتا، راست دېگەندەك، پاسىۋاينىڭ ئېنى تۇرغان. پالتىۋاي ئاتتىنمۇ كۆرە، ئىزا - ئاھانەتكە چىدىماي، پاسىۋاينىڭ تۆھمىتىنى تەن ئالماپتۇ، ئىككىلىسى يەنە تەگىشىپ، سەن - پەن دېيىشىپ قاپتۇ. جېدەل ئۇلغىيىپ بۇلار شەرىئەتكە بېرىشىپتۇ. قازى ئىككى باينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككى ئارىدىن كۆپرەك بىر نەرسە يۇلۇش قەستىگە چۈشۈپتۇ. بىر كۈن ئۇ بايغا، بىر كۈن بۇ بايغا يان بېسىپ، دەۋانى ئەتەي كەينىگە سۆرەپتۇ. بۇلار بىر نەچچە كۈن دەۋالىشىپ يۈرۈپتۇ، لېكىن دەۋا بىر تەرەپ بولماپتۇ. پالتىۋاي قازىنىڭ دەۋانى ئەتەي كەينىگە سۆرەۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، ئاخشىمى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ - دە:

— تەقسىر، بۇ ئات ئەسلىدە مېنىڭ ئىدى، پاسىۋاي ئۆز ئېنىنى سېلىپلا، قەستەن ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ. سىلى دەۋا-نى ئادالەت بىلەن سورىسىلا. ھە، راست، سىلى چوڭراق پالتام يوق دەپ يۈرەتتىلە، تەقسىر، بۇنى سىلى تۇتسىلا، — دەپ، بىر پالتا پارا بېرىپ قايتىپتۇ.

ئەتىسى قازى دەۋادا ھەدەپ پالتىۋايغا يان بېسىپتۇ. پاسىۋاي قازىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن پالتىۋاينىڭ ئۇنىڭغا بىرەر پارا بەرگەنلىكىنى بايقاپتۇ ـ دە، ئاخشىمى ئۇمۇ قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر موزاي پارا بېرىپتۇ. ئەتىسى قازى بىردىنلا پاسىۋايغا يان بېسىپتۇ. پالتىۋاي قازىنىڭ بۇ ئىشىغا چىدىماي، ئاچچىقى بىلەن:

— تەقسىر، دەۋانى چوڭ پالتىدا ئوتۇن يارغاندەك ئادىل، كەسكىن سورىسىلىچۇ! — دەپتۇ. قازى پىسەنت قىلماستىن:

— ئۇ دېگەنلىرى توغرا، لېكىن كىچە پالتىنىڭ سېپىغا موزاي تېزەكلەپ قويۇپتۇ، — دەپ، ئاتنى پاسىۋايغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

# سالام ئېيت

بۇرۇنقى زاماندا بىر خەلپىتىم ئۆتكەنىكەن. شۇ چاغلاردا بىر ئادەم ئۆز بالىسىنى ئۇنىڭغا ئوقۇتقىلى بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەم: «بالامنى ئوبدانراق ئوقۇتۇپ، چاپسانراق موللا قىلامدىكىن» دېگەن ئوي بىلەن خەلپىتىمنى ئۆز ئۆيىگە چايغا چاقىرىپتۇ. خەلپىتىم مېھمان بولۇپ كەلگەن هامان بالىنىڭ ئانىسىغا كۆزى چۈشۈپ، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. قايتقاندىن كېيىن ئۇزاق ئويلاپتۇ. ئەتىسى بالا مەكتەپتىن قايتقاندا:

— بالام، ئاناڭغا مەندىن سالام ئېيت ! — دەپتۇ. بالا ئۇقماستىن موللىسىنىڭ سالىمىنى ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ «سالام» ئۈچ - تۆت قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى: «بۇ سالامنىڭ تېگىدە بىر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە» دەپ مەسلىھەتلىشىپ، موللامنى سىنىماقچى بولۇشۇپتۇ. مەسلىھەت بويىچە ئېرى تۈگمەنگە كېتىپتۇ. بالا مەكتەپكە بېرىپ موللامغا سالام قىلغاندا:

— بالام، سالىمىمنى ئاناڭغا ئېيتتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپىتىم.

— يەتكۈزدۈم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— نېمە دېدى؟ — دەپتۇ خەلپىتىم.

— بۇگۈن مەندىن سالام ئېيتقىن، دېدى، — دەپتۇ بالا.

— داداڭ نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپىتىم.

— تۈگمەنگە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— ئۇنداق بولسا، ئاناڭغا بېرىپ ئېيت، مەن سىلەرنىڭكىگە مېھمان بولۇپ بارىمەن، — دەپ، بالىغا كېتىش ئىجازىتى بېرىپتۇ.

بالىسىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئانا خەلپىتىمگە تاماق ھازىرلاشقا كىرىشىپتۇ. كەچ كىرىپ كۈن قايرىلغاندا، خەلپىتىم «مېھمان» بولۇپ كەپتۇ. ئۇ كېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، بالىنىڭ ئانىسىنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. كەچ كىرىپ ئەل ياتقۇ بولغاندا:



— مەن كېچىدە يول ماڭالمايمەن، مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قالسام، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ خەلپىتىم.

— بالىنىڭ دادىسى يوق، قونسىلا يامان بولماسمۇ؟

— مەن مۇشۇنداق چاغنى ئىستىگەنىدىم، — دەپ چاقچاق قىپتۇ خەلپىتىم.

ئايال خەلپىتىمنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى پەم-

لەپ، ئۆزىنى ئوڭلاشقا ئورنىدىن تۇرغانىكەن، دەرۋازا قېقىلىپتۇ. ئايال:

— كىم؟ — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ ئېرى. ئايال:

— ھوي موللام، ئېرىم كېلىپ قاپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېگەنىكەن، خەلپىتىم:

— خېنىم، ئۆزلىرى بىر ئىلاجىنى قىلمىسىلا، مەن قانداق قىلالايمەن؟ — دەپ گۆشىيىپ تۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەيەردە سىلى كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن موزاينىڭ تېرىسى بار، شۇنى يېپىنسىلا. مەن سىلىنى بويۇنلىرىدىن شوينا بىلەن ئوقۇرغا باغلاپ قوياي، — دەپتۇ ئايال، ئاندىن خەلپىتىمنى ھويلىغا ئاچىقىپ باغلاپ، ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئېرى:

— ئىشىكنى نېمىشقا ئىتتىك ئاچمىدىڭ؟ — دەپ كايىغان بولۇپتۇ.

— ماۋۇ موزاي بوشىنىپ كېتىپتىكەن، ئىشىكنى ئاچسام قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، باغلىغۇچە ساقلاپ قالدىلا، — دەپتۇ.

ئېرىنىڭ قولىدا كېلىشكەن قامچا بار ئىكەن، ئۇ «موزاي»نى «سەن مەن بولمىساملا ئۆيدىكىلەرنى بوزەك قىلغىنىڭ قىلغان !» دەپ، راسا ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. پاقالچاق ۋە يالىڭاچ بەدەنلىرىگە تەگكەن قامچا بىلەن تاقىتى - تاق بولغان خەلپىتىم شوينىنى ئۈزۈپ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئۆزىنى تالاغا ئېتىپتۇ.

— خوتۇن، موزىيىڭ ئەمدى ئۇنداق قىلمايدۇ، — دەپتۇ ئېرى.

ئەتىسى بالىسى مەكتەپكە ماڭغاندا، ئانىسى:

— بالام، موللاڭغا مەندىن ھەم داداڭدىن سالام ئېيتقىن، — دەپتۇ.

# ئۆزىشغا كەلگۈچە

بۇرۇنقى زاماندا زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ ئىكەن. شۇ زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى بۇيرۇپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان پۇقرانىڭ بەرىنى ئوردا ئالدىغا يىغدۇرۇپ مۇنداق جاكار قىپتۇ:

— خالايىق، ئوڭ قۇلاق - سول قۇلاق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار ! مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ مەندىن بىسوراق قىل تەۋرەيدۇ، ئىش - پىش، مېڭىش - تۇرۇش، توي - تۆكۈن، يىغى - زار... ھەممىسىدە ئىجازەت ئالمايدىكەنسىلەر، ئەمرىمگە بويسۇنمىغان ھېسابلاپ، بوينۇڭلاردا قىلىچ ئوينىتىمەن !

پادىشاھ ھەر دائىم ئەمرىنى جاكارلاپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، پۇقرالارمۇ دەس تۇرۇپ، توققۇز تەزىم قىلىشى، ھەربىرى خەزىنىگە ئەمر ھەققى ئۈچۈن ئوتتۇز تەڭگە تاپشۇرۇشى شەرت ئىكەن. بۇ قېتىم پۇقرالار مىدىر - سىدىر قىلىشماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. پادىشاھ ئاچچىقلاپ:

— ھۆرمىتىم قېنى؟ تەڭگەمچۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھېچكىم جاۋاب بەرمەپتۇ، بىرەرىمۇ قىمىرلاپ قويماپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ، يېنىدىكى خانىشتىن سوراپتۇ:

— بۇ نېمە ئىش؟

— ئۆزلىرىدىن سورىسىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خانىش.
پادىشاھ ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ جاۋاب تاپالماپتۇ، ئا-
خىر يالۋۇرۇپتۇ.

— بايا ئۆزۈڭلار، — دەپتۇ خانىش، — «مەندىن بىسوراق
قىل تەۋرىمەيدۇ...» دېمىگەنمىدىلە.ئىجازەت كۈتۈپ تۇرغاندۇ.

پادىشاھ گەدىنىنى قاشلاپ: «ھۆرمىتىمنى قىلىڭلار!»
دەپتىكەن، پۇقرالار ئۇپۇر - توپۇر قوپۇشۇپ تەزىمنى ئادا
قىپتۇ، لېكىن خەزىنە تەرەپكە قەدەم باسماپتۇ. پادىشاھ يەنە
ئەمر قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. پۇقرالار ئەمرنى بىجا كەلتۈر-
گەندىن كېيىن
ئۆيلىرىگە قاي-
تىشىپتۇ.

بىر كۈن
ئۆتۈپتۇ، ئىككى
كۈن ئۆتۈپتۇ.
جاللاتلار مەھەل-
لىمۇ مەھەللە
ئارىلاپ، پادى-
شاھ ئەمرىنى
تۇتمىغانلارنى
مارىلاپ يۈرگەن
كۈنلەرنىڭ بى-
رىدە، پادىشاھ-
نىڭ كەنجى
ئوغلى يىغلاپ
ئوردىنى كۆتۈ-
رۈۋېتىپتۇ. ئى-



ـنكئانلار، كېنىزەكلەر ئۇنى دەپمۇ، بۇنى بىرىپمۇ پەسكويىغا چۈشۈرەلمەپتۇ، خانىش بالىنى كۆتۈرۈپ پادىشاھ ھوزۇرىغا كىرىپ:

— ھوي، ھەممىگە قادىر شاھىم، دەردىمگە داۋا، مۈشكۈلـ-ـرىمغا ناۋا باشپاناھىم، بۇ شۇمتەكلىرىنى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپتۇ. پادىشاھ چالۋاقاپتۇ:

— بۇنى سورىغان بارمۇ؟ يىغلىسا ئۆزىنىڭ ئاغزى، سەن ئۆزۈڭ بىر نېمە قىل، ماڭ!

— ئۇنداق بولسا، جاللاتنى چاقىراي، كالللىسىنى ئالسۇن.

— ھوي، نېمە دەۋاتىسەن خوتۇن؟! ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ ياكى شاھزادەمدىن تاندىڭمۇ؟

خانىش كۈلۈپ كېتىپ، ئېرىنىڭ ئەمرى پۈتۈلگەن قەغەز-نى قولىغا ئاپتۇ:

— مانا بۇنىڭغا پۈتۈكلۈك تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ خانىش، — شاھزادەم، بىرىنچىدىن، يىغلاشتىن بۇرۇن سىلىدىن ئىجازەت ئالىدى، ئىككىنچىدىن، يىغلاۋېرىپ ئەمرلىرىنى كۆزىگە ئىلـ-ـمىدى. ئۆز دادىسىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغان بالىنى دادىسـ-ـنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئۆلتۈرمەك دۇرۇس. پادىشاھ ئەمرى ئۆز جەمەتىگە كەڭرى، پۇقرالارغا جەبرى بولسا، تەڭرى راۋا كۆرمەيدۇ.

پادىشاھ بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بەزلەپ بىقىپتۇ، بالا زادى پەسكويىغا چۈشمەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشـ-ـلىرىنى تۆكۈپ، ئەمرى پۈتۈلگەن قەغەزنى ئوچاققا تاشلاپتۇ، ئوتتۇز تەڭگە ئالۋاڭنىڭ مېھرىدىن كەچكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بالا يىغىدىن توختاپتۇ. پۇقرالار ئامان - ئېسەن تىرىكچىلىك ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

# يامان خوتۇندىن بەزگەك جىن قاچار

بۇرۇنقى زاماندا بىر قورايچى بوۋاي بولغانىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ناھايىتى جاۋىلداق، مەرەز ئىكەن، تولا ئۇرۇشۇپ، كەلسە ـ كەلمەس تىللاۋېرىپ، بوۋايغا كۈن كۆرسەتمەيدىكەن.

بىر كۈنى بوۋاي قورايلىقتىن كەچ قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كېلىشى ھامان خوتۇنى: «سېنىڭ شۇ يەردە بىر نېمەڭ بار، بولمىسا نېمىگە كەچ قالدىڭ؟» دەپ كۈنلەپ غوۋغا چىقىرىپتۇ. بۇ ئىش ھېرىپ كەتكەن بوۋايغا ناھايىتى ھار كەپتۇ. ئەتىسى خوتۇن بوۋاي بىلەن قورايلىقنى تەكشۈرمەككە بىللە بېرىپتۇ. ئۇ قېلىن قورايلىقنى ئاختۇرىمەن دەپ، بىر چوڭقۇر قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بوۋاي يامان خوتۇندىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بوپتۇ، لېكىن يەنە، يامان بولسىمۇ، كۆپ ۋاقىت ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغانىدۇققۇ، دېگەن ئويغا كەپتۇ. قۇدۇققا ئارغامچا ساپتۇ. ئارغامچىغا يامىشىپ مومايىنىڭ ئورنىغا بەزگەك جىن چىقىپتۇ.

— ھوي، سەن نېمىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— مەن بەزگەك جىنى ئىدىم، بۇ قۇدۇق مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق ماكانىم ئىدى، بۈگۈن بىر جاۋىلداق قېرى خوتۇن چۈشۈپ، ماڭا ئارام بەرمىدى، سەن ئارغامچا تاشلىمىساڭ، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈپ قوياتتى، قۇتۇلدۇرغىنىڭغا رەھمەت! مەن سېنى ئار-

مىنىڭغا يەتكۈزىمەن، — دەپتۇ بەزگەك جىنى.

— قانداق قىلىپ سەن مېنى ئارمىنىمغا يەتكۈزەلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— مەن يۇرتنىڭ ئۇلۇغىغا بېرىپ چاپلىشىمەن، — دەپتۇ بەزگەك جىنى، — ئۇ دەررۇ بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ، سەن ئۇنى ساقايتىدىغان تېۋىپ بولىسەن. سەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ «ئايەتەلكۇرسى»نى ئوقۇيسەن، شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭدىن ئاجراپ باشقىسىغا يۇقىمەن. ساقايغۇچى بولسا، ساڭا نۇرغۇن ھەق تۆلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، باي بولۇۋالىسەن، ئوتۇنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن نېرى بولىسەن، — دەپتۇ.

بۇ ئەقىل ئوتۇنچى بوۋايغا مايدەك يېقىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن رازىلىق بېرىپ، خوتۇنىنى قۇدۇقتا قالدۇرۇپ، جىن بىلەن كېتىپتۇ.

كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، بوۋاي نۇرغۇن بەزگەكلەرنى ساقايتىپ، باي بولۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا جىن بوۋايغا:



— ھەي بوۋاي، سەن ئەمدى باي بولدۇڭ، تۇرمۇشۇڭ ياخشىلاندى، ئەمدى مەنمۇ ئۆز ئالدىمغا ئوقەتمنى قىلسام، سەن ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي رازىلىق بىرىپ، ئىككىسى خوشلىشىپ، ياخشىلىقچە ئاجرىشىپتۇ. جىن بولسا، ياقا يۇرتقا بېرىپ، يۇرت چوڭىغا يۇقۇپتۇ. يۇرت چوڭى ھېچ ئىلاج قىلىپ ساقىيالماغاندىن كېيىن، بەزگەكنى ساقايتىشتا داڭقى چىققان ھېلىقى بوۋاينى چاقىرتىپ كەپتۇ. بوۋاي يۇرت چوڭىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ھېلىقى بەزگەك جىنىنىڭ يۇرت چوڭىغا چاپلىشىۋېلىپ ئۆلتۈرگىنىنى كۆرۈپتۇ. ۋەدىسىنى بۇزۇپ كەلگەن بوۋاينى كۆرگەن جىن بوۋايغا رەنجىپ:

— قېنى ۋەدە؟ ئىككىمىز ۋەدە قىلغانغۇ، ھەرقايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا كۈن كۆرمەك بولغانغۇ، — دەپ كايىپتۇ.

— كايىما، — دەپتۇ بوۋاي.

— ۋەدىمىز بويىچە سەن مەن چاپلاشقان ئادەمنى ساقايتىشقا كەلمەس بولغاندىڭغۇ؟ — دەپ، جىن قويقا چاچلىرىنى تىك قىپتۇ.

— توختا، سەۋر قىل، مەن بۇنى ساقايتقىلى كەلمىدىم، سېنى ئىزدەپ كەلدىم، — دەپتۇ بوۋاي.

— مېنىڭدە نېمە ئىشىڭ بار؟ — دەپتۇ جىن.

— ئىسىڭدە بارمۇ؟ ھېلىقى يامان خوتۇنمۇ قۇدۇقتىن چىقىۋاپتۇ. ئۇ تاڭ ئاتقۇچە سېنى تۇتۇپ بەر دەپ، مېنى قىيناپ چىقتى. سېنى تۇتۇپ بەرمىسەم، ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم، — دەپتۇ بوۋاي.

بەزگەك جىنى ناھايىتى قورقۇپ كېتىپ بوۋايغا:

— خۇدا ھەققىدە بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، مېنى ئۇ خوتۇنغا تۇتۇپ بەرمە، ھەرقانداق بەزگەكنىڭ قولىنى سىي-

پاپلا قويساڭ، دەررۇ ساقىيىدۇ. سەن بەزگەك تېۋىپى بولۇپ قال، مەن يامان خوتۇنۇڭدىن قۇتۇلاي، — دەپ، بوۋاينىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ، يىغلاپ يالۋۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي ياقا يۇرتنىڭ چوڭىنىڭ قولىنى سىيپاپ قويۇپلا ساقايتىپتۇ. بەزگەك جىنى بارسا كەلمەس شەھەرگە كېتىش ئۈچۈن، ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا، بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ھەي، يامان خوتۇنۇم كېلىۋاتىدۇ! — دەپتىكەن، بەزگەك جىنى يار تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ.

«ياماندىن يار بويى بىلەن قاچ» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قاپتىكەن.

# توخۇنى يولدا چىللىتارمەن

بۇرۇن – بۇرۇنتى، بۆرە خىزىرتى، تۈلكە ۋەزىرتى. ئاتام تۇغۇلمىغان، ئانام تۆرەلمىگەن، مەن چوڭ ئاتامنىڭ پادىسىنى بېقىپ يۈرگەن زاماندا، بىر كەمبەغەل ئىشىكنى توقۇپ، يۇك – تاقلىرىنى ئارتىپ، ئارغامچىدا تارتىپ، نەق ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، باشقا بىر يۇرتقا يول ساپتۇ، بىر جايغا كېلىپ ئىشەكنى سېتىپتۇ، يۇك – تاقلىرىنى يۈدۈپتۇ، ماڭا – ماڭا مەنزىلگە يېتەلمەپتۇ ياكى يېنىپ ئۆز جايىغا كېتەلمەپتۇ، يەنە مېڭىپتۇ، قورساقلىرى ئېچىپتۇ، ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ ئاران دېگەندە تاغارنى ئېچىپتۇ، ئوتتۇز كۈن بولغان قاتتىق ناننى ئاغزىغا تىقىپتۇ، چىشى ئۆتمەپتۇ، قاتتىقراق چىشلىگەنىكەن، ئىككى چىشى سۇنۇپتۇ، ئاغزىدىن قانلار ئېقىپتۇ. بۇ بىچارە ئاچچىقىغا پايلىماي، ھېچ نەرسىگە قارىماي مېڭىپتۇ، تاغ – دەشتلەرنى، چۆل – جەزىرىلەرنى، پاتقاق – سازلىقلارنى، ئادەم يەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلار ياشايدىغان قېلىن ئورمانلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ، بىر يۇرت ئېچىگە كىرىپتۇ، كىرەي دېسە ئۆي يوق، مىنەي دېسە ئېتى يوق، يەي دېسە نېنى يوق، ئېغىر ئەھۋالدا قاپتۇ، قانداق قىلىشنى بىلمەي، ھېچنېمىنى سەزمەي يۇرتنى ئارىلاپ مېڭىپتۇ، بىر موماينىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بىركېچە قونۇشنى ئۆتۈ-

نۇپتۇ. موماي بىخىل ئىكەن، كىرگۈزمەپتۇ. بىچارە ئادەم يالـ ـۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماسلىققا كۆزى يەتكەن موماي تەسلىكتە ئۆيگە كىرگۈزۈپتۇ.

مومايىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، باللارنىڭ بىرى ئو- چاققا ئوتۇن سېلىۋاتقانىكەن، قازاندا توخۇ گۆشى بار ئىكەن. بىر چاغدا شورپا قايناپتۇ ـ قايناپتۇ، لېكىن موماي ئالماپتۇ. يەنە ئوت قالاپتۇ. شورپىنىڭ تەمى ئوچاق ئالدىدىكىلەرنى جەلپ قىپتۇ. مومايىنىڭ باللىرى شورپىنى ئۇسۇشقا ئۇندەپتۇ. موماي توخۇنىڭ گۆشى قازاندا پىشىپ كەتسىمۇ، يولۇچىدىن قىزغىـ ـنىپ، باللىرىنىڭ بىقىنىدىن چىمداپ، كۆزلىرىنى چىمىلدىـ ـتىپ قويۇپتۇ. باللىرى شۈك بوپتۇ. تۈن يېرىملىشىپتۇ. ئىكـ ـكى بالا ئۇخلاپتۇ. يولۇچى مومايغا ئۆزىنى سەھەردە ئويغىتىپ قويۇشنى ئېيتىپ يېتىپتۇ، مومايمۇ ئۇخلاپتۇ. مومايىنىڭ ئۆزىـ ـمۇ، بىچارە باللىرىمۇ، يولۇچىمۇ ئاچ يېتىپتۇ.

يولۇچىنىڭ قورساقلىرى ئاچ، ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، قازاندىكى توخۇ شورپىسىدىن بىر قاچا ئىـ ـچىپتۇ، توخۇ گۆشىنى بەلۋىغىغا تۇگۇپتۇ، مومايىنىڭ بىر پاي ئاياغ كىيىمىنى قازانغا سېلىپ قويۇپ، مومايىنى ئويغىتىپتۇ. موماي:

— تېخى توخۇ چىللىمىدى، سەل يېتىپ ئاندىن مېڭىڭ، — دەپتۇ. يولۇچى:

— توخۇنى يولدا چىللىتارمەن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

موماي ئىشىكنى ئېتىپ، لېگەننى يۇيۇپتۇ، «توخۇ گۆشى»نى ئاپتۇ، شورپىسىنى ئۇسۇش ئۈچۈن قاچا يۇغىلى تۇرۇپتۇ. باللـ ـلىرى كۆتۈپتۇ، لېگەندىكى «گۆش»نى تارتىپتۇ، قولىغا چىقماپـ ـتۇ. موماي كېلىپ پىچاقتا كېسىپ باللىرىغا بېرىپتۇ. بالـ

لىرىنىڭ چىشى ئۆتمەپتۇ، موماي «مېيى» بار يەردىن كېسىپ ئاغزىغا سالغان بولسىمۇ، چىشى ئۆتمەپتۇ. تاڭ يورۇپتۇ، قا-رىسا ئۆزىنىڭ بىر پاي كەشىسى لېگەندە تۇرغۇدەك.

شۇنداق قىلىپ، يىخسىق موماي مېھماندىن توخۇنى قىزغى-نىپ، زىمىستاندا كىيىدىغان ئاياغ كىيىمىدىنمۇ ئايرىلىپتۇ. مۇساپىر يولۇچى ياغ يەپتۇ، مومايىنىڭ كۆڭلى داغ بوپتۇ.



# ئىككى ئالدامچى

ئۆتكەن زاماندا ئىككى ئالدامچى بولغانىكەن. بىرى كونىشەھەرلىك باقى، يەنە بىرى يېڭىشەھەرلىك ساقى ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى ئالدامچى يېڭىشەھەر بىلەن كونىشەھەر ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. باقىنىڭ دۈمبىسىدە بىر قاپ قوي قۇمىلىقى، ساقىنىڭ دۈمبىسىدە بىر قاپ تۆگە مايىقى بار ئىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ساقى، نەگە كېتىپ بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ باقى.

— سىلەرنىڭ شەھەرگە كېتىپ بارىمەن، ئۇ ياقتا ياڭاق قىممەت دەپ ئاڭلىدىم، مۇنۇ يوغان ياڭاقلارنى پۇل قىلىپ كېلەي، — دەپتۇ ساقى.

— ھە، مەنمۇ سىلەر تەرەپكە كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ باقى، — سىلەرنىڭ شەھەردە ئۆزۈم قىممەت دەپ ئاڭلاپ، بىر قاپ ئۆزۈم ئېلىپ كېتىپ بارىمەن.

باقى ساقىنى ئالدىماقچى بولۇپ:

— ئىككىمىز بىكارغا ۋاقتىمىزنى زايە قىلمايلى! ئۇنىڭدىن كۆرە، ساتقىلى ئېلىپ كېتىپ بارغان نەرسىلىرىمىزنى تېگىشىپ، ھەرقايسىمىز ئۆز شەھىرىمىزگە ئاپىرىپ ساتساق بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا قاپلىرىمىزنىڭ ئاغزىنى ئاچمايلا تېگىشەيلى، — دەپتۇ ساقى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى مۇرىلىرىدىكى قاپلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆز مەھەللىلىرىگە قاراپ ئۇچقاندەك راۋان بوپتۇ. ھەرئىككىسى ئۆيلىرىگە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كېلىپ، قاپلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ باقسا، بىرىنىڭكىدىن قوي قوْمۇلىقى، يەنە بىرىنىڭكىدىن تۆگە مايىقى چىقىپتۇ. ھەر ئىككىلىسى «خەپ» دېگىنىچە دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ - دە، يولى كەلگەندە بىر - بىرىنى راسا بىر قاپقانغا چۈشۈرۈپ، يۇخادىن چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ باقى بىلەن ساقى يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— يول بولسۇن؟ — دەپتۇ باقى ساقىغا.

— جېلىل باينىڭكىگە ئىش ئىزدەپ كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ ساقى.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ باراي، ئىككىمىز بىللە ئىشلەپ قالساق ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ باقى.

جېلىل بايغا مال بېقىپ بېرىشكە بىرمالچى، چوڭ قورۇسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە بىر مالاي لازىم ئىكەن. باقى مال باقماقچى، ساقى باي قورۇسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلماقچى بولۇپ ئىشقا كىرىشىپتۇ.

باقى ئەتىگەن تۇرۇپ، بىر پارچە قاتتىق ناننى قوينىغا سېلىپ، بىر قوتان مالنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدىكەن. ئۇ دالىدا ئەتىدىن - كەچكىچە كۈنگە قاقلىنىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن سوْغازار بولغاننىڭ ئۈستىگە، تارىلىپ كەتكەن ماللارنى يىغىمەن دەپ، قوش جاپا تارتىدىكەن. تاپىنىغا كىرگەن تىكەنلەر پۇتىدىن قان ئېقىتسا، تاپاندىن ئۆتكەن ئىسسىق كۆزىدىن ياش چىقىرىدىكەن. باقى بىرىنچى كۈنلا شۇنچىلىك ھېرىپ كېتىپتۇكى،

ئېلىپ كەلگەن قاتتىق ناننى يېيىشكىمۇ دەرمانى قالماي، كەچ-قۇرۇن ئۆلەي ـ ئۆچەي دەپ ئۆيگە ئاران يېتىپ كەپتۇ.

باي ئۆيىنىڭ ئىشىمۇ ساقىغا ئاسان چۈشمەپتۇ. ئۇنىڭغا ئازراق دەم ئېلىپ، بىرەر چىشلەم بىر نەرسە يەۋېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقماپتۇ. ئۇ راسا ھېرىپ، ھالى قالماي، ھويلا سۈپۈرۈۋاتقاندا، توپىنىڭ ئارىسىدىن بىر كۈمۈش پۇل تېپىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى توق بولۇپ، باقى كەلگەندە راسا ماختىنىپ، ئۇنى بىر ئالداشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كەچلىكى ئۇلار ئوچاقنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشقا باشلاپتۇ:

ـــ پاھ، ئاغىنە ! مالچى بولۇش نېمىدېگەن ياخشى، تىپ-تىنچ، راھەت، مالنى يىغىپ قويىسەن ـ دە، ئۇخلايسەن، ئۇزاق كۈننى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزىسەن. ئۆيگە كەلگەندە، باي ئاتام بىلەن ئاغچا ئاپام قەنت بىلەن چاي، بوغۇرساق بىلەن ماي بېرىدۇ. نېمە يەيمەن، نېمە ئىچىمەن دېسەڭ، شۇ تەييار. شۇڭا، قوينۇمدىكى نېنىمنى يېگىنىم يوق، كۆردۇڭمۇ؟ـ دەپتۇ باقى.

ـــ ئۆي ۋە ھويلا ئارامىنىڭ ئىشىمۇ يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن، بارلىق ئىشنى بىردەمدە تۈگىتىۋېتىسەن ـ دە، ئاندىن بوشاپ قالىدىكەنسەن، شۇنىڭ بىلەن قىلىدىغان ئىش يوق، ئۇسسۇل ئويناپ كېتىمەن. باي ئاكام بىلەن ئاغچا ھەدەمگە ئۇسسۇلۇم يېقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، «بەللى يىگىت !» دەپ ماڭا بىر مۇنچە پۇل بەردى، كەچكىچە خەجلىسەم يەنە بىرى ئېشىپ قالدى، ـــ دەپ ھېلىقى تېپىۋالغان كۈمۈش پۇلنى كۆرسىتىپتۇ ساقى. پۇلنى كۆرۈپ باقىنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ ـ دە، ساقىنى ئالدىماقچى بولۇپ:

ـــ بىراق، مال باققاندا ئادەم يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ كېتىدىكەن، ـــ دەپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ساقىغا قاراپ قويۇپتۇ.

— ئۇنى بىر دېمە ! بۇ يوغان ھويلىدىكى تۆت تامنىڭ ئىچىدە مەنمۇ زېرىكىپ كېتىدىكەنمەن، — دەپتۇ ساقى.

— بولمىسا ئىشلىرىمىزنى تېگىشىمىزمۇ يا؟ — دەپتۇ ھەر ئىككىلىسى تەڭلا.

ئەتىسى ساقى مال بېقىشقا چىقىپ، ئەتراپقا پىتىراپ كەت- كەن ماللارنى يىغالماي جېنى تۇمشۇقىغا يېتىپتۇ، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپ «خەپ» دېگىنىچە باينىڭ ماللىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. باقىمۇ ھويلىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگى- تەلمەي كۆرمىگەننى كۆرۈپتۇ، كەچكە يېقىن بولالماي ئۇمۇ قويرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئىككىسى يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. «قوشماق مېغىزدەك يېقىن دوستلار تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بىر- بىرىمىزنى ئالداپ يۈرىمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئىناق بولۇپ، باش- قىلارنى بابلايلى» دېيىشىپتۇ ئۇلار. مەسلىھەتلىشىپ خاننىڭ خەزىنىسىنى ئوغرىلىماقچى بولۇشۇپتۇ. باقى بىر ئارغامچا، ساقى بىر ساندۇقنى ئېلىپ، خاننىڭ خەزىنىسىگە كېچىلەپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قارا- ۋۇللارنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خەزى- نىنىڭ ئۈستىدىن تېشىپتۇ. باقى ساقىنى ساندۇققا سېلىپ ئارغامچا بىلەن خەزىنىگە چۈشۈرۈپتۇ. ساقى ساندۇقتىن چىقىپ، چوڭقۇر خەزىنىنىڭ تېگىدىكى ئالتۇنلارنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ، ساندۇقنى يې-



رىمىغىچە ئالتۇنغا توشتۇرۇپ، باقىغا قاراپ:
— يېرىم ساندۇق بولسا بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— توشتۇر، توشتۇر، لىق توشتۇر ! — دەپتۇ باقى.
ئاغىنىسىنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلگەن ساقى ساندۇقنى لىق توشتۇرۇپ بەرسەم، ساندۇقنى تارتىۋېلىپلا، مېنى تاشلاپ قاچىسۇن، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئۆزى چۈشۈپ «تارت !» دەپتۇ. ساندۇقنىڭ ئاغزى يېپىلا - يېپىلمايلا باقى ساندۇقنى بار كۈچى بىلەن تارتىۋاپتۇ. ئاندىن ئۇ ھېلىقى تۆشۈكتىن خەزىنە ئىچىگە قاراپ:
— ھەي قارا يۈز، مېنى ئالداپ نېمە ئىشلارنى قىلمىغانىدىڭ؟ ! ئەمدى مەن ئالتۇننى ئالدىم، سەن خەزىنىدە قالدىڭ. ئەتە ئۆزۈڭنى داردا كۆرىسەن، — دەپ، شامال ھەيدىگەن قامغاقتەك يولغا راۋان بوپتۇ، لېكىن، خەزىنە يېنىدىن ئانچە يىراققا بارمايلا نەپسى تاقىلداپ ئالتۇنلارنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ كېتىپتۇ، ساندۇقنى يەرگە قويۇپ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. شۇ چاغدا ساندۇق ئىچىدىكى ساقى:
— ھۇي قارا نىيەت، سەن مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمىدىڭ؟ ! — دېگىنىچە ئىرغىپ قوپۇپ باقىغا ئېسىلىپتۇ. ئاجرىتىدىغان ئادەم يوق، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى تازا مۇشتلاپ، ئاغزى - بۇرنى قان بولۇشۇپتۇ. پادىشاھنىڭ خەزىنىسى ئەتراپىدا ئۇخلاۋاتقان لەشكەرلەر بۇ ئويۇر - تويۇرنى ئاڭلاپ، ئويغۇلىرىنى ئېچىپ كېلىپ قارىسا، بىر ساندۇق ئالتۇننىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم مۇشتلىشىۋاتقۇدەك. لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەتىسى ئۇلارنىڭ خەزىنىگە تەگكەن ئوغرىلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى دارغا ئېسىلىپتۇ. «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئىككى ھۇرۇننىڭ ئۆلۈمى

ئىلگىرىكى زاماندا ھاسان دەۋلەك ۋە ساۋۇت قاپاق دېگەن ئىككى ھۇرۇن بولغانىكەن. ئۇ ئىككىسى ناھايىتى ھۇرۇن ئىكەن. ئۇلار ئاتىسىنىڭ تاپقىنىنى يەپ، ئۆزلىرى زادى ئىشلىمەيدىكەن، ئەتىدىن - كەچكىچە دۈمبىسىنى تامغا يۆلەپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ كۆزىگىمۇ يامان كۆرۈنۈپ قاپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىرى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇلار قورسىقىغا بىر پارچە نانمۇ تېپىپ يېيەلمەي، بىر نەچچە كۈن ئاچ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ.

— ئىشلىمىسىمۇ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك تەييار بىر يەرلەرگە كەتسەك ياخشى بولاتتى - دە، قەيەردە شۇنداق ياخشى يەرلەر بار ئىكىن؟ — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— كىم بىلىدۇ، يەر يۈزىدە ئۇنداق يەرلەر بارمۇ، يوقمۇ، لېكىن ئاسماندا بولسا كېرەك، چۈنكى ئاسماندا پەرىشتىلەر ۋە باشقا خاسىيەتلىك مەخلۇقلار ياشايدۇ دېيىشىدۇ، — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ئۇنداق بولسا، بىزمۇ شۇ ئاسمانغا چىقىپ كېتەيلى، بۇ

مېھنىتى كۆپ يەرلەردە خار بولۇپ نېمە قىلىمىز؟ — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— مەيلى، چىقساق چىقىپ كېتەيلى، ئەمما قانداق چىقىمىز؟ ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇزۇن شوتا تېپىپ بولامدىكىن؟ — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ئاسمانغا يەتكۈدەك ئۇنداق ئۇزۇن شوتىغۇ تېپىلماس، لېكىن شوتىسىز چىقىشنىڭ يولى بار، — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— تاغدىكى ھاڭدا بىر سۇمۇرغ قۇشنىڭ ئۇۋىسى بار. مەن ئۇنى بىر كۈنى ئاتامغا ئەگىشىپ تاغقا بارغاندا كۆرگەنمەن. بىر ئامال قىلىپ ئەنە شۇ قۇشنى تۇتۇۋالساق ئاسمانغا شۇ ئاچىقىپ قويىدۇ، — دەپتۇ ھاسان دەۋلەك.

— بۇ ياخشى گەپكەن، مەيلى، بولمىسا، ئەتىلىككە شۇنداق قىلىلى، — دەپتۇ ساۋۇت قاپاق.

ئىككى ھۇرۇن ئاخىر شۇ مەسلىھەتكە كەپتۇ ـ دە، ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن تاغقا يېتىپ كېلىپ ھاڭدىكى سۇمۇرغ قۇشنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنۇپ يېتىۋاپتۇ. كۈن چۈشتىن ئېگىلگەن ۋاقىتتا سۇمۇرغ قۇش غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇۋىسىغا قونۇشى بىلەن، ھاسان دەۋلەك قۇشنىڭ بىر پۇتىنى مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ ـ دە، دوستىغا:

— مېنىڭ پۇتۇمنى تۇت ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ساۋۇت قاپاق شۇ زامان دوستىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپتۇ. قۇش قورقىنىدىن يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ساۋۇت قاپاق ھاسان دەۋلەكنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ، ھاسان دەۋلەك بولسا قۇشنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ پۇلاڭلىغىنىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. قۇش بۇلارنى يەتتە قات بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئەگىپ يۈرۈپتۇ.



— ئاسمانغا يېتەي دېدۇقمۇ؟ قوللىرىم تېلىپ كەتتىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

— ھەئە، ئاز قالساق كېرەك، تۆشۈكى كۆرۈنۈپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھاسان دەۋلەك ئۈستىدە بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ.

— ئاسماننىڭ تۆشۈكى قانچىلىك بار ئىكەن؟ بىز پاتىمىز-مىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ساۋۇت قاپاق.

ھاسان دەۋلەك ئۈستىدىكى تۆشۈك دەپ ئويلىغان نەرسىنىڭ يوغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ:

— مانا مۇنچىلىك بار ئىكەن، — دەپ، قوشنىنىڭ پۇتىنى قويۇۋېتكەنىكەن، ھەر ئىككىلىسى يەرگە پۇلاڭلاپ چۈشۈپ، مىدە-جىقلىرى چىقىپ ئۆلۈپتۇ.



# ئىشەكنى ئۇرۇپ خوتۇننى قورقۇتۇش

بۇرۇن يۇسۇپ ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ خۇش چىراي، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق، ياماندىن قورقمايدىغان، ياۋاشنى بوزەك قىلمايدىغان، ناھەق ئىشقا چىداپ تۇرالمايدىغان يىگىت ئىكەن.

يۇسۇپ يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەندە، يىراق يۇرتتىكى خاسىيەت ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىپتۇ ۋە ناھايىتى ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۇسۇپ خاسىيەتنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. يۇسۇپ تاشقىرىقى ئۆيدە ئۇخلىماقچى بولۇپ يېتىپتۇ.

— قىزىم، — دەپتۇ ئانىسى ئىچكەركى ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتقان خاسىيەتنىڭ يېنىغا كىرىپ، — ئېرىڭ قانداقراقكەن، قاملىشىپ قالدىڭلارمۇ؟

— ناھايىتى ياۋاش، ئوبدان ئادەمكەن، راسا ئوبدان قاملىشىپ قالدۇق.

— ئەخمەق، — دەپتۇ ئانىسى خاسىيەتنىڭ سۆزىدىن نارازى بولۇپ، — قاملىشىپ قالغان بىلەن ھېساب ئەمەس، ئەر كىشى دېگەننى خوتۇن كىشىنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغان قىلىپ بويسۇندۇرغان ھېساب. ئەر كىشىنى بارغۇ، خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ: «قولۇمغا سۇ قۇيۇۋېتىپ، ئاندىن ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىڭ» دەپ،

ئىشقا بۇيرۇغۇلۇق. ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاننى قىلىپ «كارت - كۇرت» ئوسۇرۇپ قويغۇلۇق. شۇنداق قىلساڭ، ئۇ بارا - بارا ساڭا بويسۇنىدىغان بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان يۇسۇپنىڭ راسا ئاچچىقى كېلىپتۇ. قو-لۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرىڭ، ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىڭ دېسىغۇ ئۇ ئىشلارنى قىلىۋېتەرمەن. ئەگەر يېنىمدا تۇرۇپ مېنى كۆزگە ئىلماي ئوسۇرىدىغان بولسا، كۆرگۈلۈكىنى كۆزىگە كۆرسى-تەرمەن، يۇسۇپ شۇلارنى ئويلاپتۇ يۇ، لېكىن ھەرگىز چاندۇرماپتۇ...



قايتىپ يولدا كېلىۋاتقاندا، خو-تۇنى مىنىپ كې-لىۋاتقان ئېشەك ھاڭرىيالماي ئىك-كى - ئۈچنى ئو-سۇرۇپ قويۇپتۇ. يۇسۇپ دەرھال خو-تۇننى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپتۇ - دە، ئېشەكنى بىر تۈپ سۆگەتكە مەزمۇت باغلاپتۇ ۋە:

— ھۇ يۈزى قېلىن، مەن سې-نى كۈندە ئوت - سۇ، يەم - بوغۇز بېرىپ بېقىۋاتسام،

مېنىڭ ئالدىمدا كېتىۋېتىپ، مېنى كۆزۈڭگە ئىلماي ئوسۇرغىنىڭ نېمىسى؟! — دەپ، كالتەك بىلەن ئېشەكنى بىر هازا دۇمبالاپتۇ.

ئېشەكنى قاتتىق ئۇرغانلىقىنى كۆرگەن خاسىيەت قورقۇپ لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ، ئۆيىگە بارغۇچە بىر ئېغىزمۇ گەپ-سۆز قىلماپتۇ...

— قانداق، ئېرىڭنى ئىشقا بۇيرۇپ باقتىڭمۇ؟ ئانچە-مۇنچە ئوسۇرۇپمۇ قويدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئانىسى خاسىيەت يەنە بىر قېتىم ئۆيىگە كەلگەندە.

— ۋاي ئانا، — دەپتۇ خاسىيەت ئانىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، — يۇسۇپ ئۆتكەن قېتىم ئۆيگە قايتىشىمىزدا، ئېشەك هاڭرىيالماي بىر-ئىككىنى ئوسۇرۇپ قويۇۋېدى، «مېنى كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ» دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى ئاز قالدى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئوسۇرۇپ قويىدىغان بولسام، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدىكەن. هېلىمۇ خۇداغا شۈكۈر.

شۇندىن كېيىن خاسىيەت ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرمەي، ئېرىنى هۆرمەتلەپ ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. «چاقىنى بۇزغان تانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# قارامۇقچىنىڭ پىيىزى

بۇرۇن قارامۇقچى دېگەن يېزىدا موللاخۇن دەپ بىر كىشى ياشىغانىكەن. بۇ يېزىدا قەدىمدىن تارتىپ پىياز بەكمۇ ئوخشاي-دىكەن. موللاخۇنمۇ ھەر يىلى پىيازنى كۆپ تېرىپ نۇرغۇن ھو-سۇل ئالىدىكەن. ئۇنىڭ بازار ئىچىدە بىر قاساپ ئاغىنىسى بار ئىكەن. موللاخۇن ھەرقېتىم بازارغا كىرگەندە، قاساپ ئاغىنىد-سىگە بىرەر خالتا پىياز ئالغاچ كىرىدىكەن. قاساپ بولسا، دائىم ئۇنىڭغا گۆشلۈك، مايلىق پېتىر مانتا، قورداق، پولۇ، پەرمۇدە قاتارلىق ئالىي تاماقلارنى ئەتكۈزۈپ بېرىدىكەن، ئەمما موللاخۇن ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق تاماققا بىرىنچى ئېغىز تەگكەندىلا:

— ھەي، ھەي، بىزنىڭ قارامۇقچىنىڭ پىيىزىدا تاماق قال-تىس ئوخشايدۇ، جۇمۇ ! — دەيدىكەن. ئۇنىڭ دائىم قاساپنىڭ گۆش - مېيىنى تىلغا ئالماي، ئۆزىنىڭ پىيىزىنى ماختاپ تاماق يېيىشى قاساپنىڭ بەكمۇ جېنىغا تېگىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈنـ-لەرنىڭ بىرىدە، موللاخۇن قاساپنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، قاساپ خوتۇنىغا:

— خوتۇن، بۈگۈن پېتىر مانتا ئەت. غىچلا پىياز چاناپ، پەقەت گۆش - ماي ئارىلاشتۇرماي بىر تەخسە چىققۇدەك مانتا تۈگۈپ قوي، ئۆزىمىزگە ئادەتتىكىدەك گۆشلۈك تۈگەرسەن، — دەپتۇ.

خوتۇن ئېرىنىڭ دېگىنى بويىچە تاماقنى تەييارلاپتۇ. داستىخان سېلىنىپ، هورى پۇرقىراپ، تىترەپ تۇرغان مانتا كەلتۈرۈلۈپتۇ. قاسساپ هېلىقى ئالاھىدە تەييارلانغان پىياز مانتىسىنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ:

— قېنى، بېقىڭلار بۇرادەر، — دەپتۇ قاسساپ مېھماننى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ.

موللاخۇن مانتىدىن بىرنى قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن يەۋې-تىپتۇ. ساھىبخانىنىڭ زورلىشى بىلەن يەنە بىرنى تەستە يەپ-



تۇ، ئەمما قاڭسىق پىيازنىڭ تەمى كۆڭلىنى ئاينىتىپتۇ ـ دە، قايتا داستىخانغا قول ئۇزارتماپتۇ.

— قېنى، قېنى مەرھەمەت، تاماق سوۋۇپ قالدى، — دەپ-تۇ قاساپ.

— ھەي، ھېچلا ئىشتىھايىم يوق ياكى مىجەزىم يوقمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ تاماق ئاغزىمغا بىر قىسمىلا تېتىيدىغۇ، — دەپتۇ موللاخۇن ئوڭايسىزلىنىپ.

— ئەمىسە، ماۋۇنىڭدىن يەڭلا، قېنى مەرھەمەت، — دەپ-تۇ قاساپ ئالدىدىكى تاۋاقنى مېھمان تەرەپكە سۈرۈپ. مېھ-مان ئۇنىڭدىن بىرنى يەپتىكەن، ناھايىتى مەززىلىك تېتىپتۇ.

— ھە، ماۋۇنىڭ تەمى بۆلەكچىلا ياخشىغۇ، — دەپتۇ ئۇ. قاساپ تەنىلىك كۈلۈمسىرەپ:

— ئاۋۇ بولسا، قاراموقچىنىڭ داڭلىق پىيىزى بىلەنلا تۇگۈلگەن مانتا، ماۋۇنىڭغا بولسا، قاساپنىڭ گۆش ـ يېغى-مۇ ئارىلاشقان. دېمەك، قاراموقچىنىڭ پىيىزىغا قاساپنىڭ گۆش ـ يېغى ئارىلاشمىسىمۇ تاماقنىڭ لەززىتى بولمايدۇ ـ دە، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان موللاخۇن خىجالەتتىن لام ـ جىم دېيەلمەي قاپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ بازارغا كىرگەندە، ئاغ-ىنىسىنىڭ ئالدىدا قاراموقچىنىڭ پىيىزى ھەققىدە پەقەتلا ئېغ-ىز ئاچمايدىغان بوپتۇ.

# بىخىل

بۇرۇن بىر بىخىل ئادەم ياشىغانىكەن. ئۇ كىشى بىخىللىقتا شۇنداق ئۇچىغا چىققانىكەنكى، ھەتتا يەيدىغان بىر پارچە نېنىغىمۇ قورسىقى ئاغرىيدىكەن، تاماقنىمۇ پەقەت ئاچتىن ئۆلمەسلىك ئۇچۇنلا يەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ كىشى ئۆزىگە نۇرغۇن پۇل - بايلىق توپلاپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى بايلارغا قاراپ، ئۆزىنى شۇلارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپتۇ ۋە نومۇس كۈچىدىن پۇل كەتسىمۇ ئۆزىگە بىر ئۆتۈك سېتىۋالماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر خۇرجۇنغا ئازراق نان سېلىپ، پوتىسىغا ئاز - تولا پۇلنى تۈگۈپ بازارغا بېرىپتۇ، بازارغا كېلىپ قارىسا، دەرۋەقە بازار شۇنچىلىك ئاۋات، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن. ئۇ بازارنى كەچ كىرگۈچە ئايلىنىپتۇ ۋە نۇرغۇن ئۆتۈكلەرنى كۆرۈپتۇ، ئەمما پۇلنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمەي، قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر قانچە دەللال ئولىشىپتۇ، ئۇلار نۇرغۇن تالاش - تارتىش، سالا - سۆلىھ بىلەن ئاخىر بىر سودىگەرنىڭ بىر پارە ئۆتۈكىنى بۇ بىخىلغا ئوتتۇز تەڭگىگە سودىلىشىپ ئېلىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئۆتۈكنى ئاۋايلاپ، سۈرتۈپ، كىشى-

لەرنىڭ كۆزىچە پارقىرىتىپ كىيىپ، غاچىلداتقان پېتى يېزىسغا مېڭىپتۇ. ئۇ ئادەملەر شالاڭلىغان چەت بىر يەرگە كەلگەندە، ئۆتۈكنى يېشىپ خۇرجۇنغا ساپتۇ ـ دە، يالاڭ ئاياغ ھالدا يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ كېلىۋېتىپ، چوڭقۇر ۋە كەڭرەك بىر ئېرىققا دۈچ كېلىپتۇ. ئۇ ئېرىققا قاراپ، توختا، كۈچەپ تۇرۇپ بىرلا سەكرىسەم، بەلكى ئۆتۈپ كېتەرمەن، دەپ ئويلاپتۇ ۋە خۇرجۇننى ئۇ قىرغاققا چۆرۈۋېتىپ، بارلىق كۈچىنى يىغىپ بىر سەكرىگەنىكەن، «پولتۇڭ» قىلىپ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا چۈشۈپتۇ ـ دە، ئېرىقنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۈچلۈق قوزۇق ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئېرىقتىكى سۇ قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن جان قويىدىغان يەر تاپالماي، سۇنىڭ ئىچىدە يۇمىلىنىپ كېتىپتۇ، ئاخىر مىڭ بىر مۇشەققەتتە تىركىشىپ ـ تىرمىشىپ يۇرۇپ قىرغاققا چىقىپ پۇتىنى قۇچاقلىغان پېتى بىردەم ۋاي ـ ۋايلاپتۇ، بىر ئازدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ پۇتىغا سەپسېلىپ قارىسا، ھەقىقەتەن پۇتى ئوبدانلا زەخىملەنگەنىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ: «ھېلىمۇ ياخشى ئۆتۈكنى سېلىۋەتكەنىكەنمەن، ئەگەر بۇ ئەقىل كاللامغا كەلمىگەن بولسا، ئوتتۇز تەڭگىلىك ئۆتۈكۈم مۇشۇ يەردىلا تۆگەپ، ئوتتۇز تەڭگەممۇ ھارام كېتەر ئىكەن» دەپتۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاقساقلىغان پېتى خورجۇننى مۈرىسىگە سېلىپ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

# داستىخان مەيداندىكى ماجرا

1

ئۆتكەن زاماننىڭ يەر تەۋرىگەن يىلى، جۇمبىل ئەۋلىنىڭ بىرى كەم ئوتتۇزى ئىكەن. ئوچاق مەملىكىتىنىڭ قازان شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق مانتىگۇل بېگىمنىڭ چوڭ قىزى چۆچۈرە بۇۋۇم پۇتۇن غىزا ئەربابلىرىنى يىغىپ توختام سۆھبىتى قىلىش نىيىتىدە، داستىخان مەيدانىنى تۈزۈپ، غىزا مېھمانلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. مىسكەر شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ بېقىۋالمىش، رەڭگىرويى سارغايغان ياپياڭ چىلاپچا شالدام غوجا، ئۇنىڭ كەينىدىن تۆچ مەخسۇمنىڭ ئامراق ئوغلى ئاپتۇۋا مەخسۇم نازۇك بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇپ كىرىپ، تەۋەززۇ بىلەن مېھمانلار بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقىپ كەتتى.

قازان شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى مەرھۇم پادىشاھىنىڭ چوڭ خوتۇنى لۆڭگە خان ھاجىم ھەرەمدىن كەلگۈچە پالەچ كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ تېز مېڭىشتىن قاپتىكەن، ئۇمۇ ئارقىدىنلا قانچە غەيرەتلەر بىلەن سۆرۈلۈپ كېلىپ مېھمانلار بىلەن قولمۇ قول كۆرۈشۈپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا ئۆينىڭ تاشقىرىسىدا، ئالتۇن ئىشتان كىيگەن بۇزرۇك خوجىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان ھەزرىتى ساماۋار پى-

رىم ئەتراپىغا چەينەك ھاپىزلىرىنى يىغىپ، زىكرى ـ سۆھبەت باشلىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا جاراڭ ـ جۇرۇڭ، داغدۇغا بىلەن، يۇرتنىڭ ياشلىرىدىن بولغان پىيالە يىگىتلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ مەيدانغا يېتىپ كەلدى. ئۇندىن كېيىن، تاشقىرىدىن ھەيۋەت بىلەن «پوش ـ پوش !» دېگەن سۈرلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ تاشقىرىدىكى ساماۋار پىرىمىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇنىڭ پوش ـ پوشلىرى چەينەك مۇرىتلىرىنىڭ قىيا ـ چىيالىرى بىلەن پىيالە يىگىتلىرىنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرىنى پەسەيتتى. بىراق، پىيالە يىگىتلەر ئاسماننى قوينىغا يوشۇرماقچى بولۇشتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئەرشنىڭ تۈۋرۈكلىرى لىڭشىپ، جاھان زىلزىلىگە كېلىپ كەتتى. ئارقىدىن داستىخان مەيدانىغا ئۇزۇن چوڭ كوچىدىن «پوش ـ پوش» دېگەن خۇشامەتلىك ئاۋازلار بىلەن پەتنۇس تەختىگە ئولتۇرۇپ، تونۇر ئىقلىمىنىڭ ئەۋلىيالىرىدىن ئىككى يېنىدا مۇھاپىزەتچىلەر توختاتقان ھالدا مەزە تۆرەم چىنە ـ چەينەك، قازىكالان ۋە ھاپىزلىرىنى ماڭغۇزۇپ يېتىپ كەلدى.

پۇتۇن مەيداندىكىلەر مەزە تۆرەمنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشىغا، مەجلىسكە ئازادە ۋە سۈپەتلىك كەلگەن سىنچايخان ھاجىم شاما ھاسىلىرىنى قولتۇقلىرىغا قىستۇرغان، تىنغان رەڭگىنى قىزارتقان ھالدا پىيالە ھارۋىسىدا مۇلايىم سۈپەت بىلەن بويۇنلىرىنى جىم ئېگىپ ئولتۇرۇشىغا، قاتلىما قازاخونۇم چۇۋۇلغان سەللىلىرىنى تۈزەپ، پەرىشان كۆڭلى بىلەن، ھەزرىتى مەزە تۆرەمگە غەزىپى كېلىپ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىغاندىن كېيىن، مەزە تۆرەمنىڭ دۇپدۇگىلەك سېمىز پالۋانلىرىدىن بولغان سامسا باتۇر، قاتلىما قازىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئۆزى بەدەشقاننى كەڭ قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇلار شېكەر باغ مەھەللىسىدىن مېھمانلار ھۇزۇرىغا يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بىشەكشۇن ھاجىم، پېلەك ـ مېلەكلىرىنى تاشلاپ ئالا بەقەسەم

تونلىرىنى كىيىپ كەلگەن كۆكچى نوچى، شىكەرشۇن خېنىم، ئاقچى بايۋەچچە، سەۋزى نازۇك كېلىنچەك، تاۋۇزجان قارىملارنى نالە ـ پەريادلىرىغا قۇلاق سالماستىن ئارقا ـ ئارقىدىن شېھىت قىلدۇرۇۋەتتى. مەرھۇم بىشەكشۇن ھاجىم، تاۋۇزجان قارىملار- نىڭ قانلىرى دەريا ـ دەريا بولۇپ ئاقتى. تاۋۇزجان قارىمنىڭ مۇبارەك تەسۋىلىرى دانە ـ دانە بولۇپ داستىخان مەيدانىغا تېرىد- لىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئەھلىمەھەللە ئاخۇنلىرى بۇ شېھىتلار شەنىگە سۈرە ـ تىلاۋەتلەر بىلەن دۇئا قىلىشتى. بىراق، بۇ- نىڭغا ئوخشاش قان تۆكۈشكە تاقەت قىلالمىغان مەزە تۆرەمنىڭ تومۇرى ھەددىدىن زىيادە كۆپۈپ دەرغەزەپ بىلەن:

— قان تۆكۈشكە سەۋەبچى بولغانلار داستىخان مەيدانىغا ھازىر قىلىنسۇن ! — دەپ ئەمىر قىلغاندىن كېيىن، چۆمۈچ مىرشەپلىرى بىلەن ئىستىقامەت قىلىپ يۈرگەن شورپا خو- جامنى چىنە كۆلچەكلىرىگە قاچىلاپ، قارىمۇچ تەسۋىلىرىنى يانجىپ، يۈزلىرىگە چېچىپ ئېلىپ كېلىشتى. شورپا خوجام ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇشىغا، بۇ ئەيىبنىڭ چۆچۈرە بۇۋىدە ئىكەنلىكى مەلۇم بو-



لۇپ، دەرھال چۈچۈرە بۇۋىگە دورغا ماڭغۇزۇلدى.

چۈچۈرە بۇۋىم رومالللىرىنى باشتىن - ئاخىر ساڭگىلىتىپ، يۇمغاقسۇتتىن ئۇسما قويۇپ، چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ، چامغۇر بوقچىلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرغان ھالدا، دورغىغا تۇتۇق بەرمەي ئۇ بۇلۇڭدىن، بۇ بۇلۇڭغا قىچىپ يۈرگەنلىردە، ھەزرىتى مەزە تۆرەمنىڭ ئاچچىقى زىيادە بولدى - دە، دەرھال قوشۇق دورغىسىغا چۈچۈرە بۇۋىمنى سوراقلا تارتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. چۈچۈرە بۇۋىمنىڭ تەختىراۋانى قازان شەھىرىدىكى داس بېگىمگە ئامانەت قويۇلدى.

بۇ ماجىرادىن كېيىن، يۇتازا مەخسۇم قاسقان ھۇجرىسىدىن ئالدىراشلىق بىلەن تەرلەپ - تەپچىپ چىققان پېتى جىگەردەك سەلللىرىنى ئوراپ، بەلللىرىنى بوشراق باغلاپ، لېگەن ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ماڭاي دېيىشىگە، مانتا باداڭ قاپاقلىرىنى يۇمۇپ، قورساقلىرىنى دومبايتىپ، ئاتىكاچىلىق بىلەن دەررۇ يۇتازا مەخسۇمنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئورۇن ئالدى. ئۇلار بىر - بىرىگە ماي تارتىشىپ مەيدان تەرەپكە مېڭىشتى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان تۇخشىياڭ ئامبىلى لازا دارىن، شوسەي كوجاڭ، چەيزە شىجاڭ، ئاچچىقسۇ لوزۇڭ، تۇرۇپ شاھىتلار چىنە - تەخسىلەردە ئولتۇرۇپ، چوكا مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، شىشە جاڭلىرىنى ئۇرۇپ جاراڭلىتىپ مەيدانغا يېتىپ كەلدىلەر. ھەممىيلەن دەرھال ئۆرۈتۆپە بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇلارنى تۆرگە باشلاشتى.

بىر ئازدىن كېيىن شوسەي كوجاڭنىڭ غەزەپلىك كۆزى مانتا بەگكە چۈشۈپ قالدى. بۇلار بۇندىن بۇرۇن بىرنەچچە قېتىم مەنسەپ ئاداۋىتىدە بولۇشقانىدى. شوسەي كوجاڭ دەرھال پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ لازا شىجاڭغا ئەرز - مەلۇمات قىلدىلەر. لازا شىجاڭ مانتا بەگنى كۆرسىتىپ: «چوكا مىلتىق

بىلەن ئۆلتۇرۇپ، ئاچچىقسۇ لوزۇڭنىڭ غەزىپىنى كۆرستىپ، قورساقلىرىنى يېرىپ، ئۈچەي - باغرىنى چۇۋۇپ تاشلاپ جازا بېرىڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. تەرەپ - تەرەپتىن «خوش، خوش!» دېگەن تەۋەززۇ كۆتۈرۈلۈپ، ھۆكۈم ئورۇندال-دى. كېيىن بۇ پىتنە - ئىغۋانىڭ سەۋەبچىسى بولغان يۇتازا مەخسۇمنى چەمبەرچاس باغلاپ، تەختىدىن ئاغدۇرۇپ، شاھانە سەللىلىرىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، تىرىپىرەن قىلىشقا ھۆكۈم چە-قىرىلدى. شۇ ئەسنادا سىنچاي سۇلھچىلىرى بۇ ماجىرادىن ئەندىشە قىلىپ تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرمەكتە ئىدى.

بىر ئازدىن كېيىن، كۆپ ئىلتىماسلار ئارقىلىق، ھەزرىتى شاھى سۇلتان پولۇ كەپكۇر دۇمباقلىرىنى چېلىپ، چىنە پاساد-لىرىنى تەييار قىلىپ، قوۋۇرغا دەررىسىنى ئېلىپ، بېھى تامغى-سىنى بېسىپ، سەۋزە ئۇقىيالىرىنى بەتلەپ مەيدانغا يېتىپ كەل-دى. مەيدانى داستىخانغا يىغىلغان پۈتۈن تائام ماشايىخلىرى تار-قىلىپ قېچىشقا باشلىدى...

ھەممە ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ھەزرىتى شاھى سۇلتان پولۇ داستىخان سورۇنغا ئۇلۇغۋار نەزەر تاشلاپ، ئاخىر مۇنداق مەز-مۇندا ھۆكۈمنامە ئېلان قىلدى:

بىرىنچى، مانتىگۈل بېگىمنىڭ چوڭ قىزى جۇۋاۋىخان يەل باتۇرنىڭ ھەيدىشى بىلەن ئاچچىق ئۈچەي، تاتلىق ئۈچەي كو-چىلىرى ئارقىلىق تۇرۇمتاي كۆلىبېشى، كوزىچى يار بېشى بە-لەن كونا داتاڭغا ھەيدەپ كىرگۈزۈلۈپ، تۆشۈك دەرۋازىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلسۇن!

ئىككىنچى، بۇ پىتنە - ئىغۋانى تۇغدۇرۇشقا سەۋەبچى بولغان چۆچۈرە بۇۋى داستىخان مەيدانىغا چىقىشتىن قالدۇ-رۇلۇپ، ئورنىغا ئەۋۋىلى مۇقەددەم ساپ نىيەتلىك مەنچىزە خېنىم تەيىنلەنسۇن!

ئۈچىنچى، مەزە تۆرەمىنىڭ مەنسەپلىرى بىلەن تامغىلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، ھاكىمىلىقتا توقاچ پالۋان بەلگىلەنسۇن !

تۆتىنچى، سابىق مەزە تۆرەمنىڭ يۇمىلاق لەشكەرلىرىدىن بولغان سامسا باتۇرلار تۇتۇلۇپ، كېكىردەك ۋە كاناي تۈرمە-لىرىگە قامالسۇن !

بەشىنچى، مەرھۇم تاۋۇزجان قارىم ئۈچۈن شېكەرشۇن خېنىمغا ئۆزرە قويۇلسۇن !

ئالتىنچى، كۆكچى نوچى، بىشەكشۇن ھاجىملارغا سەمەن ۋە پەيزاۋاتلاردىن ئورۇن بېرىلسۇن !

يەتتىنچى، بۇ تائاملارنىڭ قورساق ئىچىدە گۇلدۇر - قاراس، تاراق - تۇرۇق قىلىپ مۇشتلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنى بىسەرەمجان قىلىدىغان ناتوغرا ئەھۋاللارنىڭ يەنە ئۆتۈلمەسلىكىگە سىنچايخان ھاجىم مەسئۇل بولسۇن !

بۇ ھۆكۈمنامىگە شاھى سۇلتان پولۇ، ئاچچىقسۇ لوزۇڭ ۋە شوسەي كوجاڭلار ئىمزا قويۇپتۇ.

## 2

مەن ھىممەت كەمەرىنى بېلىمگە باغلاپ، تىلىمنى ئەقىل سۆزى بىلەن ياغلاپ، ھەرقايسىلىرىنىڭ بۇ چوڭ سورۇنىغا كېلىپ قالدىم، بىر قاراپلا «كۇلۇۋالساق» دېگەن تەمەلىرىنىمۇ بىلىپ قالدىم. مېنى ھەرقايسىلىرى بىلىشمەيلا، بۇ چاغقىچە كۆرگەن بولساقمۇ، كۆرۈشمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن تازا ئوبدان تونۇشمايلا، ھەقىچان: «بۇ قېرى قانچىلىك بىر نەرسە دەپ بېرەر» دەپ، كۆزلىرىگە ئېلىشمايلا، شۇڭا تەزىم قىلسامىمۇ پىسەنت قىلماي چاۋاكمۇ چېلىشمايلا. شۇنداق بولسىمۇ گەپ قىلىپ بېرەي، ئاڭلايلا، كۇلۇشمەيلا، تالاغا چىققاندا، نۆزەم-

بىللا باشقىلارغا دېيىشمەيلا.

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن. ئېيىق باقاۋۇلكەن، بۆرە ھاكاۋۇركەن، تۈلكە ھىيلىگەركەن، سۇغۇر جادۇگەركەن، يولۋاس قاراقچىكەن، مۈشۈك ماراقچىكەن، ھۆپۈپ دورغىكەن، ئاتلىرى يورغىكەن، سېغىزخان جەدىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن، قۇشناچىم ئەردىكەن، نورمىسى سەردىكەن، ھۈنەرۋەن شەھەردىكەن، ئاققۇشقاچ چىقىمچىكەن، سوپى تورغاي بېقىمە-چىكەن، سالما غېجەكچىكەن، پاقا دۇمباقچىكەن، ئالا قاغا ئەزانچىكەن، قارا قاغا يالغانچىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوچاق ئىقلىمىنىڭ قارا قازان ۋىلايىتىدىن دىڭ قولاق چۆچۈرە بۇۋىم بىلەن قاسقانچۇقىنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى مانتا بېگىم سۇپرا ئوردىسىدا بولۇپ ئۆتكەن تويلىرىدا قارىمۇچلۇق قىيما خەلپىتىمنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئەھدە نىكاھ قىلىشقان بولسىمۇ، بىر - بىرىدىن ئېسىللىك تالىشىپ، غىزا ئىقلىمىنىڭ يۇرت كاتتىلىرىنى تەكلىپ قى-لىپ، دەۋا ئېيتىپ بىر تەرەپ بولۇپ كېتىشمەك بولۇشتى.

پاختەكلىدىن سەۋزە بۇرۇت پولو مەخسۇم، قاقۇللىدىن چامغۇر سۆگەك ئاقشاق باخشى، ئوپالدىن گۇلە گۇللۇك ئۇماچ دورغا، ئاققاشتىن موندەك ساقال يوبدان ئەلەم، يامانياردىن توڭ-كاي چىش ياما سوپى، چويلا مەھەللىسىدىن سۆرەپ سالا لەڭ-مەنچۇك بىلەن پالكۆز تەگمەنگۇل، جۇمبىلە كوچىسىدىن يوغان سەللە يۇتازا ھاجىم بىلەن ئەمەلدارلار تائىپىسىدىن لازا سو-جاڭ، ئاچچىقسۇ كوجاڭ، بەسەي جۇرىن، جاڭيۇ جويجاڭ، باغ ئايمىقىنىڭ مېۋىلەر تەبىقىسىدىن ئانار چوڭ، ئەنجۇر باي، ئا-مۇت يۈزبېشى، ئالمىخان سەتەڭ قاتارلىقلار نەق مەيدانغا ھا-زىر بولۇشتى. ۋاكالەتچى ساھىبخانىلىققا تەيىنلەنگەن داستى-خان ئايىم مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراۋاتقاندا، مى-

كەرچى شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ بېقىۋالدى ئوغلى سىرىق چىراي
چىلاپچا شالدام بىلەن تۈچ مەخسۇمنىڭ ئامراق ئوغلى ئاپتۇۋا
مەخسۇمزادە قىز بالىنىڭ نازۇك بويىنىدەك ئۇزۇن بويۇنلىرىنى
غازدەك سوزۇپ، نازاكەت ۋە تەۋەززۇ بىلەن ئايلىنىپ بارلىق
مېھمانلار بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشۈپ چىقىپ كېتىشتى. مېھ-
مانخانا مەملىكىتىمىزنىڭ تۆر شەھىرىدىكى قوزۇق تەختىدە ئول-
تۇرۇشلۇق، ياش تۇرۇپلا تۇل قالغان لۆڭگىخان ھاجىم ھە-
رەمدىن كەلگۈچە پالەچ كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىپ، يول
مېڭىشتىن قالغان بولسىمۇ، كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى
ئۈچۈن مۇدۇرۇپ - سۇرۇلۇپ، چىلاپچا شالدام ۋە ئاپتۇۋا
مەخسۇمغا ئەگىشىپ، مېھمانلارنىڭ تەۋەررۈك قوللىرىنى يۈز-
لىرىگە سۇرتۇپ تاۋاپ قىلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ زامان
داستىخان ئايىممۇ ئۆز نۆۋىتىنى قولدىن بەرمەي مېھمانخانىغا
ئۆزىنى ئاتتى.

پەتنۇس تەختىدە ئولتۇرۇپ گېزەك كېنىزەكلىرىنىڭ
ھەمراھلىقىدا سۆلەت بىلەن يېتىپ كەلگەن مەزەگۈل خېنىم تو-
نۇر ئىقلىمىدىن بولغان قاتلىما قازاخۇنۇم ھەمراھلىقىدا شىرمان
شاھزادە، توقاچ بايۋەچچە، سامسىگۈل ۋە گۆشگىردە باتۇرلارنى
يېتىلىشىپ «پوش - پوش، مەرھەمەت، قېنى - قېنى» تەكەللۇپ-
لىرى ئارا سۆلەت ۋە نازاكەت بىلەن داستىخان تۆرىدىن ئورۇن
ئالدى. ئۆز ئەدەپ - ئىناۋەتلىرىنى ساقلىماي ساڭزا - سام-
بۇسا گېزەك كېنىزەكلەر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ،
تونۇش، ناتونۇش مېھمانلارنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىۋاتقان ئەركە
نايناق گۆشگىردە باتۇر بىلەن سامسىگۈلنىڭ شوخلۇقىدىن
رەنجىگەن قاتلىما قازاخۇنۇم شۇنداق ئاچچىقلاندىكى، قەۋەت -
قەۋەت يۆگەلگەن سەللىلىرى چۇۋۇلۇپ، سېمىز يۈزلىرىدىن
ياغلىرى تەپچىپ كەتتى.

دەل شۇ پەيتتە هويلىدا ئالتۇن تونلۇق تۇچ مەۋلىۋىنىڭ
باش مۇرىت ھەزرىتى ساماۋار ئىشان ئەتراپىغا چەينەك ھاپىز-
لىرىنى ۋە پىيالە مۇرىتلىرىنى يىغىپ ھالقا قۇرۇپ زىكرى -
سۆھبەت باشلىۋەتكەنىدى. ئۇلارمۇ تەكلىپ بىلەن جەرىلىرىنى
توختىتىپ مېھمانخانا پەگاھىدىكى شىرە ئۈستىدىن ئورۇن
ئېلىشتى. داستىخان ئۈستىدە مەزەخان تۆرەمنى تاۋاپ قىلد-
شىپ تۇرۇشقانلارنىڭ تەكلىپى بىلەن شاما گۈللىرىنى چېكد-
سىگە قىستۇرغان سىنچاي خېنىم تارتىنچاقلىقىدىن رەڭگى
قىزارغان پېتى مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن لەۋ يېقىشىپ
كۆرۈشتى. لەۋ يېقىپ كۆرۈشۈش شېرىنلىكىدىن ھەممەيلەن
مەستۇمۇستەغراق بولۇشتى بولغاي، سورۇننى بىردەملىك
سۈرلۈك جىمجىتلىق قاپلىدى. شۇ پەيتتە شېكەر باغ مەھەل-
لىسىدىن دۇپدۇگىلەك بېشەكشۇن ھاجىم بىلەن يېشىل تونلۇق
كۆكچى نوچى، سەۋزە نازۇك قارىقاش خېنىم بىلەن بەقەسەم
نىمچە كىيگەن شېكەرشۇن ئاغىچا، ئاقچى بايۋەچچە بىلەن
ئاچچىقى يامان چاچۇرۇك نوچىلار ھەيۋەت بىلەن كىرىپ كې-
لىشتى. بۇلارنىڭ ئۆزىدىن بالدۇر كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن
تاۋۇز قارىمىنىڭ ئاچچىقى شۇنداق كەلدىكى، غەزىپىگە پايلىماي
پىچاق تېگە - تەگمەيلا قارنى يېرىلىپ كەتتى. باغرى يۇمشاق
بېشەكشۇن ھاجىمنىڭ شېھىتلىك مۇقامىغا يەتكەن تاۋۇز قا-
رىمغا شۇنچىلىك ئىچى ئاغرىدىكى، كۆز ياشلىرى دەريا -
دەريا بولۇپ ئاقتى. تاۋۇز قارىمىنىڭ قىپقىزىل قانلىرى
داستىخاننى بويىۋەتتى، مۇبارەك تەسۋىلىرى دانە — دانە بولۇپ
چېچىلىپ كەتتى. بۇ ئالامەتنى كۆرۈشكە كېچىكىپرەك كەلگەن
شورپا مەخسۇمنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن كۆزلىرى ھەيران-
لىقتىن پارقىراپ كەتتى. سىنچاي خېنىم پىيالە بەتىنكىلد-
رىنى جىرىڭشىتىپ، چېكىسىگە قىسىۋالغان شاما گۈللىرىنىڭ

چۈشۈپ قالغانلىقىغىمۇ قارىماي پەتنۇس خادىكلىرىغا ئۇلىتۇ-
رۇپ، ساماۋار ئىشان بىلەن چەينەك ھاپىزلىرىغا دادخورلۇق
ئېيتىش ئۈچۈن بەدەر قاچتى. بۇ ئارىدا ماجىرانى سورۇن بى-
لەن تەمىنلىگەن چۆچۈرە بۇۋىمنى شۇ گۇناھى ئۈچۈن جاۋاب
بېرىشكە چاقىرىش ئۈچۈن چۆمۈچ يۈزبېشى بىلەن قوشۇق
ئونبېشى ماڭدۇرۇلدى. گۇناھىدىن قورقۇپ كېتىپ پىنىنە-
يۈمغاقسۇتىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان چۆچۈرە بۇۋىم ئاخىر
چۆمۈچ يۈزبېشىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، قوشۇق ئونـ-
بېشىغا تۇتۇلۇپ قالدى. چۆچۈرە بۇۋىم يەنە قېچىپ كەتمىسۇن
ئۈچۈن، يۈندىپۇرۇش تۇتقاۋۇلنىڭ تۇنىكا ھويلىسىغا قاماپ
قويۇلدى. ئۇزۇندىن بۇيان تاپاۋەت كويىدا قازىلىقنى تەمە قى-
لىپ يۈرگەن يۇتازا مەخسۇم مانتا بېگىمنىڭ يوقلۇقىدىن پايـ-
دىلىنىپ، مۇۋەققەت قازى بولىمەن دەپ، ئۆز - ئۆزىنى تە-
يىنلەپ كېرىلگىنىچە تەلەڭگە تېيىغا مىنىپ سورۇنغا يېتىپ
كەلدى. ئەزەلدىن يۇتازا مەخسۇم بەگلىكىمنى تارتىۋالمىغىيـ-
دى، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئورۇقلاپ، تېرىسى نېپىزلەپ، يۇ-
تازا مەخسۇمنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ يۈرگەن گۇمانخور مانتا
بېگىم يوشۇرۇنۇپ تۇرغان قاسقان ھۇجرىسىدىن تەخسە كەشـ-
نى چالا سېپىپ، ھور پەرەنجىسىنى يېپىنغىنىچە سورۇنغا
كىرىپلا غەزەپتىن يېرىلىپ كەتتى. بۇ ماجىرانى تۈگىتەلمەي
تۇرغاندا تۆپە - تۆپىلەپ ماجىرا قايناپ كېتىپ سورۇن ئەھـ-
لىنىڭ ھەممىسىنى ساراسىمىگە سالدى. يەنىمۇ يوغانراق ئىش
چىقىپ قېلىشىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن داستىخان ئايىمىنىڭ
يۈرت ئامبىلى توكا لويى بىلەن ئاقساق شويىغا قىلغان ئەرزى
بىلەن، لازا سوجاڭ، ئاچچىقسۇ كوجاڭ، شوسەي لەنجاڭ،
شەنسەي پەيجاڭلار چوكا مىلتىقلىرىنى بەتلەشتۈرۈپ ماجىرا
مەيدانىدا ھازىر بولۇشتى. سورۇن ئەھلى قورقۇنچىدىن ئۆرۈ-

تۆپە بولۇشۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. خۇشامەتكە پۇرسەت تاپقانلار بولسا، تەمەلىك تەزىملىرى بىلەن بۇ ئەمەلدارلارغا داستىخان تۆرىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. لازا سوجاڭ بىلەن ئاچچىقسۇ كوجاڭ، شوسەي لەنجاڭ بىلەن شەنسەي پەيجاڭلار دەرھال سوراققا تۇتۇش قىلدى. ئالدى بىلەن مانتا بېگىم قايناپ تۇرۇپ يۇتازا مەخسۇم ئۇستىدىن شىكايەت باشلىدى، يۇتازا مەخسۇمۇ بوش كەلمەي، قاقشاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ شىكايەت قىلىپ كەتتى.

ئەمەل - مەنسەپ، ھوقۇق - نەپ تالىشىپ بىر - بىرىنىڭ ئۇستىدىن خىجىل بولماي، يالغان - ياۋىداق شىكايەت باشلاپ سوراق تەرتىپىنى بۇزغان مانتا بېگىم بىلەن يۇتازا مەخسۇمغا مۇنداق جازا ھۆكۈم قىلىندى:

بىر - بىرىنىڭ ئۇستىدىن يالغان - ياۋىداق شىكايەت قىلىپ، سوت تەرتىپى ۋە سورۇن ئىنتىزامىنى بۇزغان مانتا بېگىم بىلەن يۇتازا مەخسۇمنىڭ قارنى يېرىلىپ، سەللىلىرى چۇۋۇۋېتىلسۇن. بۇ جازانى شوسەي لەنجاڭ نەق مەيداندا ئىجرا قىلسۇن.

ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىشى بىلەن پۈتۈن مەيداننى ۋەھىمە قاپلىدى. سىنچاي خېنىممۇ دەرھال سۇلھى يورغىسىنى سورۇندا چاپتۇرۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا بۇ دەۋا بىلەن ماجىرانىڭ ئۇزۇل - كېسىل بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھەزرىتى شاھى سۇلتان پولۇ غەزەپتىن يۈزىدىن مېيى تەپچىپ تىترەپ تۇرغان ھالدا نەغمە - ناۋالىرىنى ياڭرىتىپ، لىگەن تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ، قوۋۇرغا تاجىنى كىيىپ، بېھى تامغىلىرىنى كۆتۈرۈپ سورۇنغا يېتىپ كەلدى. ئومۇمىي ئەھۋالدىن بىر قۇر خەۋەر تاپقاندىن كېيىن داستىخان مەيدانىدىكى شاھانە ئورۇننى ئۆزى ئىگىلەپ مۇنداق بىر قەتئىي ھۆكۈم چىقاردى:

بىرىنچى، مانتا بېگىمنىڭ خوتۇنى چۆچۈرە بۇۋىم جۇۋا-ۋىگۇلدىن ئېرىنى كۈنلەپ ماجىرا پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆگرە ئارغامچىسىدا چەمبەرچاس باغلىنىپ، ئوتتۇز ئىككى چىشلىق جادىدا توغرىلىپ، يۇتقۇنچاق دەرۋازىسىدىن ئۆتكۈزۈ-لۈپ، كاناي، قىزىل ئۆڭگەچ مەھەللىسى ئارقىلىق ئاشقازان زىندانىدا مەلھەم قىلىنىسۇن. ئاچچىق ئۈچەي يولى، تاتلىق ئۈچەي كوچىسىدا سازايى قىلىنىپ، سۈيۈقى سۈيدۈك دەرۋا-زىسىدىن، قويۇقى كۈيتۈك دەرۋازىسىدىن سۈرگۈن قىلىنسۇن. مەرھۇم مانتا بېگىمنىڭ بەگلىك ئەمىلى غىزا ئەھلى يىغىلىپ بەگ سايلىۋالغۇچە، مەزكۇر مەزەگۈل تۆرەمگە ئۆتكۈزۈپ بې-رىلسۇن. بۇ پەرمان توقاچقا تۇكچە تامغا بېسىلغان مەخسۇس نامە بىلەن ئەھلى غىزاغا جاكار قىلىنسۇن.

ئىككىنچى، مەزكۇر ماجىرا توختىتىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشى ئاخىرلاشقۇچە ماجىرانىڭ غوۋغا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سوراق ۋە سوت ئىشلىرىغا يۇتلىكاشالىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىشەكشۇن ھاجىمغا قوغاندىن، ئاقچى بايۋەچچىگە ئاق-تامدىن، كۆكچى نوچىغا كۆكچىدىن، قارا كۆسەي بايغا ئىشلەم-چىدىن، شېكەرشۇن خېنىمغا شېكەر باغ بىلەن قاقۇللىدىن، ئاچچىقى چۇس ئاق ناۋاتقا كاندىرىدىن، سەۋزە نازۇك ئايىمغا سۈللۈغدىن، چاچۇرۇككە ئۈجمىلىكتىن، چىلگە گۈل يۇمىلاقتا سەمەندىن، چارقوغۇنغا مورتۇمدىن، مەرھۇم تاۋۇز قارىمىنىڭ ئۇرۇق، ئايماقلىرىغا پاختەكلىدىن، قۇنا دارازىغا مۇشتىن، قا-رىقاش چوكانغا يېڭىئېرىق بىلەن چېچەكلىكتىن، ئانار مار-جانچى بىلەن ئەنجۇر ھەسەلچىگە بەشكېرەمدىن، ئۈزۈم سوپىغا سايۋاغدىن، چىلان قىزىلمۇشقا بويىلا بىلەن قاغىلىقتىن، ياڭاق بىلەن بادامغا زەمىندىن، ئامۇت كۆك تۇمشۇققا يېگى ئۆس-تەڭدىن، ئاغچا ياغلىق سوقا جانانى خېنىملار بىلەن خۇۋەينى

بوڭبوڭغا تاشملىقتىن ئورۇن بېرىلىپ، دەرھال بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاپشۇرۇلسۇن.

ئۈچىنچى، نەشە ئوغا، تاماكا غوۋغانىڭ قەغەز ـ سەرەڭگە ئوت قۇيرۇقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ، داستىخان مەيدانىدا ئوت يېقىپ، بۇس چىقىرىپ ئىس ـ تۈتەك تارقىتىشى قەتئىي چەكلەنسۇن.

تۆتىنچى، ئەھلى سورۇن ئالدىدا ئەيمەنمەستىن تىغ كۆتۈرۈپ تاۋۇزقارىم قاتارلىقلارنى شېھىت قىلغان پىچاق قاتىل ئاسما يامۇلنىڭ غىلاپ زىنندانىغا بېشىنى يەرگە، پۈتىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئېسىپ قويۇلسۇن.

بۇ ھۆكۈم ھازىردىن باشلاپ كۈچكە ئىگە، دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن.

ھۆكۈم چىقارغۇچى: شاھى سۇلتان پولۇ.

تارىخىي بىر مىڭ، تەخىيى تۆت يۈز ھىجرىيە جامادىيەلئاخىرىنىڭ 367 ـــ كۈنى.

# كېكىردەك لەشكىرى بىلەن تائام لەشكىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ

ئانداق رىۋايەت قىلىپتۇركى، ئىبنى شاكىر دېگەننىڭ زامانىسىدا، كېكىردەك لەشكىرى بىلەن تائام لەشكىرى جەڭ قىلماق بولدى. بۇ ۋاقىتتا پولۇ پادىشاھ، ئۆپكە پالۋان، مانتا قازى، چۆچۈرە چەپبېگى①، جىڭمۇما دوپبېگى②، لەگمەن يايى، قاتلىما شەيخۇلئىسلام، توغاچ يوسۇل③، چوۋات مۇنەججىملەر بىر جايغا كېلىپ باش قوشۇپ كېكىردەك لەشكەرلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشتى. توغاچ يوسۇل بىلەن چوۋات مۇنەججىم: «مۇبادا كېكىردەك لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كەڭ يەرلىرىنى قىستاپ، تار يەرلىرىنى نىقتاپ، قامچىسىنى نابۇت قىلىۋېتەرمىز» دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ غەيرەت ـ جاسارىتىنى بىلدۈرۈشتى. بولارنىڭ مۇنداق غەيرەتلىك پالۋانلار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان پولۇ پادىشاھتا زور ئىشەنچ پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن جىمى تائام لەشكەرلىرىنى سەپ تۇرغۇزۇپ، ئۆزى جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىگە كېلىپ تۇردى. بۇ چاغدا نوقۇت قورۇقچى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

---

① چەپبېگى — ئەمەل نامى.
② دوپبېگى — ئەمەل نامى.
③ يوسۇل — ئەمەل نامى.

— ھەي ئۇلۇغ شاھىم، بىزلەر ناھايىتى خىرامان تۇرۇپ-تىمىز. بىزدە بىرئاز جەڭ تەرەددۇتى بولمىسا، كېپىكىردەك لەشكەرلىرى كېلىپ بىزنى نابۇت قىلىۋەتمىسۇن، — دېدى.
پولۇ پادىشاھ باش لىڭشىتىپ:
— ھەي نوقۇت قورۇقچى، ئاۋۇ كۆرۈنگەن چوققىنىڭ بېشىغا چىقىپ قاراپ تۇرغىن، ئەگەر كېپىكىردەك لەشكەرلىرىنىڭ بارانىنى كۆرسەڭ بىزلەرگە دەرمەھەل خەۋەر قىلغىن، — دېدى.
«خوپ !» دەپ نوقۇت قورۇقچى چوققىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. نوقۇت قورۇقچى چوققىغا چىقىپ بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كېپىكىردەك لەشكەرلىرىنىڭ نەرە تارتىپ، تۇغ - تۇمانلىرىنى قايناتىپ، ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ خەۋەرنى دەرھال پولۇ پادىشاھقا ئېيتىپتى. پولۇ پادىشاھ جىمى تائام لەشكەرلىرىنى سەپ تۇرغۇزۇپ، قەلئەئىي لېگەنگە بەتلىنىپ، گۆشنى ئۆزىگە سىپەر[1] قىلىپ، جەڭنىڭ ئالدىنقى سەپ مەيدانىغا كىرىپ تۇردى. كېپىكىردەك لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، شۇنداق قاتتىق جەڭ بولۇپ كەتتىكى، گوياكى قوتاندىكى قويغا بۆرە تەگكەندەك، قومۇشقا ئوت تۇتاشقاندەك بولدى. ئەييۇھەنناس ! ئەلمىساقتىن بېرى ئادەم پەرزەنتى مۇنداق كەسكىن جەڭنى كۆرگىنى يوق. چاشكا ۋاقتى بىلەن باشلانغان جەڭ نامازدىگەر بىلەن ئاخىرلاشتى. ناھايەت كېپىكىردەك لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ، پولۇ پادىشاھنى يەسىر ئەيلىدى. ئاندىن كېيىن بېشىغا دەستۇر ئورىغان، ئۇزۇن پەرىجە كىيىپ بېلىنى چىڭ باغلىغان مانتا قازى غەزەپ بىلەن قىلىچ، نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ قەلئەئىي لېگەنگە بەتلىنىپ تۇرغانىدى، كېپىكىردەك لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ، مانتا قازىنىمۇ نابۇت

---

[1] سىپەر — قالقان.

قىلدى. بۇ جەڭدىن كېيىن جىڭموما دوپپىگى، لەڭمەن يايى، قاتلىما شەيخۇلئىسلاملار قەلئەئىي لىگەنگە چىقىپ تۇرۇۋېدى، ئۇلارنى ھەم نابۇت قىلدى. ئاندىن كېيىن شۇنداق بىر نەرسە چىقىپ كەلدىكى، قارىغۇدەك بولسا جەببىي - جوشلىرىنى[①]، گازا[②]، قالپاقلىرىنى كىيگەن بولۇپ، لەشكەرلىرىنىڭ كىيىنىشى ئىخچام ھەم سانى نۇرغۇن ئىدى. بۇ كىمدۇر دېسە، چۆچۈرە چەپپىگى، دەپ جاۋاب بەردى نۇقۇت قورۇقچى. كېكىردەك لەشكەرلىرى ھەربىر تىنىق ئارىلىقىدا ئۇلارنىڭ بىرىنى دېگۈدەك نابۇت قىلدى.

چىقتى قازاندىن بىر تۇمان، باستى مەيداننى مانان، قازان قەلئەسىدىن چىقىپ، يول ئالدى لىگەن قەلئەسى تامان. ئۇ كىمدۇر دېسە، ئۇ ئۆپكە پالۋان. ئۆپكە پالۋان ناغرىلىرىنى ئۇرۇپ، كارنايلىرىنى قېقىپ، تۇغ - ئەلەملىرىنى تارتىپ، ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن قەلئەئىي لىگەنگە چىقىپ بەتلەندى. ئۇنىڭ ھەيۋەت بىلەن كېلىشى مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، كېكىردەك لەشكەرلىرىنى ۋەھىمە ئىچىدە قالدۇرغاندى. بىراق، كېكىردەك لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆتكۈر جادا بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ئۆپكە پالۋاننى ئەمبەل مەيدانىدا قورشاپ ئېلىپ، تۇتقۇن قىلىپ، بىرمۇبىر جادىغا بېسىپ، جانلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا ئەيلىدى. ئاندىن كېيىنلا گويا ئەجدىھادەك گاھى تۇگۇلۇپ، گاھى سوزۇلۇپ، ئاجايىپ قالتىس بىر نەرسە قەلئەئىي لىگەنگە بەتلىنىپ چىقىپ تۇردى. بۇ كىمدۇر دېسە، ھېسىپ، دەپ جاۋاب بەردى نۇقۇت قورۇقچى. كېكىردەك لەشكەرلىرى غالىب كېلىپ، ئۇنى ھەم چېپىپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتى.

---

① جەببىي - جوش — دۇبۇلغا.
② گازا — پەشمەت.



بىردىنلا جەڭ مەيدانىنىڭ ئاسمىنىدا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، يالت - يۇلت چاقماقلار چېقىلىپ، ۋەھىمىلىك سادالار زېمىن كۆكسىنى قاپلىدى. تائام لەشكەرلىرى شۇنداق كۈچلۈك قوشۇن تۈزۈپ، ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلدىكى، ناھايىتى يىراقتىنلا ئۇق - دورا پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. بۇ كىمدۇر دېسە، شوچا① ئىشتەي بېگى، دەپ جاۋاب بەردى نۇقۇت قورۇقچى. شوچا ئىشتەي بېگى لەشكەرلەرنى پال - پۇل، ۋال - ۋۇل زەبەرجەتتىن كۆز قويغان كىيىملەر بىلەن كىيىندۈرگەن بولۇپ، پىنتوزىدىن كەمەر باغلىغان، قۇيرۇق مېيىنى قېيىق، لەخپۇڭلارنى قولۋاق قىلىپ، جاسارۇ، جاسىۋەنزىلەردىن ياسالغان پارتلاتقۇچ بومبىلار بىلەن قوراللىنىپ جەڭ مەيدانىغا كەلدى. لەشكەرلەرنىڭ شەپەقتەك قىزغۇچ تونلىرى قوشۇنغا قالتىس سەلتەنەت بېغىشلىغانىدى. بۇ قېتىم شوچا ئىشتەي بېگى بۇ جەڭگە سەرخىل قوشۇن تەشكىللىگەنىدى.

كېكىردەك لەشكەرلىرى نۇرغۇن جەڭ قىلغانلىقتىن ئېغىر دەرىجىدە ھارغىنلىق ۋە چارچاش ھېس قىلدى. شۇنداق-

---

① شوچا — شورپىنىڭ بىر خىلى.

تىمۇ كېكىردەك لەشكەرلىرى تائام لەشكەرلىرىگە قارشى ئەڭ ئاخىرقى لەشكىرىي كۈچىنى توپلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمدىلا ھۇجۇمنى باشلىغۇىدى، زەبەرجەتتىن كۆز قويغان، قىزغۇچ تون كىيگەن شوچا لەشكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك ئوت كۈچى كېكىردەك لەشكەرلىرىنى گويا قوقاسقا چۈشكەن يىلاندەك تولغاندۇرۇۋەتتى. پىيادە لەشكەر لازا نەشتەر بىلەن قوراللانغان بولۇپ، كېكىردەك لەشكەرلىرىگە ئالماس نەيزىدەك سانجىلاتتى. كېكىردەك لەشكەرلىرى قاتتىق يۆتەلگە مۇپتىلا بولۇپ، ئىچى سانجىققا تولۇپ، كۆز چەشمىلىرىدىن سۇلار بۇلدۇقلاپ ئېقىپ، بەدەنلىرىنى مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى قاپلىغاندى. كېكىردەك لەشكەرلىرى بىرئاز چېكىنىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ئون ئىككى بال كۇھىقاپ بورىنى چاقاردى. شوچا ئىشتەي بېگى لەشكەرلىرى تۇرۇپ ئىلگىرىلەپ، تۇرۇپ چېكىنىپ، كېكىردەك لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىۋەردى. بىراق، كېكىردەك لەشكەرلىرى بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشتىن قاتتىق ھالسىرىغانلىقى ئۈچۈن چېكىندى. خەيۋەن[1] دېڭىزىدا نۇرغۇنلىغان لەشكەرلەر گاھى پىنھانە، گاھى ئاشكارا بەتلىنىپ تۇردى. بۇ جەڭنىڭ ۋاقتى بەكمۇ سوزۇلدى. ئەلمىساقتىن بېرى ئادەم پەرزەنتى مۇنداق شىددەتلىك ھەم ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىرەر جەڭنى ئەسلا كۆرۈپ باققىنى يوق ئىدى.

كېكىردەك لەشكەرلىرى ئوبدان دەم ئېلىپ، ئۆزلىرىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا شۇنداق شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ شوچا ئىشتەي بېگىنى يەسىر ئەيلىۋەتتى. چۈنكى، كېكىردەك لەشكەرلىرى كۈچلۈك ئىنتىزام، پولاتتەك چىڭ ئىتتىپاقلاشقان لەشكىرىي كۈچكە، مول بىلىم ۋە ئۇ-

[1] خەيۋەن — چوڭ چىنە.

رۇش قىلىش تەجرىبىسىگە ئىگە قوماندانلارغا ئىگە ئىدى.

ئاندىن كېيىن بۇ جەڭنىڭ سىپپى چۇۋات مۇنەججىمگە يېتىپ كەلدى. چۇۋات مۇنەججىم مۇراجىئەت قىلدىكى: «ھەي يار ـ بۇرادەرلەر، شۇنچە زەبەردەست قوشۇن تەشكىللىگەن شوچا ئىشتەي بىگىمۇ نابۇت بولدى. مەن يېگىلا كېسەلدىن ساقايغان، تولۇق ماغدۇرۇمغا كېلەلمىدىم. ئەگەردە كېكىردەك لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، ماڭا ئازار بېرىدىغان بولسا، ئۇستىخانلىرىم رىزە ـ رىزە بولۇپ كېتىدۇ».

توغاچ يوسۇل: «بىز ئىككىمىز ئاغىنە ئىدۇق، بارنى تەڭ يېگەنىدۇق، تونۇر قەلئەسىدە بىللە تاۋلانغانىدۇق. ماڭا بەردىڭ كۆپ بىلىم، ساڭا سادىق ئاق دىلىم. ئەگەر خەۋپ كەلسە ساڭا، ئىتەرگىل دەرمەھەل ماڭا. سېنىڭ يۈكۈڭنى مەن كۆتۈرەي، كەلسە رەقىبىڭ ھامان ئۆلتۈرەي. ئاۋۋال مەن ئۆتەي سەپنىڭ ئالدىغا، يوشۇرماي ئۆزۈمنى دالدىغا» دېۋىدى، چۇۋات مۇنەججىم توغاچ يوسۇلنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ، تىزلىنىپ تۇردى. كېكىردەك لەشكەرلىرى شىددەت بىلەن يېتىپ كېلىپ، بىردەمدىلا توغاچ يوسۇلنى يەسىر ئەيلىۋەتتى. چۇۋات مۇنەججىم توغاچ يوسۇلنىڭ ئاستىدا ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، كېكىردەك لەشكەرلىرى تائام لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسىر ئېلىپ ھەيدەشتۈرۈپ، ئۇستىخان دەرۋازىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، قورساق زىندانىغا بەند قىلدى.

# ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى

بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى ئاچ كۆز بىر ئاخۇنۇم ئۆتكەنىكەن، ئۇ تالىپلىرى بىلەن توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا بارغاندا، نازۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يەۋېتىدىكەن - دە، ئاندىن تالىپلارغا قاراپ:

— مەن يېسەم سىلەر يېگەنگە ئوخشاش، — دەيدىكەن.

بىر كۈنى ئاخۇنۇم تالىپلارنى ساياھەتكە باشلاپ چىقىپتۇ. كۈن ناھايىتى ئىسسىق بولغاچقا، دەرياغا چۆمۈلۈۋالاي دەپ، كىيىملىرىنى يېشىپ چۆمۈلۈپتۇ. تالىپلار ئاخۇنۇمنىڭ چۆمۈلۈپ بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىز دەرياغا كەلكۈن كېلىپ ئاخۇنۇمنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. ئاخۇنۇم تالىپلارغا قاراپ:

— مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار ! مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار ! — دەپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ. تالىپلار:

— ئاخۇنۇم، بىز ئامان قالساق، سىلى ئامان قالغانغا ئوخشاش، — دەپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئاخۇنۇم ئېقىپ كېتىپتۇ.

## بوقىز قايسى سۆزى بىلەن ئاتا-بالىغا ياردى

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، بەزىدە ئاچ بولسا، بەزىدە توق
ئىكەن، بەزىلىرى جۈپ بولسا، بەزىلىرى تاق ئىكەن. شۇنداق
زامانلارنىڭ بىرىدە، بىر يۇرتتا بىر كىشى بولغانىكەن، ئۇ
كىشىنىڭ مەمەتنىياز دېگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەر
ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ ئوغۇل چوڭ بولغانچە، مەمەتنىياز دېگەن
بۇ ئىسىم مەتنىيازغا ئۆزگىرىپتۇ. قىش ئۆتۈپ ئەتىياز كەپ-
تۇ، كېيىن ياز ئۆتۈپتۇ، كۈز تۈگەپتۇ، قىشمۇ ئارقىسىدىن
قوغلاپ كەپتۇ. كىشىلەر تۇنجى ياغقان قارنىڭ شەرپىگە ئۆز-
لىرىنىڭ قائىدە - يوسۇنى بويىچە كاتتا زىياپەتلەرنى راسلاپ،
قارلىق ئويۇنى ئويناپتۇ، كىشىلەرنىڭ دىلى شاد - خۇراملىق-
تىن يايراپتۇ، ئۆي - ئۆيلەردە تويلار قايناپتۇ، يۇرت - جاما-
ئەت توي ئويناپ هارماپتۇ، ئوينىغانچە تويغا قانماپتۇ، مەتنى-
يازمۇ ھەممە تويدىن قالماپتۇ. شۇنداق كۈنلەردە مەتنىيازمۇ
بالاغەتكە يېتىپ چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قاپتۇ. ئوغۇل «جۆي-
لۈمەك» بوپتۇ، دادىسى بالىسىنى «ئۆيلىمەك» بوپتۇ. شۇنداق
قىلىپ، دادىسى ئەل - يۇرت ئارىسىدىن ئۆزىگە يارىغۇدەك
بىر كېلىن تېپىش ئۈچۈن ئوغلىنى يېتىلەپ مەھەللىمۇمە-
ھەللە ئايلانماق بوپتۇ. ئوغۇل بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار ئاي-
لىنىشنى باشلىۋېتىپتۇ، كاللىسىدىكى بارلىق خىياللارنى

تاشلىۋېتىپتۇ، ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا بىرمۇبىر كېلىۋېرىپتۇ. دادىسى ھەربىر قىزى بار ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈپ ئوغلىغا كايىپتۇ، گۇناھلارنى قويۇپتۇ. بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلارنى ئاڭلىغان قىزلار ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپتۇ، ئىشىك ئالدىدىكى بولغان ئىشنى كۆرۈپتۇ، بىردەم ھەيرانلىقتا تۇرۇپتۇ، ئاندىن ئەقلى لال بولغان ھالدا:

— ۋاي ئاتا، ئوغۇللىرىغا نېمانچىلا كايىيلا، ئاچچىقلىرىنى بېسىۋالسىلا، — دەپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— مەن نېمە قىل دېسەم شۇنى قىلىدۇ، — دەپ دادلاپتۇ. قىزلار كۆڭلىدە، قانداق ساراڭ ئادەم بۇ، دەپ ئويلاپ:

— دېگەنلىرىنى قىلسا، يەنە نېمە كايىش؟ شۇنداقمۇ بولامدۇ ئىش؟ — دەپتۇ.

بۇ كىشى قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە، ھە، بۇ قىز يارىمايدىكەن، دەپتۇ ـ دە، باشقا بىر كىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئوغلىنى يېتىلەپ بېرىپ يەنە بايىقىدەكلا كايىپتۇ، ئۇ ھويلىدىنمۇ قىزلار چىقىپ بايىقىدەكلا سوراپتۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ بەرگەن جاۋابىغا بايىقى قىزلار بەرگەن جاۋابنى بېرىپتۇ. ئوغۇلنىڭ دادىسى ئۇلارنىمۇ يارىمايدىكەن دەپ، ئۇ يەردىنمۇ كېتىپتۇ. ئۇلار مەھەللىنى قويماي ئارىلاپتۇ، لېكىن ھېچقايسى قىزنىڭ جاۋابى يارىماپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك قىز تېپىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپتۇ، ئارزۇيىغا يېتەلمىگەنلىكتىن كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىش ھەققىدە تولا ئويلاپ بېشى قېتىپتۇ، شۇ خىياللار بىلەن نۇرغۇن يەرلەردىن ئۆتۈپتۇ، مەھەللىدىن خېلى يىراق جايلارغىمۇ كېتىپتۇ. ئۇلار شۇ مېڭىش بىلەن كېتىپ بېرىپ ئالدىغا شۇنداق بىر قارىسا، ئېتىز بېشىدا يالغۇز بىر ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۈمىد

شامى كۆڭلىدە ۋاللىدە يېنىپتۇ، قانداقلا بولسۇن شۇ ئۆيگە بېرىپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپتۇ. ئۇلار بىردەمدە ئۇ ئۆينىڭمۇ ئالدىغا كېلىپتۇ، بۇرۇنقىدەك ئوغلىنىڭ ئۈستىدىن دادىسى قاتتىق كايىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆيدىنمۇ بىر قىز چىقىپ:

— ئەسسالام، ئاتا، ئوغۇللىرى نېمە گۇناھ قىلدى، نېمانچە كايىيلا؟ — دەپ سوراپتۇ. دادىسى قىزنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىپ:

— قارىمامسىز، قىزىم، بۇ بالا مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىدۇ، — دەپ دادلاپتۇ.

قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، دەپتۇ:

— توغرا، ئوغۇللىرى ئەيىبلىك ئىكەن، ئەلۋەتتە كايىشقا تېگىشلىك ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆيگە بېرىپ نەسىھەت قىلسىلا بولاتتىغۇ، كوچىدا بۇنداق قىلىش سەت ئەمەسمۇ، ئىش دېگەننى ھەمىشە سىلى دېگەندەك قىلماي، ئەلۋەتتە .. قىلىشى كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئاتا !

— رەھمەت، قىزىم، يارايسىز، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.



شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ھېلىقى كىشىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ كېلىنلىككە ياراپتۇ.

بۇ قىزنىڭ قايسى سۆزى بىلەن ئاتا - بالىغا يارىغانلىقىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

# بوقىزكىمگەتەئەللوق

بىر بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، بۇ-رۇنقى زاماندا ياسىن ئاخۇن ئىسىملىك بىر دېھقان ئۆتكەنىدىكەن. بۇ دېھقاننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسىمى ئاۋۇت، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئىسمى داۋۇت، كەنجى ئوغ-لىنىڭ ئىسمى ساۋۇت ئىكەن. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ ئوغۇللارنىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ، ئۆيلەيدىغان ۋاقىت بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ياسىن ئاخۇن قوشنىسى سادىر ئا-خۇننى چاقىرىپ:

— مەن ئوغۇللىرىم بىلەن توي توغرۇلۇق يۈزتۇرا سۆز-لىشىشنى ئەپسىز كۆردۈم، شۇڭا ئۆزلىرى ئوغۇللىرىم بىلەن ئايرىم - ئايرىم پاراڭلىشىپ، كىمنىڭ كىمگە كۆڭلى بارلى-قىنى ئۇقۇپ باقسىلا، شۇنىڭغا قاراپ ئەلچى ئەۋەتسەك، — دەپتۇ. سادىر ئاخۇن ياسىن ئاخۇننىڭ دېگىنى بويىچە ئاۋۇت بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

— كىمنى ئالغۇڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ سادىر ئاخۇن ئاۋۇتتىن.

— مېنىڭ ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى نىزامىدىن ئاخۇن-نىڭ قىزى پاتەمخاننى ئالغۇم بار، مېنى شۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيلۈك قىلىپ قويسا، دادامدىن مىڭ مەرتە خۇش بولاتتىم، —

دەپتۇ ئاۋۇت.

سادىر ئاخۇن ئاۋۇت بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن داۋۇت بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

— داۋۇت بالام، سىز كىم بىلەن توي قىلىشنى خالايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ سادىر ئاخۇن. داۋۇت:

— دادام مېنى مۇرادىغا يەتسۇن دېسە، نىزامىدىن ئاخۇننىڭ قىزى پاتەمخاننى ماڭا ئېلىپ بەرسە ئىكەن، — دەپتۇ.

سادىر ئاخۇن ئۇ يەردىن چىقىپ ساۋۇتنى ئىزدەپ تېپىپ:

— سىز ئۆيلەنگۈدەك بولۇپ قالدىڭىز، كۆڭلىڭىز كىمنى خالايدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

— ئالسام، نىزامىدىن ئاخۇننىڭ قىزى پاتەمخاننى ئالىمەن، بولمىسا، ئۆمۈر بويى خوتۇن ئالمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سادىر ئاخۇن بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئەھۋالىنى ياسىن ئاخۇنغا مەلۇم قىپتۇ. ياسىن ئاخۇن بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قىتىپتۇ. ئۇنداق ئويلاپ، بۇنداق ئويلاپ، ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنى بولسىمۇ، مۇرادىغا يەتكۈزەي دېگەن قارارغا كېلىپ، نىساخان دېگەن قوشنىسىنى پاتەمخاننىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. پاتەمخان مەقسەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن:

— ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىنى كۆرسەتسۇن. مەن شۇنىڭغا قاراپ بىرىنى تاللايمەن، — دەپتۇ.

نىساخان پاتەمخاننىڭ گېپىنى ئېقتماي - تېمىتماي ياسىن ئاخۇنغا ۋە ئۈچ ئوغۇلغا يەتكۈزۈپتۇ. ئۈچ ئوغۇل مەسلىھەتلىشىپ، قايسىمىز كارامەتلىك بولساق، پاتەمخان شۇنىڭغا نېسىپ بولسۇن، دەپ پۈتۈشۈپتۇ. ئۈچ ئوغۇل ئۆزلىرىنى سىناش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ - مېڭىپ،

قىرىق كۈندىن كېيىن بىر كاتتا شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئۇلار قىرىق قېچىرغا يۈكلەپ كەلگەن مەشۇت يىپلىرىنى ۋە قېچىرلىرىنى سېتىپ پۇلىنى تەڭ بۆلۈشۈپتۇ، ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇچرىشىدىغان سارايىنى مۇقىملىشىۋېلىپ، ھەربىرى ئۆزى خالىغان كوچىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بىز ئەمدى گەپنى ئاۋۇتتىن باشلايلى:

ئاۋۇت مېڭىپ - مېڭىپ، چوڭ، ئاۋات بىر بازارغا چىقىپ قاپتۇ. ھەر خىل تاۋار - دۇردۇن، گەزمال، خام، چەكمەنلەرنىڭ نەرخ - ھاۋاسىنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن، ئالدى - ساتتى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ، ئىككى ئاي ئىچىدە پۇلى نەچچە ئون ھەسسە كۆپىيىپتۇ. ئۇ خۇشال بولۇپ، پاتەمخانىنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىرنەرسە تېپىش ئۈچۈن دۇكان - ياپىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بىر دوقمۇشقا كېلىپ قارىسا، بىر ئاقساقال بوۋاي ئۆردەك - غازلار ئۈزۈپ يۈرگەن كۆلنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن چىرايلىق بىر گىلەمنى يېيىپ ئول-



تۇرغۇدەك. ئاۋۇت بۇ گىلەمگە قىزىقىپ:
— نەچچە پۇلغا ساتىسىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:
— ئون مىڭ تىللاغا ساتىمەن، — دەپتۇ. ئاۋۇت:
— نېمانچە قىممەت؟ ئون مىڭ تىللا دېگەنگە مىڭ پارچە گىلەم كېلىدۇ، — دەپتۇ. بوۋاي:
— بۇ ئادەتتىكى گىلەم ئەمەس، ئۇچار گىلەم، ئاڭلىغانمۇسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاۋۇت:
— ئاڭلىغان، ئەمما كۆرمىگەن، — دەپتۇ. بوۋاي ئاۋۇتنى گىلەمدە ئولتۇرغۇزۇپ: «ئۇچۇڭ، گىلىمىم !» دېگەنىكەن، گىلەم ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ گىلەمدە ئولتۇرۇپ بىر يىللىق يىراقتىكى جايغا بىردەمدىلا بارغىلى بولىدىكەن. ئاۋۇتنىڭ تەلىپى بىلەن بوۋاي گىلەمنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. ئاۋۇت بۇ گىلەمنى ئون مىڭ تىللاغا سېتىۋاپتۇ.
بىز ئەمدى گەپنى داۋۇتتىن ئاڭلايلى:
داۋۇت كىرگەن كوچا يېمەك - ئىچمەك بازىرى ئىكەن. ئۇ كوچىنىڭ ئايىغىدىن بىر دۇكانلىق يەر سېتىۋېلىپ، ناھايىتى چوڭ بىر دۇكان ئېچىپ، كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، ھەر كۈنى نەچچە مىڭ خېرىدارنى ئۆزىتىپتۇ. ئىككى ئايدىن كېيىن پۇلىنىڭ ھېسابىنى ئالالمىغۇدەك دەرىجىدە باي بولۇپ كېتىپتۇ. داۋۇت ئەمدى، پاتەمخانىنىڭ كۆڭلىگە يارىغۇدەك بىرنەرسە تاپاي، دەپ، بازارنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. بىر يەرگە بارسا، بىر موماينىڭ بىر تال ئالمىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ:
— بۇ ئالمىنى ھەرقانداق كېسەل كىشى يېسە، دەرھال ساقىيىدۇ، — دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ ۋە ئالمىنىڭ باھاسىنى

سوراپتۇ. موماي:

— ئون مىڭ تىللادىن بىر پۇل كەم ساتمايمەن، — دەپ-تۇ ۋە ئالمىنى داۋۇتقا بىر پۈرتىپ قويغانىكەن، داۋۇت شۇ هامان تاغنى بىر بارمىقى بىلەن كۆتۈرگۈدەك كۈچ - قۇدرەت-كە تولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن داۋۇت ئون مىڭ تىللا بېرىپ ئال-مىنى ئاپتۇ.

ئەمدى بىز گەپنى ساۋۇتتىن ئاڭلايلى:

ساۋۇت كىرگەن كوچا زىنىنەت بۇيۇملىرى بازىرى ئىكەن. ئۇ هەر خىل زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ - سېتىپ، شۇ شەهەردىكى ئەڭ كاتتا بايلارنىڭ بىرى بولۇپ قاپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن ساۋۇت پاتەمخاننى هەيران قالدۇرغۇدەك بىرنەرسە ئېلىش ئۈچۈن بازارنى هەر كۈنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى بىر جۇۋان ساۋۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— غوجام، بۇ ئەينەكنى ئېلىۋېلىڭ، — دەپ، ئادەمنىڭ كۆزىدىن چوڭراق بىر ئەينەكنى كۆرسىتىپتۇ. ساۋۇت باها-سىنى سوراپتۇ. جۇۋان:

— ئون مىڭ تىللاغا ساتىمەن، — دەپتۇ. ساۋۇت هەيرانلىقتىن پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— يائاللا، نېمانچە قىممەت؟ — دەپتۇ. جۇۋان ئەينەكنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن:

— ئىشەنمىسىڭىز، ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپتۇ. ساۋۇت ئەينەككە شۇنداق قارىغانىكەن، قەلەم قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، گۈزەل-لىكتە تەڭدىشى يوق پاتەمخاننى كۆرۈپ هوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ. مىڭ تەسلىكتە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئەينەكنى سې-تىۋاپتۇ، ئىككى ئاكىسى بىلەن ئۇچرىشىدىغان سارايغا كېلىپ

ئاكىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. ئاۋۇت بىلەن داۋۇت گىلەم بىلەن ئالمىنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، ساۋۇت:

— ماۋۇ ئەينەككە قاراپ بېقىڭلار، — دەپتۇ. ئۈچ ئوغۇل ئەينەككە بىللە قارىغانىكەن، پاتەمخانىنىڭ جان تالىشىپ سەكراتتا ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاۋۇت:

— ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا دەرھال بارايلى ! — دەپتۇ. ئۈچ ئوغۇل گىلەمگە ئولتۇرۇپتۇ. ئاۋۇت:

— ئۇچۇڭ، گىلىمىم ! — دەپتۇ. ئۇچار گىلەم ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ، بىردەمدىلا پاتەمخانىنىڭ هويلىسىغا چۈشۈپتۇ، ئوغۇللار يۈگۈرگىنىچە پاتەمخانىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ساۋۇت يانچۇقىدىن ئالمىنى ئېلىپ پۇراتقانىكەن، پاتەمخان شۇ هامان كېسەلدىن ساقىيىپ ئورنىدىن قوپۇپتۇ. پاتەمخان ئۆزىنىڭ ساقىيىپ كېتىشىدە ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئوخشاش تۆھپىسى بارلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، تەڭلىكتە قېلىپ:

— مېنىڭ كىمگە تېگىشىمنى ئۆزۈڭلار بەلگىلەڭلار، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل باشلىنىپتۇ. ئاۋۇت:

— گىلەمدە ئولتۇرغۇزۇپ دەل ۋاقتىدا ئەكەلمىگەن بولسام، ئالمىنى پۇراتقىلى بولامتى؟ — دەپتۇ. داۋۇت:

— ئالمىنى پۇراتمىغان بولسام، پاتەمخان كېسەلدىن ساقىيالمايتتى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ساۋۇت:

— مېنىڭ ئەينىكىمدە پاتەمخانىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكى كۆرۈنمىگەن بولسا، گىلەم بىلەن ئالمىنىڭ خاسىيىتى جارى بولمايتتى، شۇڭا پاتەمخانىنى مەن ئېلىشىم كېرەك ! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئويلاپ بېقىڭ، پاتەمخانىنى كىم ئۆز ئەمرىگە ئېلىشى كېرەك؟

# شۇنداقمۇ جاۋاب بولامدۇ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدا، ئاۋات يۇرتلارنىڭ بىرىدە، كىچىكمۇ ئەمەس، چوڭمۇ ئەمەس، ئەمما نامى شۇ يۇرتقا پۇر كەتكەن بىر توي بولغانمىش. توي ئۆزىنىڭ نازۇنېمەتلىرىنىڭ مولل‍ۇقى بىلەن ھەم ئەتىگەندىن تا كەچكىچە توختىماي چېلىنغان داقا ـ دۇمباقلىرىنىڭ ھەيۋىتى بىلەن يۇرتقا پۇر كەتمەستىن، بەلكى تويدىكى بارلىق قىز ـ يىگىتنىڭ ئەقلىنى لال قىلغان ئاجايىپ بىر ئىش بىلەن نامى پۇر كەتكەنمىش.

توي راسا قىزىۋاتقان چاغدا تويغا كەلگەن يىگىتلەردىن بىرى بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا، بىردەم ئىشىككە قاراپ تەقەززالىق بىلەن تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇرغانمىش. ئەسلىدە بۇ تويغا يىگىتنىڭ جاندىن ئەزىز مەشۇقى كەلمەكچىكەنمىش، بىراق يىگىت شۇنچە كۈتسىمۇ قىز كېلەلمەپتۇ. ئاخىر يىگىتنىڭ سەۋر قاچىسى چېقىلىپ، تولا تەلمۈرۈپ كۆزلىرى ئېچىشىپ، ئاچچىقىدا ئەقلى كېسىلىپ زادى بولالماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت سىڭلىسىنى چاقىرتىپتۇ ۋە كىشىلەردىن يوشۇرۇن ھالدا:

— ئۇكام، ئالدىنقى كۈنى ساڭا مېغىز بەرگەن قىزنى چاقىرىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ.

قىزچاق خېلىدىن كېيىن يالغۇز قايتىپ كەپتۇ. يىگىت سىڭلىسىنى يالغۇز كۆرۈپ، ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا باشـ قىلارنىڭ يېنىدىلا:

— ئۇكام، سەن چاقىرىپ كەلمەكچى بولغان ئادەم قېنى، نېمىشقا كەلمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىزچاق ئاكىسىنىڭ سورىغان سوئالىغا دەرھاللا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

بېرىۋىدىم قىچقارغىلى،
يوق ئىكەن، كېلەي دېدى.
كەلسىمۇ كېلەر ئىدى،
كېلىپ قېلىپ، كېلەلمىدى.

يىگىت قىزنىڭ جاۋابىنى دەرھال چۈشىنىۋاپتۇ، بىراق بۇ جاۋابنىڭ مەنىسىنى ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى چۈشىنەلمەپتۇ، ئۆزئارا بەس - مۇنازىرە قىلىشىپتۇ، يىگىتـ تىن سورىشىپتۇ. يىگىت ئۇلارغا زادى ئېيتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي بارا - بارا بەس - مۇنازىرىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىش شۇ ھامان مەھەللىگە تارقىلىپتۇ، ئۇ گەپلەر شۇ قىزنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. بۇ ئىش قىزنىڭ كۆلكىسىنى قىستاپتۇ، بىراق قىزمۇ ھېچكىمگە تىنماپتۇ. شۇنداق قىـ لىپ، بۇ جاۋاب كىشىلەرگە بىر سىر بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىش بىلەن توينىڭ نامىمۇ پۇر كېتىپتۇ، تا ھازىرغىچە كىشىلەر بۇ ئىشنى سۆزلىشىدىكەن، ئەمما قىزنىڭ جاۋابىنى ھېچكىم چۈشىنەلمەپتۇ. قېنى، سىز بۇ جاۋابنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

# قىزنى كىمگە بەرسە مۇۋاپىق

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، قۇم چىچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە، پاقا بالداقتا سەكرىگەندە، تۈلكىۋاي قاپقانغا دەسسىگەندە، كۆرۈنگەن تاغنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى يۇرتنىڭ ئاۋات شەھىرىدە ئابلاباي ئىسىملىك بىر كىشى ئۆت- كەنىكەن. ئۇ كىشى خۇدانىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنىنى ئالا قويماي سودا - سېتىق بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. ئابلابايىنىڭ دۇن- يالىقتا بىرلا قىزى بولۇپ، ئايالى قىزى تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانىكەن. ئابلاباي قىزىنى خۇددى كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدىكەن، قىزى نېمە دېسە شۇنى بەجا كەلتۈرۈپ بېرىدىكەن. ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ، قىز سەككىز ياشقا كىرىپتۇ. ئابلاباي قىزىنىڭ ئەقىل - پاراسەت، ئەدەپ - ئەخلاق جەھەتتە ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى يېقىن ئەتراپتىكى مەدرىسىگە ئاپىرىپ ئوقۇشقا بېرىپتۇ. مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ئابلابايىنىڭ يېقىن- لىرىدىن ئىكەن. مۇدەررىس ئابلابايغا بالىنى ياخشى تەربىيە- لەيدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ يولغا ساپتۇ. ئابلاباي بولسا، سودا - سېتىق بىلەن كۈنىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. قىز ئەتى- گەن تۇرۇپ مەدرىسىگە بېرىپ كەچتە قايتىپ كېلىدىكەن. ئا- تا - بالىنىڭ تۇرمۇشى شۇ يوسۇندا داۋاملىشىپتۇ. ھەش -

پەش دىگوچە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئابلابايىنىڭ سودىسى ئېقىپ، شەھەردە سانىغۇدەك بايلاردىن بولۇپ قاپتۇ. قىزنىڭ بوي - تۇرقى ئۆسۈپ، ھۆسنىگە تولۇپتۇ، ئىلىم - ھېكمەتتە كامالەتكە يېتىپتۇ. ئابلابايدا ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كېلىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپتۇ، بۇ ئارزۇسىنى دوست - بۇرادەرلىرىگە ئېيتقانىكەن، ئۇلار قوللاپ ياخشى مەسلىھەتلەرنى بېرىپتۇ. ئابلاباي سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، ھەممىنى تەخ قىلىپ قويۇپتۇ ۋە بىر كۈنى كەچتە قىزىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— قىزىم، سىز ئاپىڭىز رەھمەتلىكتىن كىچىك قالغاندىڭىز، مەن سىزگە ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ ھېچكىمنىڭ قولىغا قاراتماي چوڭ قىلدىم. ئىنشائاللا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغۇسى. ماڭا كۈندىن - كۈنگە قېرىلىق يېتىپ، پۇتۇمدىن ماغدۇر قېچىۋاتىدۇ. تىرىكلىكىمدە ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلسەم، دەيدىغان بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى. مال - بىسات، بايلىقىمىز ئۆمرىمىزگە يېتىپ ئاشىدۇ، شۇڭا مۇشۇ ۋاقىتتا خۇدا يولىدا بېرىپ كېلىۋالساممىكىن، سىزنىڭچە قانداق؟ — دەپتۇ. قىز ئۆزىنىڭ باشقىچە ئۆيدا ئەمەسلىكىنى، دادىسىنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئابلاباي، — مۇشۇ ئۆي، مال - مۈلۈك ھەممىسى سىزگە قالدى. مەن كەلگۈچە خاتىرجەم يەپ - ئىچىپ، خەج - خىراج قىلىپ تۇرۇڭ. سىزنى بىر ئاللاغا، ئاندىن قالسا ئۇستازىڭىزغا تاپشۇرىمەن. ئۇ ئىلىم - مەرىپەتلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق مۆتىۋەر، ئۇنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرەرسىز.

قىز ھەممە گەپ - سۆزلەرگە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئەتىسى ئابلاباي قىزى بىلەن مەدرىسىگە بىللە بېرىپ، مۇدەر-

رىسكە قىزىنى تاپشۇرۇپ، ئاتا ئورنىدا مۇئامىلە قىلىشنى تا-
پىلاپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ھەدىيە قىپتۇ. ئاخىردا
ئابلاباي مۇدەررىسنى چەتكە تارتىپ تۇرۇپ:

— بۇرادىرىم، نەچچە ۋاقىتنىڭ مابەينىدە قىزىمنىڭ دى-
لىغا كۆپلىگەن ھېكمەتلەرنى سالدىلا، مەن سىلىدىن مىڭ
مەرتە رازى. ئەمدى مەن يىراق سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا تۇ-
رۇۋاتىمەن، قىزىم بولسا بارغانچە چوڭ بولۇۋاتىدۇ. خۇدا ساق -
سالامەت قايتىپ كەلگىلى نېسىپ قىلار، لېكىن «جان بار
يەردە قازا بار» دېگەن گەپ بار. ئەگەر مەن سالامەت قايتىپ
كېلەلمەي قالسام ياكى كېلىش ۋاقتىم بەك ئۇزىراپ كېتىپ
قالسا، قىزىمغا مېنىڭ ئورنۇمدا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويارلا،
ئۆزلىرى مۇۋاپىق دېگەن بىرىگە ياتلىق قىلىپ قويسىلا. «ئايال
كىشى ئەردە ياخشى، ئەردە بولمىسا يەردە ياخشى» دەيدىغان
گەپ بار ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ. مۇدەررىس ئابلابايىنىڭ دېگەنلى-
رىنى ماقۇل كۆرۈپ، خاتىرجەم سەپەرگە مېڭىشنى ئېيتىپتۇ.

ئابلاباي خۇدانىڭ قۇتلۇق بىر كۈنىگە توغرىلاپ، قىزى
ۋە بارلىق ئەل - جامائەت بىلەن خوشلىشىپ ھەرەمگە قاراپ
يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ-
تۇ، تاغ - دەريا، دەشت - چۆللەرنى بېسىپ، كۆزلىگەن قە-
رەلدە ھەرەمگە كېلىپ ھەج رەسمىيىتىنى ئۆتەپتۇ. ئابلاباي
قارىسا، ھەرەمدە سودا - سېتىق قىلىدىغان ئادەم ئىنتايىن
ئاز ئىكەن، پۇلنى ئۆز يۇرتىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق
تاپقىلى بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىر مەزگىل يۇرتىغا
قايتماي تىجارەت قىلىش قارارىغا كەپتۇ، شۇ يوسۇندا ئېلىپ -
سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ، دېگەندەك ئۆز يۇرتىدا نەچچە
يىلدا تاپىدىغان پۇلنى نەچچە ئايغا قالماي تېپىپ بوپتۇ.
كۈن، ئاينىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئابلابايىنىڭ ھەرەمدە تۇرغىنىغا

ئۈچ يىل بوپتۇ، تاپقان پۇلىمۇ ھەددى - ھېسابسىز كۆپىيىپ-
تۇ. ئۇ ئەمدى قايتىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەم-
لەپ، تاپقان مال - دۇنيا، پۇللىرىنى تۆگىگە ئارتىپ ئۆز يۇرتىغا
قاراپ يولغا چىقىپتۇ، بېرىشتا قايسى يول بىلەن ماڭغان بولسا،
يېنىشتىمۇ شۇ يول بىلەن مېڭىپتۇ، سەپەر جەريانىدا نۇرغۇن
جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپتۇ. ئۆز يۇرتىغا يېتىپ كېلىشكە
بىر ئاي قالغاندا، ئابلاباي يول ئۈستىدىكى بىر دەڭگە چۈ-
شۈپتۇ، ئات - ئۇلاغ، مال - سەرەمجانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ،
ئەمدى چاي - پاي ئىچەي دەپ ئولتۇرسا، يېنىغا ئون يەتتە - ئون
سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بىر
يىگىت كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا ئۇ يەر - بۇ يەرنىڭ
گېپىنى قىلىشىپ، ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ بىر شەھەردىن ئىكەن-
لىكىنى بىلىشىپتۇ. ئابلاباي يىگىتتىن:

— نېمە سەۋەب بىلەن يۇرتتىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كې-
لىپ قالدىڭ، ئوغلۇم؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— مەن ئەسلىدە ئاتا - ئانامدىن نۇرغۇن مال - مۈلۈك
بىلەن يالغۇز قالغانىدىم، تۆت - بەش يىل مابەينىدە ھەۋەس-
نىڭ كەينىگە كىرىپ، ياخشى - ياماننى پەرق ئەتمەي، ئەسكى
باللار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىپ، نۇرغۇن مال - دۇنيانى
سورۇپ تۈگەتتىم. يېقىنلار نەسىھەت قىلدى، لېكىن قۇلى-
قىمغا كىرمىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ ھالىم بارغانچە خارابلىشىپ
كەتتى، ئاخىردا ماڭا تەئەللۇق بىر تۈگۈنچە قالدى، ئويلاپ
باقسام ئۇنى خەجلەپ تۈگەتسەم، ھەممىدىن ئايرىلغۇدەكمەن،
ھوشۇمنى يىغىپ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا كۆپ پۇشايمان
قىلدىم، تۈگۈنچىنى يېشىپ قارىسام، نەچچە تال زىخچە ئالتۇن
ئىكەن، ئۇنى يۇرۇشتۇرۇپ تىجارەت قىلىپ زىياننىڭ ئورنىنى
تولدۇرۇۋېلىش ئويىدا خەقلەردىن ئۇقۇشسام، ھەرەمدە پۇلنى

جىق تاپقىلى بولىدىكەن، بىر كېچىسى ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي ھەرەمگە قاراپ يولغا چىقتىم، بۇ دەڭگە بىر كېچە - كۈندۈزلۈك يول قالغاندا قاراقچىلارغا يولۇقۇپ ھەممىنى تارتقۇزۇپ قويدۇم، ئاخىر مۇشۇ دەڭگە ئۇلىشىپ كېلىۋالدىم. ئەمدى يا ئالدىمغا مېڭىشنى، يا كەينىمگە يېنىشنى بىلمەيمەن، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

يىگىتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغان ئابلابايىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ئەكېتىشنى ئويلاپتۇ ۋە:

— ئوغلۇم، سەن كۆپ جاپا چېكىپسەن، ھازىرچە سەن يۇرتقا قايتىپ كەتكىن. ئەگەر سەن بۇ مەسلىھەتىمنى مۇۋاپىق دەپ قارىساڭ، مەن سېنى ئالغاچ كېتەي، قانداق؟ — دەپتۇ.

بۇ مەسلىھەت يىگىتكە ياغدەك يېقىپتۇ. ئابلاباي ئۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەن ھامان يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇبدان سەپەرداش بولۇپ يول يۈرۈپتۇ، يول بويى يىگىت ئابلابايىنىڭ ئىشلىرىغا شۇ دەرىجىدە ياردەملىشىپتۇكى، ئابلاباي بىر ئايلىق سەپەرنى بىر كۈندە



تۈگەتكەندەك ھېس قىپتۇ ھەمدە يىگىتنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئابلاباي ئۆز كۆڭلىدە، بۇ بالا ناھايىتى سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، قولىدىن ئىش كېلىدىغان بالا ئىكەن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ

بىشىغا كۈن چۈشۈپتۇ. مەن ئۇنى ئۆزۈمگە بالا قىلىۋېلىپ ياخشى يولغا باشلاپ قويسام، خۇدا ئالدىدىمۇ ئىككىنچى نۆۋەت ھەرەمگە بارغانغا باراۋەر بولىمەنۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئوغلۇم، سەن ماڭا يول بويى ياخشى ھەمراھ بولۇپ ئىشلىرىمغا ياردەملەشتىڭ، سەن بولمىغان بولساڭ، يالغۇزچىلىقتا سەپەر ئازابىنى يەتكۈدەك تارتقان بولاتتىم. مەن سېنى كۆڭلۈمدە ئۆز ئوغلۇمدەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ماقۇل كۆرسەڭ، مەن سېنى ئوغۇل قىلىۋالسام ھەمدە كېيىنكى ئىشلىرىڭنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرسام، قانداق؟ — دەپتۇ. يىگىت بولسا، مىڭ مەرتە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ ئەقىل - پاراسەت، ئەدەپ - ئەخلاقتا يېتىشكەن بىر قىزىم بار، شۇ قىزىمنى ساڭا بېرىشنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن. ئەگەر چىقىشقۇدەك بولساڭلار، مەن سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى لايىقىدا قىلىپ، ئۆي تۇتۇپ بېرەي، — دەپتۇ ئابلاباي. يىگىت بۇ سۆزلەرگە ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئابلاباي بولسا، يىگىتكە قىزىنى چوقۇم بېرىش توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ. ئۇلار بىر ئايلىق سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئاخىر ئۆز يۇرتىغا ساق - سالامەت يېتىپ كەپتۇ.

ئۇلار تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى قىزى ۋە ئۇستازىدىن ئاڭلايلى:

ئابلاباي قىزىنى ئۇستازىغا تاپشۇرۇپ ھەجگە كەتكەندىن كېيىن، قىز بىلەن ئۇستازى خۇددى ئاتا - بالىلاردەك ئۆتۈپتۇ. ئۇستازى بولسا، قىزغا كۆپ تەرەپتىن بىلىم ئۆگىتىپتۇ. قىزنىڭ داڭقى شەھەرنى بىر ئاپتۇ. قىزنىڭ ھۆسن - جامالدا، ئەقىل - پاراسەتتە تەڭداشسىز چوڭ بولغانلىقىنى ئاڭلىغان شەھەر كاتتىلىرىنىڭ بەگزادىلىرى قىزغا ئەلچى كىر-

گۆزۈپتۇ. ئۇستاز بولسا، ئەلچىلەرنى ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن قايتۇرۇپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىز چوڭ بوپتۇ. ئۇستاز ئابلابايدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن قىزنى ياتلىق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنى شەھەردە داڭقى بار بىر سودىگەرنىڭ ئوغلىغا بېرىشكە قوشۇلۇپتۇ. ئىككى تەرەپ توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئابلا باي بۇ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ ھەمدە ئۆيىگىمۇ بارماستىن، يىگىتنى باشلاپ ئۇدۇل قىز ۋە ئۇستازنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، ئامانلىق سورىشىپتۇ.

ئابلاباي باشلاپ كەلگەن يىگىت قىزنى بىر كۆرۈپلا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. ئابلاباي قىزنىڭ ئۇستازى بىلەن پاراڭلىشىپ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاخىردا باشلاپ كەلگەن يىگىتنى تونۇشتۇرۇپ، يولدا ئىنتايىن ياخشى ھەمراھ بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىگە ئوغۇل قىلىپ، قىزنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىزنىڭ ئۇستازى بولسا غەمگە پېتىپ، ئابلاباي كەتكەندىن كېيىن قىزنى ئاسراپ تەربىيىلىگەنلىكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىزنىڭ چوڭ بولۇپ قالغانلىقى، نۇرغۇن ئەلچىلەرنىڭ كەلگەنلىكى، ئۈچ يىلغىچە ئابلابايىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي ئاخىر قىزنى بىر سودىگەرنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىشقا پۈتۈشۈپ توي تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا باش قېتىنچىلىقى چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئويلاپ ـ ئويلاپ، قانداق قىلىشنىڭ ئامالىنى تاپالماپتۇ، بىر ـ بىرىگە يا ئۇنداق، يا بۇنداق بولسۇن، دېيىشەلمەپتۇ.

ئۇلار غەمدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن، قىزنى ئىككى يىگىتتىن قايسىبىرىگە بېرىش كېرەك؟

# قىزنىڭ چارىسى

پادىشاھ ۋەزىرلىرىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن پات - پات ھەر خىل چارىلەرنى قوللىنىپ بىرەر ئىشنى قىلدۇرۇپ باقىدىكەن، چۈنكى پادىشاھ ۋەزىرلىرىنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىك، ماھارەتلىك بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. بىراق، ۋەزىرلەر دائىم پادىشاھنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالمايدىكەن، ئىشلارنى يا ئۇنداق، يا مۇنداق بۇزۇپ قويۇپ، پادىشاھنىڭ غەزىپىگە قالىدىكەن. بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر ئۆتىۋېرىپتۇ، ئۆمۈر ئاز - ئازدىن كېتىۋېرىپتۇ، پادىشاھمۇ قېرىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوغلى چوڭىيىپ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئوغلى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ۋەزىرلەر توغرا مەسلىھەت ۋە تەدبىر كۆرسىتىپ بېرەلمەي، تەختنى ۋەيران قىلىۋېتىشتىن تولىمۇ ئەنسىرەيدىكەن، بۇلارنى ئويلىسا بەكمۇ بېشى قاتىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلارمۇ ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ يەنە ۋەزىرلىرىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، بىر ۋەزىرىگە:

— ساڭا بىر ۋەزىپە بار، ئەتىلىككە سەن ئىككى مىڭ قوينى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، كەچتە ساتقان پۇل بىلەن قويلارنى قايتۇرۇپ كېلىسەن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، قويدىن

بىرىمۇ كەم بولمىسۇن، — دەپتۇ.

ۋەزىر نائىلاج ماقۇل بوپتۇ، لېكىن كۆڭلىدە، قوينى ساتسام، ئىككى مىڭ تۇياق قوينى ساق تاپشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئىككى مىڭ تۇياق قوينى ساق ياندۇرۇپ كەلسەم، قوي ساتقان پۇل يوق بولىدۇ، دەپ تازا بېشى قېتىپتۇ، بىرەر مۇۋاپىق چارە تاپالماي گاڭگىراپتۇ. ئۆيگە گويا ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان كىشىدەك سولغۇن قايتىپ كەپتۇ، بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ دۈم چۈشۈپ يېتىپتۇ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇندىمەپتۇ. دادىسىنىڭ بىر قىسما بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن قىزى دادىسىدىن ئەھۋال سوراپتۇ:

— دادا، نېمە بولدىلا، تاۋىلىرى يوقمۇ؟ باشلىرىغا بىرەر مۇشكۈلات كەلدىمۇ؟

ۋەزىر ھەسرەتلەنگەن ھالدا پادىشاھنىڭ بەرگەن پەرمانىنى قىزىغا بىر - بىرلەپ دەپ بېرىپتۇ. قىزى دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ دادىسىغا بىر چارە كۆرسىتىپتۇ. ۋەزىر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى قىزىنىڭ كۆرسەتكەن چارىسى بويىچە ئورۇنداپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇندىغانلىقىغا باركاللا ئېيتىپتۇ، ئەمما بۇ ئىشلارنى ئۆزى قىلغانلىقىغا ئىشەنمەپتۇ، كۆڭلىدە، چوقۇم بىرى ئەقىل كۆرسەتتى، دەپ ئويلاپتۇ، ۋەزىردىن كىمنىڭ ئەقىل كۆرسەتكەنلىكىنى سوراپتۇ. ۋەزىر قىزىنىڭ ئەقىل كۆرسەتكەنلىكىنى راستچىللىق بىلەن دەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ قىزىغا باركاللا ئېيتىپتۇ، كۆڭلىدە بۇ قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىشنى لايىق كۆرۈپتۇ.

قېنى، قىزنىڭ دادىسىغا قانداق ئەقىل كۆرسەتكەنلىكىنى كىم ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟

# مالچىنىڭ ئەقلى

بۇرۇن بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ تولىمۇ بېخىل، قۇۋ بولغاچقا، ئەل ئىچىدە ياخشى نامى ئەمەس، يامان نامى پۇر كەتكەنىكەن. ئۇ بېخىللىقتىن مالايلىرى تۇرماق، ئۆزىنىڭ قورسىقىغا يېيىشكىمۇ كۆڭلى قىيمايدىكەن، كىشىلەردىن قەرز ئالسا، قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيدىكەن، كىشىلەردە ئېلىشى بار بولسا، كېچىسى جۆيلۈپ ئۇخلىيالماي، شۇ كىشىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ ئارام بەرمەيدىكەن. شۇڭا، بىر نۆۋەت ئۇ باينىڭ دامىغا چۈشكەن كىشىلەر ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ھېچبىر ئالغۇ - بەرگۈ قىلىشمايدىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ باي قاقتى - سوقتىلىق بىلەن قىلىدىغان تاپاۋىتى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ، تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرالماي، ئۆز مالايلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، كۈز كېتىپ، قارا قىش كىرىشى بىلەن باي ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن غەرەزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ، لېكىن نەچچە كۈنلەرگىچە مۇۋاپىق چارە تاپالماي تىت - تىت بولۇپ، ئۇيقۇسى كەلمەي جۇدەپ كېتىپتۇ، ئاخىر ھەر قىشلىقى مالايلىرىنىڭ قىشتىن چىقىۋېلىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىدىغان جۇۋد-

ـدىن پايدىلىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باي غەـ
رىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى جۇۋا تىكتۈرۈپتۇ.
ئۇ، سەمەت، ئەمەت، مەمەت قاتارلىق ياۋاش، كۆپ ئىش كۆر-
مىگەن مالايلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىككى
جۇۋىنى تاشلاپ:

— سىلەرگە شاپائىتىم كېلىپ، قىشنى خاتىرجەم ئۆت-
كۈزۈۋېلىشىڭلار ئۈچۈن جۇۋا قىلىپ بەردىم، — دەپتۇ مۇ-
غەمبەرلىك بىلەن. بۇنى ئاڭلىغان مالايلار، باينىڭ راستىنلا
ئۆچكە يېغى ئېرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، جۇۋىلارنى
ئاپتۇ. قارىسا، بىر جۇۋا كەم ئىكەن. ئۇلار بۇنىڭدىن ھەيران
بولۇپ، بىر بايغا قارىسا، بىر ئۆزئارا قارىشىپ، كۆزلىرىنى
چەكچەيتكىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا باي مۇغەمبەرلىك بىـ
لەن كۈلۈپ:

— ھا - ھا - ھا... جۇۋا كەممىكەن؟ — دەپتۇ كۆزىنى
پارقىرىتىپ تۇرۇپ، — سىلەرچە بولسا، بىرىڭلارغا بىردىن
بولسا بولاتتى، بىراق سىلەر مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنۇشۇڭلار
كېرەك، ئەگەر بويۇن تولغىساڭلار، ھەيدىۋېتىمەن، قارا
قىشتا توڭلاپ ئۆلسەڭلارمۇ كارىم يوق، — دەپتۇ. مالايلار باي-
نىڭ قولىدىن ھەرقانداق يامانلىقنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلـ
گەچكە، ھېچقانداق قارشىلىق قىلماي، قىشتىن ساق - سالا-
مەت ئۆتۈۋېلىشنى ئويلاپ:

— خوش، باي ئاكا، دېگەنلىرىدەك بولسۇن، — دەپ،
باينىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. باي ئۆز مالايلىرىنىڭ
ئىتائەتمەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ، مىيىقىدا كۈلۈپ:

— سىلەر مۇشۇنداق ئىتائەتمەن بولغاچقا، جۇۋىنى سىـ
لەرگە ئېلىپ بەردىم. قاراڭلار، بۇ جۇۋىلارنى كىيىشتە مۇنداق
بىر شەرت بار. ئەگەر مېنىڭ شەرتىمنى ئورۇندىيالىساڭلار،

جوۋنى سىلەرگە بىكارغا بېرىۋېتىمەن، ئورۇندىيالمىساڭلار، ھەربىرىڭلار بىر جوۋىنىڭ ئورنىغا ئىككى جوۋا قەرزدار بولىسىلەر، — دەپتۇ. مالايلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ. مالايلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن باي:

— بۇ ئىككى جوۋىنى سىلەر ئۈچىڭلار بىر ئاي ئىچىدە يىگىرمە كۈندىن كىيىسىلەر. بىر جوۋىنىڭ ئىچىگە ئىككى ئادەم كىرىۋېلىشقا، ئىككى جوۋىنى قوشۇپ بىر ئادەم كىيىۋېلىشقا بولمايدۇ. مۇشۇ شەرتنى ئورۇندىيالىساڭلار، جوۋا سىلەرنىڭ، بولمىسا، ھەربىرىڭلار ئىككى جوۋىنى تۆلىمەي قۇتۇلىمەن دەپ، خام خىيال قىلىشماڭلار! — دەپتۇ.

مالايلار باينىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ، باي قويغان شەرتنىڭ تېگى - تەكتىنى ئويلاپ كۆرمەيلا غەم - ئەندىشىگە پېتىپتۇ. چۈنكى ئۇلار، بىر تەرەپتىن، باينىڭ شەرتىنى ئورۇندىيالماي قېلىشتىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قارا قىشتا ئۆي - ماكانسىز قېلىشتىن قورقۇپتۇ. ئاخىر: «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپ ئويلاپ، جوۋىلارنى قولتۇقلىغىنىچە باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، روھى چۈشكەن، چىرايلىرى سولغۇن ھالدا باينىڭ ئالدىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، باينىڭ ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق، زېرەك مالچىسىغا ئۇچراپ قاپتۇ. مالچى ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا كۆڭلى قىيماي، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھالىڭلار پېتىر تۇرىدۇ، بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەن ئوخشايدۇ، — دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. مالايلار كۆزلىرىنى سەبىي بالىلاردەك مۆلدۈرلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلاجسىز قالغان بىچارە قىياپىتىنى ئىپادىلەپ، لام - جىم دېمەي تۇرۇشۇپتۇ. ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن مالچىنىڭ باغرى

پۇچىلىنىپ، تىنچ تۇرالماي، تاقەتسىزلىنىپ:

— گەپ قىلساڭلارچۇ، بامەسلىھەت ئىش قىلمايمىزمۇ، — دەپ تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مالايلار مالچىنىڭ ئۆزلىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ياردەم بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، باي بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. مالچى بىرھازا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن:

— سىلەر جۈۋىلارنى خاتىرجەم كىيىڭلار. باينىڭ سىلەرگە كولىغان ئورىسىغا ئۆزىنى چۈشۈرەيلى، — دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى مالايلارغا چۈشەندۈرۈپتۇ.

مالايلار مالچىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتىشىپ، مالچىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە خۇشاللىق بىلەن جۈۋىنى كىيىشكە باشلاپتۇ.

ئاي توشقاندا، باي مالايلىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— قانداق، شەرتنى ئورۇندىيالىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئالغا مالايلارنىڭ ئۇچىلىسى تەڭلا:

— ئورۇندىدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مالايلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان باينىڭ قۇيقا تۈكلىرى تىك تۇرۇپ، كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك پارقىراپ كېتىپتۇ. باي ئاغزىدىن كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ، زەردە بىلەن:

— قېنى، قانداق ئورۇندىدىڭلار؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. سەمەت بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ، مالچىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئۆزىنى ئەقىللىق ساناپ، شۇنچە ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ تاپقان چارىسىنىڭ مالايلارنىڭ ئالدىدا كارغا كەلمەي، جۇۋىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا چىدىمىغان باي:

— مېنىڭ جۇۋام... — دەپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. مالايلار ئىككى جۇۋىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مالايلار بىر - بىرى بىلەن ھەمدەممە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ، باينىڭ ھەرقانداق ھىيلە - مىكىر، قۇۋلۇقلىرىنى يېڭىپ، تىنچ - خاتىرجەم ياشاپتۇ.

قېنى، ئويلاپ كۆرۈڭلار، مالچى ئۇلارغا قانداق ئەقىل ئۆگەتكەن؟



# پادىشاھ ۋە شاھماتچى

شاھمات ئويناش ئەۋج ئالغان بىر زامانلاردا، بىر ئەلدە نۇرغۇنلىغان داڭدار شاھماتچىلار بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا داۋاملىق شاھمات مۇسابىقىسى بولۇپ تۇرىدىكەن. شۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى شاھمات ئويناشنى بىلمىسىمۇ، شاھماتچىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ئۇلارنى پات - پات مۇكاپاتلاش ئىشلىرىنىمۇ ئېلىپ بارىدىكەن.

شۇ شاھماتچىلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى داڭدار بىر شاھماتچى بولغانىكەن، ئۇنىڭ داڭقى شۇ دۆلەتتە بىر ئىكەن، نامىنى ھەممە ئادەم بىلىدىكەن، يىراق - يېقىن دۆلەتلەردىن شاھمات ئويناش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىكەن، ئەمما ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، ئەل - يۇرت ئالدىدا يۈزى چۈشۈپ قايتىپ كېتىدىكەن. ئۇ شاھماتتا دائىم ئۇتۇۋالغاچقا، پادىشاھتىن پات - پات ئىنئام ئېلىشنى كۈتىدىكەن. پادىشاھمۇ شاھماتچىنىڭ كۆڭلىگە يارىشا ئىنئام بېرىپ تۇرىدىكەن.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ۋە يېقىن - يىراقتىكى دۆلەتلەر بويىچە شاھمات مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى بوپتۇ. شاھماتچىلار مۇسابىقە تەييارلىقىنى قىلىشىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شاھمات مۇسابىقىسىمۇ باشلىنىپتۇ. شاھماتچىلار مۇسابىقىگە بەس - بەس بىلەن چۈشۈپتۇ.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە راسا قىزىپتۇ، ئەل - جامائەت توپ - توپ بولۇپ يىغىلىپتۇ، ماھىرلار جان - جەھلى بىلەن ئىشلە-شىپتۇ. مۇسابىقە مۇشۇنداق قاينام - تاشقىنلىق بىلەن ئۇدا ئون ئۈچ كۈن داۋاملىشىپتۇ. ئون تۆتىنچى كۈنى مۇسابىقە-نىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپتۇ. ھېلىقى داڭلىق شاھماتچى يەنىلا بىرىنچى بوپتۇ. ئۇ دۆلەتكە شەرەپ كەلتۈرگەنلىكى ئۈ-چۈن پادىشاھ ئۇنى راسا بىر مۇكاپاتلىماقچى بولۇپ يېنىغا چاقىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— بۇ قېتىم شاھماتتا ئۇتۇپ چىقىپ مەملىكەتكە زور شان - شەرەپ كەلتۈردۈڭ، سېنىڭ بۇ ئەجرىڭ ئۈچۈن سېنى مۇكاپاتلىماقچى. بۇ قېتىم سەن مېنىڭ نېمە بىلەن مۇكاپات-لىشىمنى خالايسەن؟ — دەپتۇ. شاھماتچى سەل ئويلىنىۋالغاند-دىن كېيىن، شاھمات تاختىسىنىڭ ئاتمىش تۆت كاتەكچىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بىرىنچى كاتەكچىگە بىر تال، ئىككىنچى كاتەكچىگە ئىككى تال، ئۈچىنچى كاتەكچىگە تۆت تال، تۆتىنچى كاتەك-چىگە سەككىز تال... دىن نىسبەتلەشتۈرۈپ بۇغداي بەرسىلە، رازى بولىمەن، — دەپتۇ. شاھماتچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ:

— بەشىنچى كاتەكچىگە ئون ئالتە تال بېرىمەن، كېيىند-كىلىرىگىمۇ شۇ نىسبەت بويىچە بىر ھەسسىدىن ئاشۇرۇپ بېرىمەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ.

شاھماتچى «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ شاھماتچىنىڭ گېپىگە ئېرەن قىلماي، بۇ چاغ-لىقلا ئىش ئىكەنغۇ، دەپ قاراپ، شاھماتچىغا شۇ بويىچە بۇغداي بېرىشنى ۋەزىرگە تاپىلاپتۇ. ۋەزىر خەزىنىدار بىلەن بۇنى ھېسابلاپ كۆرۈپ، پادىشاھقا:

— ئەگەر شۇ بويىچە ھېسابلىساق، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بۇغدايمۇ بۇ سانغا يەتمەيدىكەن، — دەپتۇ. پادىشاھ ھەيران قاپتۇ، ئەمما دېگەن گېپىدىن يېنىۋېلىشقا يۈزى چىدىماپتۇ.

قېنى، كىم ھېسابلاپ باقىدۇ، پادىشاھ شاھماتچىغا قانچىلىك بۇغداي بېرىشكە تېگىشلىك ئىكەن؟



# مىڭ تەڭگە پۇل

ئۆتكەن زاماندا بىر سودىگەر بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئىككى ھەمراھى بىلەن ياقا يۇرتلارغا قاراپ سودا ئىشلىرى بىلەن يۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار خېلى يوللارنى بېسىپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، بىر شەھەرگە كېلىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، يەنە باشقا يەرگە بېرىشقا تەرەددۇت قىپتۇ. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا ئۆزلىرى چۈشكەن سارايىنىڭ ئىگىسىگە مىڭ تەڭگە پۇلنى بېرىپ، قايتىشىدا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ۋە پۇلنى ئۈچى تەڭ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بېرىش ھەققىدە سارايۋەن بىلەن خەت - توختام قىلىشىپتۇ. سارايۋەن پۇلنى ئېلىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، سودىگەرلەر خاتىرجەم يولغا چىقىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئۇلار خېلى كۆپ جايلارنى ئايلىنىپ ھېلىقى سارايغا قايتىپ كەپتۇ، ياتاققا ئورۇنلىشىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ تاماق يېيىشكە ئولتۇرۇپتۇ. تاماق يېيىلىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، غىپپىدە چىقىپ سارايۋەننىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ - دە، سارايۋەنگە:

— بىز ئۈچەيلەن تولۇق كەلدۇق، بۇگۈن پۇلنى ئېلىپ قايتىپ كەتمەكچىمىز، پۇلنى بېرىۋەتسىڭىز، — دەپتۇ.

سارايۋەن ئىشەنگۈسى كەلمەي ئۇلار چۈشكەن ھۇجرىغا قاراپ بېقىپتۇ، قارىسا، راست دېگەندەك ئۆيدە ئىككى سودىگەر تاماق يەۋاتقانىكەن. سارايۋەن سودىگەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ پۇلنى بېرىۋېتىپتۇ. پۇلنى ئالغان سودىگەر ئىككىسىنىڭ تاماق يەۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ. ئارى-دىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. ئىككى سودىگەر تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ ئۈچىنچى سودىگەرنى خېلى ساقلاپتۇ، ئەمما ئۇ كەل-مەپتۇ. ئاخىر ئۇلار سارايۋەننىڭ قېشىغا كىرىپتۇ، پۇلنى ئې-لىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئىككى سودىگەرنىڭ گې-پىنى ئاڭلىغان سارايۋەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ، نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماپتۇ، ھېلىلا سودىگەرگە پۇلنى بەرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما، ئىككى سودىگەر پۇلنى ئالمىغانلىقىنى دەپتۇ. بۇلار خېلى تالاش - تارتىش قىپتۇ، ئاخىر سارايۋەن ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپتۇ. ئىككى سودىگەر بۇرۇنقى كېلىشىمنى كۆرسىتىپ، پۇلنى تۆلەپ بې-رىشكە قىستاپتۇ. سارايۋەن ئۆزىنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى ئويلاپ بەكمۇ ئازابلىنىپتۇ، ئاھ ئۇرۇپتۇ، چارە ئىزدەپتۇ، ئا-مال تاپالماپتۇ، كەچ بولغاندا غەمكىن، سالپىيىپ ئۆيگە قاي-تىپتۇ. بوۋىسىنىڭ پەرىشانلىقىنى كۆرگەن كىچىك نەۋرە قى-زى بوۋىسىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. بوۋاي خورسىنغان ھالدا:

— ئەي قىزىم، نېمىش بولاتتى، بېشىمغا كۈن چۈشتى، بىر كاززاپ مېنى ئالداپ كەتتى. ئەمدى مەن مىڭ تەڭگە زى-يان تارتىدىغان بولدۇم، قېرىغاندا بۇ ئىش ماڭا ئېغىر كې-لىۋاتىدۇ، بېشىم قاتتى. بۇنىڭغا نېمە چارە؟! قولىدا ئىسپات خەت تۇرسا، ئامال قىلىش مۇمكىنمۇ؟ — دەپتۇ. قىز:

— نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى مەن بىلىپ باقسام بولارمۇ؟

سىزنى كاززاپ قانداق ئالداپ كەتتى؟ — دەپتۇ. سارايۋەن بول- غان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى نەۋرە قىزىغا دەپ بې- رىپتۇ. قىز بوۋى- سىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:



— غەم قىل- ماڭ، بوۋا، بۇ ئاسان ئىشكەنغۇ، سىز مۇنداق... مۇنداق... قىلىڭ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپ- تۇ. قىزنىڭ جاۋا- بى سارايۋەننى شادلاندۇرۇپتۇ، كۆڭلىدىن غەم تۇمانلىرى تارقىلىپتۇ، دىلى نەۋرە قىزىدىن سۆيۈنۈپتۇ، كېچىنى خاتىرجەم ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەتىسى سارايۋەن ئىككى سودىگەرگە نەۋرە قىزىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە جاۋاب بېرىپتۇ. سارايۋەننىڭ گېپى- نى ئاڭلىغان ئىككى سودىگەر تىلى تۇتۇلۇپ غىڭ قىلالماپتۇ، باشلىرى ساڭگىلاپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بوپتۇ.

سارايۋەننىڭ چېچەن نەۋرىسى ئۇنىڭغا قانداق ئەقىل كۆرسەتتى، دەپ بېرەلەمسىز؟

# قەيەردە مېڭىش توغرا

ئۆتكەن زاماندا مەلۇم بىر يېزىدا بىر ئىمام ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئانچە دۆت بولمىسىمۇ، دېگەندەك ئەقىللىقلاردىنمۇ ئەمەس ئىكەن، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆ-كۈم قىلالمايدىكەن، شۇنداق بولغاچقا، باشقىلار تەرىپىدىن دائىم كۈلكىگە قالىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىمام جامائەتنى باشلاپ تويغا بېرىشقا توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئىمام ئۆزىنى جا-مائەتنىڭ ئاتىسى دەپ قارىغاچقا، توپنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ، بىراق ئويلىمىغان يەردىن، بىرى:

— مولليكا، سىلى سەركىدەكلا توپنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋاپ-لىغۇ، بۇ نېمە قىلغانلىرى، ئەدەپ ـ قائىدىنى ئۇنتۇپ قالدى-لىمۇ؟ — دەپتۇ.

ئىمام قاتتىق خىجالەت بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا توپنىڭ ئارقىسىدا قېلىشقا باشلاپتۇ، بۇ ئىشقا قارىتا كۆڭلىدە نارازى-لىقى بولسىمۇ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي توپنىڭ ئارقىسى-دىن مېڭىۋېرىپتۇ. ئەمما، ئىمامنىڭ توپنىڭ ئارقىسىدا مې-ڭىشى جامائەتكە ياقماپتۇ، جامائەت ئۆز ئىمامىنىڭ ئۆزلىرىنى باشلاپ مېڭىشىنى خالايدىكەن. ئىمامنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىغا نارازى بولغان جامائەتتىن بىرى، ئىمامغا:

— مولليكا، سىلىگە نېمە بولدى، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك

مېڭىپ جامائەتكە يېتىشەلمەيلىغۇ؟ — دەپ تەنە قىپتۇ. ئىمام چاندۇرماستىن ئاستا توپنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. ئىمام شۇ قاتاردا بىر دەم مېڭىپتۇ، كۆڭلىدە، ئەمدى ماڭغان ئورنۇم بولغان ئوخشايدۇ، دەپ خېلى خاتىرجەم بوپتۇ. ئەمما، ئىمامنىڭ توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭغانلىقىنى كۆرگەن بىرى، ئىمامغا:

— مولليكا، يۇرەكلىرى قۇشقاچنىڭ يۇرىكىدەك نېمانچە كىچىك، قورقۇنچاقلىق قىلىپ توپنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپلىغۇ، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — دەپتۇ. ئىمام خىجالەتچىلىكتە يەرگە كىرىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ، كۆڭلى پاراكەندە بوپتۇ، ئۆزىنىڭ جامائەتنىڭ ئالدىدا توغرا ئىش قىلالماي گەپكە قالغانلىقىدىن نومۇس قىپتۇ.

ئەمدى ئىمام يولنى خاتا ماڭماسلىق ئۈچۈن كۆڭلىدە مۇۋاپىق بىر چارە تېپىشنى نىيەت قىپتۇ. خېلى ئۇزۇن باش قاتۇرۇپتۇ، ئەمما مۇۋاپىق بىر ئامال تاپالماپتۇ، تولا ئويلاپ، بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قىتىپتۇ، خىياللار تېنىگە تاش بولۇپ پېتىپتۇ، ئەمما ئۇ توي بولغان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگۈچە زادى قەيەردە مېڭىشى لازىملىقىنى تاپالماپتۇ.

ئىمام زادى قەيەردە ماڭسا توغرا بولاتتى، ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

# قىز ئوغۇلنىڭ نېمىسى بولدۇ

ئۆتكەن زاماندا بىر سودىگەرنىڭ ئاقىل ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانىكەن. سودىگەر ئوغلىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆردىكەن. ئاقىلمۇ ناھايىتى شوخ، ئەقىل - پاراسەتلىك چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. سودىگەر ئوغلىدىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئارغىماق سېتىۋېلىپ مىنىشكە بېرىپتۇ. ئاقىل دادىسىنىڭ شاپائىتىدىن ئىنتايىن خۇش بولۇپ، يىراق - يېقىنغا ئات چاپتۇرۇپ ئوينايدىغان بوپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، ئاقىل ئون تۆت ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ زېھنى كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپتۇ، دادىسىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، ئېلىم - بېرىمدە دادىسىغا مەسلىھەت بەرگۈدەك ھالەتكە يېتىپتۇ. سودىگەر ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ياراملىق يانتاياق بولغۇدەك ھالەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىلىرىنىڭ بىرىدە دۇكان ئېچىپتۇ. ئاقىل كۈندە چۈشتە ئېتىغا مىنىپ، دادىسىغا ئۆيىدىن تاماق توشۇيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاقىل ئادىتى بويىچە دادىسىغا ئاپىسى راسلاپ بەرگەن چۈشلۈك تاماقنى ئاپىرىش ئۈچۈن جابدۇنۇپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۆيىگە ئوينىغىلى كەلگەن بىر قىز ئاقىل بىلەن شەھەرگە بىرگە بارىمەن دەپ غەلۋە قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاقىل ئۇ قىزنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىندۇ-

رۇپ يولغا چىقىپتۇ. قىز ئاتتىن چۈشۈپ كېتىشتىن قورقۇپ ئاقىلغا مەھكەم يېپىشىۋاپتۇ. ئاقىل بولسا ئېتىنى چاپتۇرغىنچە يول يۈرۈپتۇ. ئۇ زاماندا ئەر ـ ئاياللار ھەرگىز كوچىغا بىرگە چىقىپ قول تۇتۇشۇپ ماڭالمايدىكەن. ئاقىل ئېتىنى شۇ چاپتۇرغىنىچە شەھەر قوۋۇقىغا يېقىنلاپ كەپتۇ. يىراقتىن ئات ئۈستىدە بىر ئوغۇل بىلەن بىر قىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان قوۋۇق قاراۋۇلى ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ، ئاتنىڭ باشۋېغىدىن تۇتۇپ ئاتنى چەتكە تارتىپتۇ. ئاقىل قاراۋۇل گەپ ئېچىپ بولغۇچە:

— ھەي تاغا، سىز نېمىشقا بىكاردىن ـ بىكار يولۇمنى توسىسىز، زادى مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ — دەپتۇ. قاراۋۇل:

— ھەي شۇمتەك، سەن نېمە گۇناھىڭنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەندەك، ماڭا سوئال قويۇۋاتامسىنا؟ بۇ قىزنى نېمە ئۈچۈن ئېتىڭنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۇردۇڭ؟ — دەپتۇ. ئاقىل چاققانلىق بىلەن:

— جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ سەكپارىسى، بۇ خېنىمنىڭ ھاماچىسى مېنىڭ ئاپامنىڭ قېينانىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ جاۋابنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ چۈشىنەلمىگەن قاراۋۇل ئاقىل بىلەن قىزنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار ئېتىغا يەنە مىنگىشىپ شەھەر ئارىلاپ كېتىۋاتسا، بىر ئايغاقچى كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇۋاپتۇ. ئاقىل ئايغاقچىغا كۆپ يالۋۇرۇپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئايغاقچى قازىخانىغا ئاپىرىمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاقىل بىلەن قىز ئاخىر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قازىخانىغا مېڭىپتۇ. ئايغاقچى قازىخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن قىزغا ئاتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئاقىلنى قازىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. قازى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئايغاقچى بولغان ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئاندىن قازى ئاقىلدىن:

— ئىسمىڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاقىل:

— ئىسمىم ئاقىل، ھۆرمەتلىك قازى ئاخۇنۇم، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. قازى:

— ئىسمىڭغۇ ئاقىل ئىكەن، بۇ شەھەرنىڭ قائىدە - نىزامىنى بىلمەمسەن؟ — دەپ كايىپتۇ. ئاقىل تەمكىنلىك بىلەن:

— جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ سەكپارىسى، بۇ خېنىمنىڭ ھامماچىسى مېنىڭ ئاپامنىڭ قېينانىسى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قازى شۇنچە ئويلىسىمۇ بۇ سۆزنىڭ مەنىسى- نى ھېچ چۈشىنەلمەي:

— ھەي بالا، سۆزۈڭنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. ماڭا بۇ سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈپ قويساڭ، گۇناھىڭدىن كېچىمەن، — دەپتۇ.

ئاقىل سۆزىنى قازىغا بىرمۇبىر چۈشەندۈرۈپ قويۇپتۇ. قازى بولسا ئاقىلنىڭ چېچەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن كېچىپتۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماس- لىقنى تاپىلاپ، قايتىشقا ئىجازەت بېرىپتۇ. ئاقىل قازىخانا ئالدىدا ساقلاپ تۇر- غان قىزنى ئېلىپ، دادىسىنىڭ دۇكىنىغا راۋان بوپتۇ.



قىز ئاقىلنىڭ قانداق تۇغقىنى بو- لىدۇ، ئىككى مىنۇت ئىچىدە تېپىپ چى- قالامسىز؟

# مۇغەمبەر تۈلكە

بوۋايلارنىڭ ئېيتىشىچە، مەھەللىمىزگە يېقىن ئورماندا، هايۋانلار ئارىسىدا ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان بىر ئىش بولغانمىش. ئۇ ئىشنىڭ راست بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن، ئەمما بۇ ئىش هازىرغىچە سورۇنلاردا دائىم تېپىشماق ئورنىدا ئېيتىلىدىكەن. سىز بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا مەن سىزگە بۇنى ئېيتىپ بېرەي:

بىر كۈنى تۈلكە ئوزۇق ئىزدەپ كېتىپ بېرىپ، ئېيىققا ئۇچراپ قاپتۇ. ئېيىقنىڭ قولىدا تۆت باش سەۋزە بار ئىكەن. بۇنى كۆرگەن تۈلكە ئېيىقنىڭ قولىدىكى سەۋزىگە قىزىقىپ قاپتۇ، بۇنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش كويىدا چارە ئىزدەپتۇ، ئەمما مۇۋاپىق بىر چارە تاپالماپتۇ. ئاخىر مۇغەمبەر تۈلكە ئېيىققا قاراپ:

— ئېيىق ئاداش، مەندىمۇ ئىككى باش سەۋزە بار، ھەممىسىنى قوشۇپ شورپا قىلىپ ئىچمەيلىمۇ؟ — دەپتۇ. تۈلكىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئېيىق قىلچە ئويلانمايلا دەرھال ماقۇل بوپتۇ.

ئېيىقنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان تۈلكە ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار شورپىنى تەي-

يارلاشقا كىرىشىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن شورپىمۇ تەييار بوپ-
تۇ. ئۇلار شورپىنى تازا مەززە قىلىپ ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا،
نەدىندۇر بىر يەردىن بىر قاغا ئۇچۇپ كەپتۇ - دە، ئېيىق
بىلەن تۈلكىگە مۇراجىئەت قىلىپ:

— شورپاڭلارنى مەنمۇ بىللە ئىچەي، ئالتە دانە بېلىقىم
بار، ئۇلارنى سىلەرگە بەرسەم، قانداق؟ — دەپتۇ.

قاغىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان تۈلكە بىلەن ئېيىق شۆلگەي-
لىرىنى ئېقىتىپ، دەرھال ماقۇل بولۇشۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ،



ئۇلار شورپىنى ئۈچ قاچىغا تەڭمۇتەڭ بۆلۈشۈپتۇ، ھەربىرى
بىر قاچىدىن ئىچىپتۇ، قورساقلىرىنى ئازراق بولسىمۇ ئەس-
تەرلىشىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن قاقىر بېلىقلارنى ئۇلارغا بې-
رىپ خوشلىشىپ، يەنە ئوزۇق ئىزدەپ ئۆز يولىغا راۋان بوپ-
تۇ. قاقىر كەتكەندىن كېيىن، تۈلكە بىلەن ئېيىق قاقىر
بەرگەن بېلىقلارنى بۆلۈشۈۋېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئېيىق
ئالدى بىلەن:

— تۈلكە بۇرادەر، مېنىڭ سەۋزەم تۆت باش، سېنىڭ
سەۋزەڭ ئىككى باش بولغاندىكىن، بېلىقنىمۇ شۇنداق بۆلۈ-
شەيلى، سەن ئىككىنى ئالغىن، مەن تۆتنى ئالاي، — دەپتۇ.

بۇ گەپ تۈلكىگە راسا خۇشيېقىپتۇ - دە، شۇنداق بۆلۈ-
شۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى ئۆز يوللىرىغا راۋان
بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تۈلكە ئورمان ئىچىنى ئارىلاپ،
ئۇچرىغانلىكى ھايۋانغا: «مەن ئېيىقنى ئالدىدىم» دەپ ماختى-
نىپتۇ. بۇ گەپ ئورماندىكى ھايۋانلارغا پۇر كېتىپتۇ، ھەتتا
بۇ گەپ بارا - بارا يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىلەرگىمۇ يېتىپ
بېرىپ، ھەممە كىشى بىلىپ كېتىپتۇ، ئەمما تۈلكىنىڭ ئې-
يىقنى قانداق ئالدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ. قېنى،
ئويلاپ بېقىڭ، تۈلكە نېمە ئۈچۈن ئېيىقنى ئالدىدىم، دەيدۇ.
ئەسلى ئۇلار بېلىقنى قانداق بۆلۈشسە توغرا بولاتتى؟



# ئوتۇنچى يىگىتنىڭ جاۋابى

قەدىمكى زاماندا، ئۈچ تاغنىڭ نېرىسىدا، ئۈچ دەريانىڭ بېرىسىدا ئاپئاق خان ئىسىملىك بىر سەلتەنەتلىك پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ ئەقىل - پاراسەتتە قابىل، يۇرت سوراشتا ئادىل ئىكەن. شەھەردىكى سەكسەن ياشتىن سەككىز ياشقىچە خەلق ئاپئاق خان پادىشاھنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلىشىدىكەن. ئەمما، پادىشاھنىڭ سەلتەنەت تەختىگە ھۆسن قوشىدىغان بىرلا نەرسىسى — پەرزەنتى يوق ئىكەن.

ئاپئاق خان پادىشاھ ئۆز پۇشتىدىن بىرمۇ بالا بولمىغانلىقتىن، چەكسىز ھەسرەت چېكىپ، كېچە - كۈندۈز خۇداغا سېغىنىپ نالە - پەرياد قىلىدىكەن، يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ بېشىدىن تەڭگە چېچىپ نەزىر قىلىدىكەن. لېكىن، شۇنچە قىلسىمۇ ئاپئاق خان پادىشاھنىڭ تەلىيى ئېچىلمىغان ... بەت بولماپتۇ. ئۇنىڭ ھەسرىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ، كۈنلەر، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پۇت - قولىدىن ماغدۇر قېچىپتۇ. ئاپئاق خان ئۆلۈم ئەلچىسىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلىپ، كۆزى ئوچۇق ۋاقتىدا شاھلىق سەلتەنىتىنى پاراسەتلىك، ئەلسۆيەر، ھەققانىيەتچى بىردىگە ئۆتۈنۈپ بېرىش ئويىغا كەپتۇ. پادىشاھ بىر كۈنى ۋەزىر - ۋۇزرا، مەسلىھەتچىلىرىنى يىغىپ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى

ئۇلار بىلەن كېڭەشىپتۇ. باشقىلار پادىشاھنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۈگۈندىن قالدۇرماي، پۈتۈن شەھەر تەۋەسىگە مېنىڭ پەرمانىمنى يەتكۈزۈڭلار! سەكسەن ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان ھەممە ئادەم ئوردا ئالدىغا يىغىلسۇن، ئاشۇ چاغدا شاھلىقىمنى كىمگە ئۆتۈنۈپ بېرىشىمنى جاكارلايمەن.

ئاپئاق خان پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكى ئاتارمەن - چاپارمەنلەر شۇ كۈنى تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈپ پەرماننى يەتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى ئوردا ئالدى ئادەملەرگە لىق تولۇپتۇ. پادىشاھ ئوردا پەشتىقىغا چىقىپ، پۈتۈن خەلققە سالام قىلغاندىن كېيىن:

— ئى ئەزىز خەلقىم، مېنىڭ سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ بۇ يەرگە يىغىپ كەلگەنلىكىمنى كەچۈرگەيسىلەر! مەن سىلەرگە بۈگۈن بىر مۇھىم ئىشنى جاكارلايمەن، ئۇ بولسىمۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە شاھلىق تەختىمنى باشقا بىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىش. بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بىرلا شەرتىم بار، كىمدە كىم ئاشۇ شەرتنى ئورۇندىيالىسا، شۇ شاھلىق سەلتەنەتتە ئولتۇرىدۇ. بۇنداق قىلىشىم سىلەر ئۈچۈن. دۆلەت باشقۇرۇش ئۈچۈن ئادالەتنى دوست تۇتقان، يۈرەكلىك، ۋىجدانلىق ھەمدە ئەقىل - پاراسەتلىك كىشى لازىمدۇر. شەرتىم شۇكى، قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ بۇ ئەلدە بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ ماڭا ئۆزىنىڭ دىگىنىنى بەجا كەلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرەلەيدىغان ئەزىمەت بارمۇ، يوق؟ — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئادەملەر توپىدىن جاۋاب كۈتۈپتۇ.

توپ ئارىسىدىكىلەردىن بىرمۇ ئادەم چىقىپ بۇ سوئالغا يا ئۇنداق، يا بۇنداق دەپ جاۋاب بېرەلمەپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئاپئاق خان پادىشاھ:

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا ئۈچ كۈن مۆھلەت ئىچىدە بۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەكچى بولغان كىشىگە ئوردامنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، — دەپ، خەلقنى تارقىلىشقا ئىجازەت بېرىپتۇ.

ئۇلار تارقىلىپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى باشقا ياقتىن ئاڭلايلى:

شاھنىڭ ئوردا ئالدىغا يىغىلىش توغرىسىدىكى پەرمانىدىن، ئوتۇن ئەكېلىش ئۈچۈن جاڭگالغا كېتىپ خەۋەردار بولالمىغان تۇل خوتۇننىڭ تۇردى ئىسىملىك ئوغلى ئېشىكىنى ھەيدەپ ئوتۇن ساتقىلى شەھەرگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە توپ - توپ بولۇپ كېتىۋاتقۇدەك ھەمدە بىر ئىش توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشىۋاتقۇدەك. تۇردى نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى تازا ئاڭقىرالماي ئوتۇننى سېتىپ، ئېشىكىنى قىيپاش مىنىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ، يولدا بىر كىشى ئۇچراپتۇ. تۇردى بۇ ئادەمگە سالام قىلىپ،



بۇگۈن شەھەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ ئادەم پادىشاھنىڭ شەرتىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. تۇردى ھېلىقى ئادەمگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۆيىگە قايتىپ ئەھۋالنى ئانىسىغا ئېيتىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئانىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ. ئانىسى ئوغلىدىن ئەنسىرەپ بېرىشقا قوشۇلماپتۇ، ئەمما تۇردى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىش نىيىتىدىن يانماي، ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئانىسىغا ئوتۇنغا ماڭدىم دەپ قويۇپ، ئېشىكىنى مىنىپ ئۇدۇل ئاپئاق خان پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ، ئىشىكباقارغا ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. ئىشىكباقار پادىشاھتىن كىرىشكە ئىجازەت سوراپ چىقىپ تۇردىنى كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ پادىشاھقا چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن، كېلىش سەۋەبىنى سۆزلەپتۇ. پادىشاھ سوئالنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ، تۇردىدىن جاۋاب كۈتۈپتۇ. تۇردى سوئالغا شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇكى، پادىشاھ ئۇنىڭ ئەقلىگە ھەيران بوپتۇ. شۇ ھامان پۈتۈن ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ تاجۇ تەختىنى ئوتۇنچى تۇردىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئۇزاققا بارماي ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. تۇردى بولسا، ئانىسىنى ئوردىغا ئەكېلىپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ، يۇرتنى ئادالەت بىلەن سوراپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپتۇ.

ئوتۇنچى يىگىت پادىشاھقا نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟

# ئۆچ تۆگە

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تېخى كىشىلەر نام قويمىغان بىر يۇرتتا شۇنداق بىر ئىشلارمۇ بولغانىكەنمىش. بۇ ئىشلار كى-شىلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلغانمىش، بۇ ئىشلارنىڭ يۇز بېرى-شىگە بىر باي سەۋەبچى بولغانىكەنمىش. بۇ باي ھېسابسىز مال - دۇنياسى بىلەن شۇ يۇرتتا كاتتا ئىكەن، ئەمما ھەددى-دىن زىيادە تويماس، پىخسىقلىقى بىلەن يۇرت - جامائەت ئالدىدا نەزەردىن ساقىت ئىكەن. ئۇنىڭ كىشىلەردە ئېلىشى بولسا ھەر باب بىلەن ئالدىكەن، ئەمما كىشىلەرگە بېرىدىغان چاغدا: «تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە ئالىسەن» دەيدىكەن. مۇشۇ يوسۇندا كۇنلەرنى قوغلىشىپ ئايلار ئۆتۆپتۇ، باشقىلار-نىڭ بايدىكى ھەققى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ، كىشىلەرنىڭ غەزى-پىمۇ پاراقلاپ قايناپ تېشىپتۇ. بۇ ئىشلار ئاخىر بېرىپ ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئاللا ئىگەمنىڭ سەمىگە يېتىپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن مېھرىبان ئاللا ئىگەم يۇرتتىكى بەندىلىرىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن بايغا شۇنداق بىر بالانى بېرىپتۇ: بايىنىڭ تۆگىلىرى ئىچىدىن ئۇچ تۆگە يامان خۇيلۇق بولۇپ ئۆزگىرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى توقۇم يەيدىكەن، بىرى تۆگە يەيدىكەن، بىرى ئادەم يەيدىكەن. بۇ ئۇچ تۆگە بايىنىڭ نۇرغۇن مال - مۇلكىگە زىيان ساپتۇ،

تۆگىلىرى كۆندىن - كۈنگە ئازلاشقا باشلاپتۇ، مالايلىرى خىزمەتلىرىنى تاشلاپتۇ، ھەتتا بىر بالىسىنىمۇ تۆگە يەپ كې-
تىپتۇ. بۇ بالايىئاپەت باينىڭ بېشىنى قاتۇرۇپتۇ، زىيانىنىڭ دەردىدە رەڭگىرويى سارغىيىپ، ئورۇقلاپ كېلىدىن غىزا ئۆت-
مەس بولۇپ قاپتۇ. ئاخىر باي تۆگىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى ئۇنىماي، زىيانغا تېخى چىدىماي، ئۈچ تۆگىنى بىر يولىلا ئا-
پىرىپ سېتىۋېتىش قارارىغا كەپتۇ، ئەمما تۆگىلەرنى ساق - سالامەت بازارغا ئاپىرىپ ساتقۇدەك بىر ئامالنى قىلالماپتۇ.
مۇنداق تىزىپ يېتىلىسە ئادەم ئۆلىدۇ، ئۇنداق تىزىپ يېتى-
لىسە تۆگە ئۆلىدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ ھېچ بىلەلمەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن باي پۈتۈن يۇرتقا جاكار چىقىرىپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر تۆگىنى بازارغا ئاپىرىشىپ بەرمەكچى بولۇپ كەپتۇ، ئەمما ھېچقايسىسى مۇۋاپىق بىر چارە تاپالماپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بىر تۆگىچى بوۋاي باينىڭ ئۆيىگە دەرھال يېتىپ كېلىپ:



— ئەگەر مەن بۇ تۆگىلەرنى شەھەرگە بىخەتەر ئاپىرىپ سېتىپ كەلسەم، نېمە بېرىسەن؟ — دەپتۇ.

ئۈچ تۆگىنى يېتىلەپ بېرىپ سېتىشقا كۆزى يەتمىگەن ئەخمەق باي ئاخىر بىر تۆگىنى بوۋايغا بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ. تۆگىچى بوۋاي ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا باي بىلەن خەت - توختام قىلىشىپ، ھېلىقى تۆگىلەرنى بىر - بىرىگە چېتىپ، شەھەرگە خېيىمخەتەرسىز ئەكىرىپتۇ، ئىككى تۆگىنى سېتىپ پۇلىنى بايغا بېرىپ، بىر تۆگىنى مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ. باي لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

تېپىڭلارچۇ، تۆگىچى بوۋاي قانداق ئامال بىلەن تۆگىلەرنى بىر - بىرىگە چېتىپ بازارغا ئەكىرەلىدى؟



# ئوغرى بىلەن قاراقچى

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە بىر ئوغرى ۋە بىر قاراقچى بار ئىكەن، ئىككىسىنىڭ خوتۇنى بىر ئىكەن. بۇ سىرنى بۇ خوتۇندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىكەن. بىر كۈنى ئوغرى ئۆيىگە كېلىپ، خوتۇنىغا:

— پادىشاھ: «ئوغرى - قاراقچىلارنى دارغا ئېسىڭلار» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. يېمەكلىك تەييارلاپ بەرسەڭ، باشقا يۇرتقا بېرىپ جاھان تىنچىغۇچە بىر مەزگىل تۇرۇپ كېلەي، — دەپتۇ. خوتۇنى:

— بىر كۆمەچ چىققۇدەك ئۇن بار، — دەپتۇ. ئوغرى:

— ئۇنداق بولسا شۇ ئۇندا بىر كۆمەچ كۆمگىن، مەن سىرتقا چىقىپ بىر خەۋەر ئۇقاي، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. خوتۇنى بىر كۆمەچ پىشۇرۇپ، يېرىمىنى يوشۇرۇپ داستىخانغا يۆگەپ قويۇپتۇ. ئوغرى كىرىپ:

— يېرىمى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزۈم يېدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە يېرىم كۆمەچ بىلەن ئوغرىنى يولغا سېپتۇ. ئارقىدىن قاراقچى كىرىپتۇ ۋە ئۇمۇ ئوغرى دېگەن گەپلەرنى دەپ، خوتۇنىدىن:

— بىرنەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى:

— بىر كۆمەچ پىشۇرۇۋىدىم، يېرىمىنى ئۆزۈم يېدىم،

يېرىمى بار، — دەپ، يېرىم كۆمەچنى قاراقچىغا بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراقچىمۇ يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر تەرەپكە مېڭىپتۇ، ئالدىدا چىققىنىغا ئارقىدا چىققىنى يېتىشىۋېلىپ، هال - ئەھۋال سورىشىپ، ئىككىسى بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ يول يۈرۈپتۇ، بىر سۇ بويىغا كەلگەندە بىرنەرسە يەيلى دەپ ئولتۇرۇپ، ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ كۆمەچلىرىنى چىقىرىشىپتۇ ۋە بىر - بىرىنىڭ قولىغا قارىشىپ ھەيران قاپتۇ ھەمدە يېرىمدىن كۆمەچنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ كۆرسە، بىر كۆمەچ ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. بۇلارنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ. ئوغرى:

— ھەي قاراقچى، سېنىڭ ئۆيۈڭ قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. قاراقچى:

— ئۆيۈم شەھەردىكى ئوي مەھەللىدە. خوتۇنۇمنىڭ ئىسمى ئايشەمخان، — دەپتۇ.

— بەس ! — دەپتۇ ئوغرى، — خومپەر، ئۇ مېنىڭ ئۆيۈم، ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، يالغان ئېيتىۋاتىسەن !

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى ناھايىتى قاتتىق جېدەللىشىپتۇ. ئاخىر ئىككىسى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندىن كېيىن: «ئىككىمىزنى ياراشتۇرىدىغان ھېچكىم يوق، شۇ ئۆيگە بېرىپ بىر تەرەپ قىلايلى» دېيىشىپ، يولدىن يېنىپ ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ، قارىسا، ئۆيدە ئايشەمخان ئولتۇرغۇدەك. ئىككىسى خوتۇندىن سوراپتۇ:

— سەن قايسىمىزنىڭ خوتۇنى؟

ئۇ خوتۇن:

— مەن ھەر ئىككىڭلارنىڭ خوتۇنى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار:

— بىر خوتۇن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئەرگە تەگكەن نەدە بار؟ ! — دەپتۇ. خوتۇن جاۋاب بېرىپ:

— بىرىڭلار قاراقچى، بىرىڭلار ئوغرى، بىر - بىرىڭلاردىن ھېچ پەرقىڭلار يوق. شۇ سەۋەبتىن ئىككىڭلارنى بىر ئادەم دەپ ھېسابلىدىم، — دەپتۇ. ئوغرى بىلەن قاراقچى:

— ئەمدى بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ بىرىمىزگە تەۋە بولىسەن، قايسىمىزنى تاللاش ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، — دەپتۇ. خوتۇن:

— ئۇنداق بولسا، ئىككىڭلار ھۈنەر كۆرسىتىڭلار، قايسىڭلار ھۈنەردە ئۈستۈن بولساڭلار، شۇنىڭغا خوتۇن بولىمەن، — دەپتۇ. ئوغرى:

— ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن مەن ھۈنىرىمنى كۆرسىتەي، — دەپ ئايشەمخاننى قاراقچى بىلەن بازارغا ئاچىقىپتۇ. ئۇلار ئايلىنىپ بىر يەرگە كەلسە، تۇماقچى بىر تۇماقنى يەتتە تەڭگىگە سېتىپتۇ ۋە پۇلنى ئېلىپ قوينىغا ساپتۇ. ئوغرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تۇماقچىغا بىر سۈركىلىپلا ئۇنىڭ قوينىدىكى پۇلنى ئېلىۋېلىپ، ئورنىغا بىر تاشنى سېلىپ قويۇپتۇ. تۇماقچى بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن قوينىدىكى پۇلنى ئېلىپ قاراپ، پۇلنىڭ تاشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تۇماق ئالغان كىشى جادۇگەر ئىكەن، ماڭا پۇل بەرمەي تاش بېرىپتۇ، دەپ، سودا قىلىشقان كىشىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپتۇ. ئوغرىمۇ تۇماقچىنىڭ كەينىدىن بېرىپ بىر سۈركىلىپلا تاشنى ئېلىۋېلىپ، پۇلنى تۇماقچىنىڭ قوينىغا سېلىپ قويۇپتۇ. توماقچى بۇنى بىلمەي تۇماق ئالغان كىشىنى تۇتۇۋېلىپ:

— سەن جادۇگەر ئىكەنسەن، ماڭا پۇل بەرمەي تاش بېرىپسەن، — دەپ قوينىغا قولىنى سېلىپ تۈگۈچنى ئالغان-



كەن، قويندىكى تاش بولماي، پۇل بولۇپ چىقىپتۇ. كۆرگەن-لەر تۇماقچىنى مەسخىرە قىلىشىپتۇ. تۇماقچى خىجالەتچىلىكتە قايتىپ يولىغا راۋان بوپتۇ. ئوغرى تۇماقچىغا ئەگىشىپ يەنە پۇلنى ئېلىۋېلىپ، تاشنى ئۇنىڭ قويىنىغا سېلىپ قويۇپتۇ. تۇماقچى يىراققا بېرىپ قويىندىن پۇلنى چىقىرىپ قارىسا پۇل ئەمەس، تاش چىققان، تۇماقچى ھەيران قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغرى، قاراقچى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇنى ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ ھەم ئوغرىغا ئاپىرىن ئوقۇشۇپتۇ. كەچ بولغاندا، قاراقچى:

— ئەمدى مېنىڭ ھۈنىرىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار، — دەپ،

ئوغرى بىلەن خوتۇننى ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشلاپ كەپتۇ. قارىسا، جىسەكچىلەر مۇگدەپ ئولتۇرغۇدەك. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قاراقچى ھەممىسىنىڭ بېشىنى كېسىپتۇ، خوتۇنغا خىمىر يۇغۇرۇشنى، ئوغرىغا ئوت قالاشنى بۇيرۇپ، ئۆزى پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ قارىسا، پادىشاھ ياتقان، بىر مۇلازىم پادىشاھنىڭ پۇت - قوللىرىنى تۇتۇۋاتقانىكەن. قاراق-چى تۇيدۇرماي كېلىپ مۇلازىمنىڭ كانىيىدىن بوغۇپ سىرتقا ئاچىقىپ بېشىنى كېسىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھنىڭ پۇت - قوللىرىنى تۇتۇشقا باشلاپتۇ، پادىشاھقا ناھايىتى خۇشىيېقىپتۇ. پادىشاھ كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ:

— ئەي مۇلازىم، بۇ خىزمەتكە خېلى ئۇستا بولۇپ قاپ-سەن، — دەپتۇ. قاراقچى:

— مېنىڭ ئوي - پىكرىم مۇشۇ ئىشقا ئۇستا بولۇشتا، پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ھېكايە ئېيتقاچ تۇت ! — دەپتۇ. قاراقچى:

— مەن ھېكايە بىلمەيمەن، شۇنداق بولسىمۇ ئېيتىپ با-قاي، — دەپ، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ئېيتىپتۇ، ئا-خىردا ئۆزىنىڭ مۇلازىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پادى-شاھنىڭ پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقىنى دەپتۇ. شۇ ئەسنادا پادىشاھ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. قاراقچى بولسا، شاھنىڭ تاجىنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئوغرى بىلەن ئايشەمخان قاراقچىغا ئايرىن ئوقۇشۇپتۇ، ئەمما ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە تەن بېرىشمەي، ئايشەم-خاننى تالىشىپ يەنە جېدەللىشىپتۇ.

قېنى ئېيتىڭا، بۇلاردىن قايسىسى «ھۈنەر» دە ئۇستۇن ئىكەن؟ ئايشەمخان قايسىسىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك؟

# گۆھەرنى قانداق قىلىش كېرەك

بۇرۇنقى زاماندا، بىزگە يېقىنمۇ ئەمەس، يىراقمۇ ئەمەس بىر شەھەردە، ھال - كۈنى ئوتتۇراھال تۆمۈر ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن تىنىمسىز مەشغۇل بولۇپ، ھالال ئىشلەپ، ھالال يەپ، ئۆز كۈنلىرىنى شۈكۈر - قانائەت بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. تۆمۈر ئاخۇننىڭ ئايالى بولسا چۆچۈرىدەك ئۈچ ئوغلىنى بېقىش ھەلەكچىلىكىدە ئىكەن. ئوغۇللار كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىپ كۆزگە كۆرۈنۈپ قاپتۇ. ئەمما، باللارنىڭ ئاپىسىغا كېسەللىك يېپىشىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. تۆمۈر ئاخۇننىڭ كۆرسەتمىگەن داخان، تېۋىپى، ئىچكۈزمىگەن دورىسى قالماپتۇ، لېكىن ئايالىغا ھېچقانداق سەۋەب كار قىلماپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايالىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن ۋە ئۈچ ئوغۇل ئىنتايىن قايغۇرۇپتۇ. تۆمۈر ئاخۇننىڭ ئۈستىدىكى يۈك ئېغىرلىشىپ، ئېتىز - ئېرىق ۋە ئۆي ئىشلىرى ئۇنىڭغا قاراشلىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، باللارغا ھەم ئانا، ھەم دادا بولۇپ يەتتە - سەككىز يىلنى جاپالىق ئۆتكۈزۈپتۇ. باللارنىڭ ئالدى ئون يەتتە ياشقا كىرىپ رەسمىي كارغا كەپتۇ. ئۇلار ئۆز لايىقىدا تۆمۈر ئاخۇنغا ھەمدەم بولۇپ، دادىسىنىڭ زىممىسىدىكى يۈكنى يەڭگىللىتىپتۇ. دادا باللار بىلەن

مەسلىھەتلىشىپ، تاشلاندۇق يەرلەرنى ئېچىپ، زىرائەت تېرىپ
مول ھوسۇل ئاپتۇ. شۇ يوسۇندا ئۈچ - تۆت يىل ئۆتۈپتۇ،
بالىلارمۇ قۇرامىغا يېتىپتۇ. ئۇ چوڭ ئىككى ئوغلىنى ئارقا -
ئارقىدىن ئۆيلەپ قويۇپتۇ، ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ، ئۆزى
كەنجى ئوغلى بىلەن قېلىپ، يەنە ئېتىز - ئېرىق ئىشىنى
داۋام قىپتۇ. بىر يىلى ئەتىيازلىقى تۆمۈر ئاخۇن ئوسا قىلغان
يەرلەرنى ھەيدەۋېتىپ بىر قارلىغاچنىڭ ئېتىزلىقتا پالاقلاپ
يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال قوشنى تاشلاپ، قارلىغاچنىڭ
يېنىغا بېرىپتۇ، قارىسا، قارلىغاچنىڭ قاناتلىرى يۇلۇپ
تاشلانغانىكەن. تۆمۈر ئاخۇن قارلىغاچقا رەھمى كېلىپ، ئۇنى
قوينىغا سېلىپ كەچ كىرگەندە ئۆيگە ئەكېلىپ، دان، سۇ
بېرىپ، سېۋەتكە سولاپ بىر كېچە بېقىپتۇ، ئەتىسى ئۆينىڭ
پېشايۋىنىغا بىر ئۇۋا ياساپ بېرىپتۇ، ئاندىن ئوغلىغا قارلى-
غاچنى ياخشى بېقىشنى تاپىلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
قارلىغاچنىڭ قاناتلىرى ئۆسۈپ يېتىلىپتۇ، ئۇياق - بۇياقلار-
غا ئۇچۇپ دانلايدىغان، تاڭ سەھەردە مۇڭلۇق ئۇنلەيدىغان بوپ-
تۇ. بىر كۈنى قارلىغاچ ئاسمانغا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىپ كۆز-
دىن غايىب بوپتۇ. كەنجى ئوغۇل قارلىغاچنىڭ ئەمدى قايتىپ
كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ مۇڭلىنىپتۇ. تۆمۈرئاخۇن بولسا،
جانىۋار ساق - سالامەت قولدىن چىقىپ، ئۆز ئەركىنلىكىنى
تاپتى، دەپ ئويلاپتۇ. بارا - بارا قارلىغاچ بۇ ئائىلىنىڭ ئې-
سىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. كۈن، ئاي ئۆتۈپ كۈز كەلگەندە،
تۆمۈرئاخۇن كەنجى ئوغلىنى ئۆيلەپ قويۇش تەييارلىقىنى قى-
لىپ، بىر دېھقاننىڭ ئەدەپ - قائىدىلىك، ئىشقا پىشقان قى-
زى بىلەن ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇپتۇ. كېلىن ياخشى
مىجەزلىك بولۇپ چىقىپتۇ، ئاتا - بالىنىڭ ئاش - تامىقىنى
ۋاقتىدا ئېتىپ، ھويلا - ئارامنى پاكىز تۇتۇپتۇ. ئۇلار بىر

ئائىلىدە خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن قىشنى ئۆتكۈزۈپتۇ. تۆ-مۇر ئاخۇن ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى ئېغىر ۋەزىپىنىڭ تۈگەپ، يېنىكلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. ئالدىنقى ئىككى ئو-غۇللىرىمۇ ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا بولۇپ ئوبدان ئۆي تۇتۇۋاپ-تۇ. ئۇلارنىڭ بىر ـ ئىككىدىن بالىسى بوپتۇ.

ياندۇرقى يىلى ئەتىياز مەزگىلى يېتىپ كەپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن بولسا، يەرلىرىنى بالدۇر ئوسا قىلىپ، زىرائەت تې-رىشقا تۇتۇش قىپتۇ. بىر كۈنى سەھەردە قوش ھەيدەۋاتسا، بىر قارلىغاچ ئاسماندىن ئوقتەك شۇڭغۇپ ئېتىزلىققا چۈ-شۈپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن، نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ زەن سېلىپ قارىسا، بىر قارلىغاچ پارقىراق بىرنەرسىنى چىشلەپ تۆمۈر ئاخۇن تەرەپكە يورغىلاپ كەپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن بولسا، بۇنىڭ چوقۇم ئۆتكەن يىلى مۇشۇ ئېتىزلىقتا ئۇچراپ ئۆيىگە ئاپى-رىپ باققان قارلىغاچ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىپتۇ. قارلىغاچ تۆمۈر ئاخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ تۇمشۇقىدىكى پارقىراق نەر-سىنى يەرگە تاشلاپ، زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي ئاق كۆڭۈل، مېھىر ـ شەپقەتلىك دېھقان، سەن مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ مەن ئۆتكەن يىلى مۇشۇ مەزگىلدە، مۇشۇ ئېتىزلىقتا سېنىڭ شەپقىتىڭگە ئېرىشكەن قارلىغاچ بولىمەن. مەن شۇ چاغدا بىر نابابنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، جېنىم نابۇت بولغىلى تاس قالغانىدى. سەن ماڭا ئۇنتۇلغۇسىز ياخ-شىلىق قىلدىڭ، مېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ باقتىڭ، مەن سېنىڭ بۇ قىلغان ياخشىلىقىڭنى قانداق قايتۇرارمەن، دېگەن خىيال بىلەن ساڭا دېمەي ئۆيۈڭدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدىم. مەن ئەس-لىدە ئالەمدىكى پۈتۈن قارلىغاچلار پادىشاھىنىڭ ئارزۇلۇق با-لىسى بولىمەن. مېنىڭ ماكانىم بۇ يەردىن نەچچە ئاي ئۇچسا يەتكىلى بولىدىغان يەردە. مەن ئۆيۈڭدىن ئۇچۇپ چىقىپ شاھ

دادامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆيىمىزدە نەچچە ئەۋلاد ساقلاپ كې-لىۋاتقان بىر دانە گۆھەرنى ساڭا ئەكەلدىم. بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان ئازراق رەھمىتىم، قوبۇل قىلغايسەن ! — دەپتۇ.

تۆمۈر ئاخۇن گۆھەرنى قولىغا ئېلىپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. گۆھەر شۇ دەرىجىدە ئېسىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل رەڭ-لەر جۇلالىنىپ تۇرىدىكەن. تۆمۈر ئاخۇن:

— ھەي قارلىغاچ، مەن سېنى قانداقتۇر بىرنەرسە تەمە قىلىپ قۇتۇلدۇرغان ئەمەس ئىدىم، سەن كايىپ، كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بۇ گۆھەرنى ماڭا ئەكەپسەن، ھىممى-تىڭگە مىڭ مەرتە رەھمەت، خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلى-سۇن ! — دەپ قارلىغاچقا دۇئا قىپتۇ. قارلىغاچ:

— بۇ گۆھەرنىڭ خاسىيىتى شۇكى، بۇنى ساقلىغان ئا-دەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، تېنى ساغلام بولىدۇ، ئىشلىرىغا بەرد-كەت، بەخت - سائادەت يار بولىدۇ. سەن بۇ گۆھەرنى ئەۋلاد-مۇئەۋلاد ساقلىغايسەن، بۇنى ھەرگىز ساتما، چاقما، يېنىڭدىن ئايرىما، — دەپ تاپىلاپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن بۇ گەپلەرنى كۆڭلى-گە مەھكەم پۈكۈپتۇ. قارلىغاچ تۆمۈر ئاخۇن بىلەن خوشلىشىپ ئاسمانغا ئۆرلەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

تۆمۈر ئاخۇن گۆھەرنى قوينىغا ئاۋايلاپ سېلىپ، خۇشلۇ-قىدا، بىر كۈن كەچكىچە ھەيدەپ بولىدىغان يەرنى پېشىنغا قالماي ئاغدۇرۇپ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى-دىن ئوغۇللىرىنىمۇ تەڭ بەھرىمەن قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، باللىرىنى تېپىپ كېلىشكە كېلىنىنى ماڭغۇزاي دەپ تۇرۇپ ئويلاپ قاپتۇ: «ھازىر بۇ بىر دانە گۆھەرنى باللارغا كۆرسەت-سەم، ساق بېشىمغا پىت سېلىۋالىمەنمۇ، قانداق؟ ئۇلار بۇنىڭ-دىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئويىدا بولسىغۇ ناھايىتى ياخشى، ئەگەر نىيىتى بۇزۇلۇپ ئۇنىڭغا يالغۇز ئىگە بولۇشنى ئويلاپ،

بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالسا، ھېچبولمىغاندا ئارازلىق تۇغۇلسا، ئۇ چاغدا بۇ خاسىيەتلىك گۆھەر يامانلىقنىڭ ئۇرۇقى بولىدۇ، خالاس. ئەڭ ياخشىسى، بۇنى ھازىرچە ھېچقانداق ئىنس ـ جىنغا تىنماي ساقلاش لازىم.»

تۆمۈر ئاخۇن ئويلىغانلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ، كۈنلىرىنى ئاۋۋالقىدەك ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ، گۆھەرنى بولسا كېچە ـ كۈندۈز يېنىدىن ئايرىماي ساقلاپتۇ، بارغانچە ئوغۇللىرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تاپقان ـ تەرگىنى كۆپىيىپ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، بەخت ـ سائادىتى ئېشىپتۇ. كۈنلەر ئايلارنى قوغلاپ، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. تۆمۈر ئاخۇنغا قېرىلىق يېتىپتۇ. ئۈچ ئوغۇل بولسا، شەھەردە نامى چىققان سودىگەرلەردىن بولۇپ قاپتۇ، توختىماي كارۋان ماڭغۇزۇپ، بارمىغان داڭلىق شەھەرلەر قالماپتۇ. ئۇلار دادىسىغا ياخشى قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇللۇق بۇرچىنى يەتكۈزۈپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى كېچىسى بوۋاي شېرىن ئۇيقۇدا بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە مۇنداق بىر ئىش كۆرۈپتۇ: بىر ئەتىياز مەزگىلى ئىمىش، بوۋاي ئادىتى بويىچە يەر ھەيدەۋاتقۇدەكمىش، بىر چاغدا گۆھەرنى سوۋغات قىلىپ كەتكەن قارلىغاچ يەنە بوۋاينىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەپتۇمىش ۋە بوۋاينىڭ ئوڭ مۈرىسىگە قونۇپ تۇرۇپ، زۇۋانغا كىرىپ:

«ئەي دېھقان، مەن ساڭا ھەدىيە قىلغان گۆھەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇشۇ چاغقىچە ئاغرىق ـ سىلاق، بالا ـ قازادىن خالىي بولۇپ، ئوبدان ياشىدىڭ، بارلىق مۇراد ـ مەقسىتىڭ ھاسىل بولدى، گۆھەرنىمۇ ئىنتايىن ئەزىزلەپ ساقلىدىڭ. ئەمدى بەس، ئۆلۈم نۆۋىتى ساڭا كېلىپ قالدى. بۇ يىل تۇپتوغرا يۈز ياشقا كىرىپسەن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياشىساڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ يۈك بولىسەن. ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىل-

غىن، خەير - خوش» دەپ، پۇررىدە ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب
بوپتۇمىش. تۇمۇر بوۋاي قارلىغاچنى ئاسماندىن ئىزدەيمەن دەپ
كۆزىنى شۇنداق ئاچقانىكەن، كۆرگىنى چۈش بولۇپ چىقىپتۇ.
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، خۇداغا شۇ-
كۇر - قانائەت ئېيتىپتۇ، ئويلىسا، ئۆزى بىلەن تەڭتۇشلاردىن
بىرىمۇ قالمىغان، شۇنىڭ بىلەن كۆرگەن چۈشىگە ئىشىنىپ،
جان ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپتۇ ھەم تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ ئو-
غۇللىرىنى چاقىرىپ ئەتراپىغا يىغىپ:
— باللىرىم، سىلەرنى يىغىشىمنىڭ سەۋەبى مۇنداق:
مەن بولسام پۇت - قولۇمدىن ماغدۇر قېچىپ، قېرىپ كەت-
تىم، ئەتىمۇ، ئۆگۈنمۇ بۇنىسى نامەلۇم، لېكىن پانىي ئالەمدىن
باقىي ئالەمگە يېنىش نۆۋىتى كېلىپ قالدى. سىلەر بولساڭلار
ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپ-
لەردىن بىھاجەتلىك پەللىسىگە يەتتىڭلار، مۇشۇ ئاغزىمدىن
زۇۋان قاچمىغان پەيتتە سىلەرگە ۋەسىيەت قىلىش قارارىغا
كەلدىم. ۋەسىيىتىمنىڭ بىرىنچىسى، مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلغاند-
دىن كېيىن، مەن باردىكىدەك ئۆم - ئىتتىپاق بولۇپ، بىر -
بىرىڭلارغا پۇت - قول بولۇپ ئۆتسەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ
گېپىنى ئېلىپ، كېڭەش بىلەن ئىش قىلساڭلار. ئىككىنچىد-
سى، سىلەرگە نەچچە ئون يىل مابەينىدە سىر تۇتۇپ كەلگەن
بىر ئىشنى ئېيتماقچىمەن، ئۇ بولسىمۇ، بىر قارلىغاچنى ئۆ-
لۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇش سەۋەبلىك بىر خاسىيەتلىك گۆ-
ھەرگە ئىگە بولغانىدىم، بۇ بىر قۇۋمنىڭ بەخت - سائادىتى
مۇشۇ گۆھەردىن نېسىپ بولغانىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ
شۇنداق بولغۇسى. ئەمدى بۇ گۆھەرنى سىلەرگە مىراس قالدۇ-
رۇش پەيتى يېتىپ كەلدى، لېكىن گۆھەر بىر، سىلەر بول-
ساڭلار ئۈچ، بۇنى بىرىڭلارغا بېرىپ، ئىككىڭلارنى قارىتىپ



قويسام ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، قانداق قىلغاندا گۆھەرنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇپ ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرسەڭلار، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ئەمدى خەۋەر تاپقان ئۈچ ئاكا - ئۇكا تېگىرقاش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە لام - جىم دېمەي تۇرۇشۇپ قاپتۇ. بالىلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن تۆمۈر ئاخۇن:

— ئۇنداق بولسا، سىلەرگە ئەتە ئەتىگەنگىچە مۆھلەت بېرەي، ھەرقايسىڭلار بۇ ئىشنى ئۆز ئالدىڭلارغا ئويلاپ كېلىڭلار، — دەپ، بالىلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە يولغا سېلىپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپ، ئەتىسى بالىلار يىغىلىپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن ئۇلارنىڭ قانداق قارارغا كېلىشكەنلىكىنى سورىغانىكەن، چوڭ ئوغۇل گەپ باشلاپ:

— دادا، مېنىڭچە، بۇ گۆھەرنى سېتىپ پۇلىنى ئۈچىمىزگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگىنىڭىز تۈزۈك، ئۇنداق بولمىغاندا، بىزنىڭ ئارىمىزغا ئارازلىق چۈشۈپ قالىدۇ، — دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل:

— مېنىڭ ئويۇمچە، ئەڭ ياخشى چارە، گۆھەرنى ئۈچكە پارچىلاپ، ھەرقايسىمىزغا تېگىشلىكىنى ئايرىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. نۆۋەت كەنجى ئوغۇلغا كەپتۇ. ئۇ:

— دادا، ئاكىلىرىمىمۇ بىر قىسىم مەسلىھەتلەرنى بەردى، لېكىن ئۈچىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، بۇنىڭغا دانىشمەن يۇرت كاتتىسىدىن بىرى مەسلىھەت بەرسە دەپ ئويلايمەن. شۇنداق قىلغاندا زىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەسمىكىن، — دەپتۇ.

تۆمۈر ئاخۇن ئوغۇللىرىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ، ئاخىر كەنجى ئوغلىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىنى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەنجى ئوغلىنى بۇ شەھەردە دانىش-

مەنلىكتە شان ـ شۆھرەتى بار ئۇلۇغ بىر مۆتىۋەرنى چاقىـ-
رىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ھايال بولماي مۆتىۋەر يېتىپ كەپ-
تۇ. ئۇلار ئۆزئارا سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن
داستىخان راسلىنىپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن بولسا، خاسىيەتلىك
گۆھەرنىڭ ئۆز قولىغا چۈشۈپ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كې-
لىش جەريانىنى بىرمۇبىر سۆزلەپتۇ ھەم ئەڭ ئاخىردا ئۈچ
ئوغۇل ئۇنىڭدىن قانداق قىلغاندا تەڭ بەھرىمەن بولىدىغانلىقى
توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. مۆتىۋەر كىشى بولسا، بىردەم
ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۈچ ئوغۇلغا ئىنتايىن باب كېلىدى-
غان دانا مەسلىھەت بېرىپتۇ. مۆتىۋەرنىڭ مەسلىھەتىگە ھەمە-
مەيلەن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ. مۆتىۋەر كىشى:

— ئۇنداق بولسا، ئۇچىڭلار مۇشۇ پۈتۈشكەن مەسلىھەتى-
نىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىگە قەسەم قىلىڭلار، — دەپتۇ. ئۈچ
ئوغۇل ئاللانى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىپتۇ. تۆمۈر ئاخۇن مۆتى-
ۋەرگە رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ، سوۋغا ـ سالام بىلەن يولغا سالپتۇ.

تۆمۈر ئاخۇن ھەپتە ئۆتمەي كېچىلىك ئۇيقۇسىدىن ئويغ-
غىنالماي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ئۈچ ئوغۇل بولسا، دادى-
سىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىپتۇ.
ئۇلار مۆتىۋەر بەرگەن مەسلىھەتكە ئەمەل قىلىپ، كېيىنكى
ئەۋلادلىرىغىمۇ ئاشۇ مەسلىھەت بويىچە ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ.
خاسىيەتلىك گۆھەر ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ، ئۇلارغا
بەخت ـ سائادەت ئاتا قىپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خاسىيەت-
لىك گۆھەر ھازىرغىچە تۆمۈر ئاخۇننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قو-
لىدا ساقلاقلىق بولۇپ، ئۇلارغا ھەممە ئىشتا ئۇتۇقلۇق ئاتا
قىلىپ بېرىۋاتقانمىش.

قېنى، ئويلاپ بېقىڭا، مۆتىۋەر كىشى قانداق مەسلىھەت
بەرگەن؟

# تۇردى ماقۇلنىڭ قىزلىرى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ياقا يۇرتلارنىڭ بىرىدە تۇردى ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ شۇنداق ئاق كۆڭۈل، ساددا ئىكەنكى، كىچىك بالا ئىشقا بۇيرۇسىمۇ ياق دېمەيدى-كەن، شۇڭلاشقا باشقىلار ئۇنىڭ ئىسمىنى «ماقۇل» دېگەن لەقەم بىلەن قوشۇپ چاقىرىدىكەن.

تۇردى ماقۇلنىڭ ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ، كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك بېقىپ چوڭ قىلغان بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىز ئاتىسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا يار-دەملەشكەچ ئاش - تاماق ئېتىپ، ئۆينىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنى قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىز بويىغا يېتىپ، ھۆسن - لاتاپەتتە تولۇپ يېتىلىپتۇ. قىزنىڭ ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، چېۋەرلىكى ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىكەن. نۇرغۇن يىگىتلەر قىزغا ئاشىق بولۇپ، مەھەللە ئارىلاپ ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. تۇردى ماقۇل ئۆز ئىشىنىڭ ھەلەك-چىلىكىدە يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى تۇردى ماقۇل نامازشامدىن قايتىپ ئۆيگە كىرسە، ھويلىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا بىر ئايال بىلەن بىر ئەر ئولتۇرغۇدەك. ئۇلار تۇردى ماقۇل بىلەن سالام - سەھەت قىلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. تۇردى ماقۇل ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان ساپتۇ، ئۇلار بىر پىيالىدىن

چاي ئىچىشىپتۇ. ئارىلىقتا ئەر كىشى گەپ باشلاپ:

— تۇرداخۇن، بىز يۇقىرىقى مەھەللىدىن، ئۆزلىرى بىلەن بىر ئىش ئۇستىدە مەسلىھەتلەشكىلى كېلىپتۇق. ئۆزلىرىگە مەقسىتىمىز ئايان بولسۇنكى، ئىنىمىزنىڭ ئوغلىنى ئۆزلىرىگە ئوغۇل قىلىپ بېرىش ئويىدىمىز. قارىساق، قىزلىرىمۇ بويىغا يېتىپ قاپتۇ. ئۆزلىرى قانداق قارايلىكىن؟ بىزمۇ يامان ئادەملەردىن ئەمەس، — دەپ، ئۆز جەمەتىنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. تۇردى ماقۇل ئۇ كىشىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:



— سىلىدەك كۆپنى كۆرگەن بىر ئادەم ئالايىتەن كەلسى-لە، مەن قانداقمۇ ئۇنداق ـ مۇنداق دەي. بوپتۇ، قىزىمنى سى-لەرگە كېلىنلىككە بېرەي، — دەپتۇ.

شۇ ئەسنادا ئايال كىشى يېنىدىكى داستىخاننى ئالدىغا تار-تىپ ئېچىپ، توققۇز نان بىلەن بىر كىيىملىك رەختنى تۇردى ماقۇلنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. تۇردى ماقۇل ئۇنى رەھمەت دەپ ئاپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، توي كۈنىنى پۈتۈشۈپتۇ. مېھمانلار قايتىپتۇ. ئەتىسى كەچتە تۇردى ماقۇل نامازدىن يې-نىپ ئۆيگە كىرسە، يەنە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئولتۇرغۇ-دەك. ئۇلار قىزغىن سالاملىشىپتۇ. داستىخان ئۈستىدە ئەركى-شى سۆز باشلاپ:

— تۇرداخۇن، بىر ئىش بىلەن سىلىنىڭ قاشلىرىغا كەل-دۇق. بىز بىلىشمەيدىغان ئادەملەر ئەمەس، شۇڭا گەپنى ئۇچۇق دېيىشەيلى. قىزلىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئوغلىمىزمۇ شۇنداق. ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويساق، دېگەن نىيەت-تىمىز. ئۆزلىرى بۇ ئىشقا قانداق قارايلىكىن؟ بىز سىلىنىڭ ماقۇل دەيدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىپ كەلدۇق، — دەپتۇ. تۇردى ماقۇل بىرئاز تېڭىرقاپ قاپتۇ ھەمدە ئاغزىغا باشقا گەپ كەل-مەي:

— سىلەر دېگەندەك، مەن قانداقمۇ ماقۇل دېمەي، بالا چوڭ بولغاندا ئۆيلىمەك، ئەرگە بەرمەك بىز ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزى، — دەپ گەپنى تۈگىتىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، توينى كېلەر ئاينىڭ ئاخىرقى يەكشەنبە كۈنىگە توغرىلىساق، قانداق؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى. تۇردى ماقۇل ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا ماقۇل دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مېھ-مانلار پۈتۈشكىنى بويىچە قايتىپتۇ. ئەتىسى، ئۆگۈنى يەنە ئەل-

چىلەر كەپتۇ. تۇردى ماقۇل بولسا ئۇلارغىمۇ قىزنى بىرىش توغرىسىدا ۋەدە قىلىپ يولغا ساپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر قىزغا تۆت يەردىن ئەلچى كەپتۇ، ئۇمۇ ھەممىسىگە ماقۇل دەپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان قىز دادىسىنىڭ ياۋاش، ساددا، ھەممە ئادەمنىڭ سۆزىنى يىرالمايدىغان كۆڭۈلچەكلىكىنى ئويلاپ غەمگە پېتىپتۇ. پۇتۇشكەن توي كۈنى يېقىنلاپ كەپتۇ. تۇردى ماقۇل بولسا، قىزنىڭ نىكاھ ئىشىدا قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى، ئاقىۋەتتە ئىنتايىن سەتچىلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بەكمۇ ئازابلىنىپتۇ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى تېخىمۇ غەم ـ ئەندىشىگە پېتىپتۇ، كېچە ـ كېچىلەپ بۇ غەم ـ غۇسسىدىن قانداق قۇتۇلۇش ھەققىدە ئويلاپتۇ، لېكىن مۇۋاپىق چارە تاپالماپتۇ. بىر كۈنى كېچىسى ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە مۇنداق ئىش كۆرۈپتۇ: بىر ئاق ساقال، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بوۋاي تۇردى ماقۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھەي خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى ! سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساددىلىقىڭدىن يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭ. تەدبىرىڭ ياخشى بولمىسا، ئاقىۋىتىڭ يامان بولىدۇ. مەن ساڭا بىر مەسلىھەت بېرەي، شۇ بويىچە ئىش قىلساڭ، غەمدىن خالاس بولىسەن. سەن ئالدى بىلەن، كىشىلەرگە بىلدۇرمەي بىر ئىتنىڭ كۈچۈكىنى، بىر مۈشۈكنىڭ ئاسلىنىنى، بىر توشقاننىڭ بۆجىنىنى تېپىپ ئاخشىمى قىزىڭ ئۇخلاپ قالغاندا ئۇلارنى چاندۇرماي ئۇ ياتقان ئۆيگە بىر كېچە سولاپ قويساڭلا بولدى. ئامىن ئاللاھۇئەكبەر !» دەپ دۇئا قىلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. تۇردى ماقۇل چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپتۇ، بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، قانداقلا بولسۇن، چۈشىدە كۆرگەن ئادەمنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ باقماقچى بوپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن

تۇرۇپ مەھەللە ئارىلاپ ئاسلان، كۈچۈك ۋە بۆجەن تېپىپ قىد-
ىرىدىن يوشۇرۇن بىر يەرگە سولاپ قويۇپتۇ. كەچ كىرىپ قىزى
ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىر ئاش پىشىمىدىن
كېيىن تۇردى ماقۇل ئۇ ئاسلان، كۈچۈك ۋە بۆجەننى بىر -
بىرلەپ قىز ياتقان ئۆيگە كىرگۈزۈپ، ئىشىكنى سىرتتىن قۇ-
لۇپلاپ قويۇپ، ئۇزاق تىڭ تىڭلاپ باقسا، ھېچقانداق سادا چىق-
ماپتۇ. تۇردى ماقۇل ئىچىدە، نېمە ئالامەتلەر بولار؟ بىچارە قى-
زىمغا ئاۋارىچىلىك يېتىپ قالارمۇ؟ خۇدا ئۇنى ئۆز پاناھىدا
ساقلىغاي، نېمە بولسا ئەتىگەندە كۆرەرمەن... دەپ ئويلاپ، ئۆز
ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلاپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. ئۇ قىزى ئورنىدىن
تۇرغۇچە بېرىپ، قىزى ياتقان ئۆيگە سىلىپ قويغان قۇلۇپنى
ئېچىپ ئىشىك يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئۆينىڭ
ئىچىدىن گۇدۇڭ - گۇدۇڭ ئاۋاز چىقىپ، ئىشىك ئېچىلىپ،
ئىچىدىن تۆت قىز چىقىپتۇ. بۇ قىزلار كىيىم - كېچەك،
چىراي - شەكىل، يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتلەردىن بىر - بىرىگە
شۇنداق ئوخشاش ئىكەنكى، تۇردى ماقۇل بولارنىڭ ئىچىدىن
قايسىسىنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماپتۇ. قىزلار
تەڭلا: «دادا» دەپ تەزىم قىپتۇ. تۇردى ماقۇل ھەيرانلىق ئىچىدە
قىزلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئاپتۇ. ئۇ بۇ ۋەقەنى ئىنس - جىنغا
تىنماي، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ،
قۇدىلار بىلەن پۈتۈشكەن توي ۋاقتى يېتىپ كەپتۇ. ئۇ قىزلىد-
رىنى بىر كۈندە دېگۈدەك توي قىلىپ چىقىرىپتۇ. ئۇلار ئەر-
لىرى بىلەن ئوبدان قاملىشىپ قاپتۇ. قىزلار ئازنا شەنبىدە
كېلىپ دادىسىنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، تۇردى ماقۇل بولار-
نىڭ ئىچىدە زادى قايسىسىنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلەل-
مەپتۇ، بىلەلمىگەنسېرى ئىچى پۇشۇپتۇ. ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق

ئويلاپ، ئاخىر ئۆز قىزىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن بىر چارە تېپىپتۇ. بىر كۈنى قىزلىرى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ:

— قىزلىرىم، سىلەر توي قىلىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولغىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئەرلىرىڭلار بىلەن قانداقراق ئۆتۈۋاتىسىلەر؟ — دەپ، ئۇلارنى گەپكە سېپتۇ. شۇ ئەسنادا قىزدىن بىرەيلەن گەپ باشلاپ:

— مېنىڭ ئېرىم بەك ياۋاش، مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىپ بېرىدۇ. بازاردىن ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئۇ يوق چاغدا يەۋېلىپ كۆرمىدىم دېسەممۇ، گەپ قىلمايدۇ. مېنىڭ بەختىم تازا ئېچىلدى، — دەپتۇ. ئىككىنچىسى بولسا:

— مېنىڭ ئېرىم سېنىڭكىدىنمۇ ياۋاش، ئاچچىقىم كەلگەندە تىللىساممۇ، چىشلىۋالسامىمۇ غىڭ قىلمايدۇ، — دەپتۇ. ئەمدى نۆۋەت ئۈچىنچىسىگە كەپتۇ. ئۇ:

— مېنىڭ ئېرىم بەك ياخشى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ ئۆتۈشىمىز، — دەپتۇ. ئەڭ ئاخىردا تۆتىنچى قىز يىغلامسىراپ:

— قارىغاندا، ئىچىڭلاردا ئەڭ بەختسىزى مەن ئوخشايمەن. ئېرىم ناھايىتى قاپىقى يامان، كۈلۈشنى بىلمەيدۇ. مەن ئۇنى ھەر كۆرسەم، قورققىنىمدىن ئۆزۈمنى دالدىغا ئالىدىغان جاي تاپالماي قالىمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ تۇرغان تۇردى ماقۇل قىزلارنىڭ گەپلىرىنىڭ ئۇرانىدىن ئۆز قىزىنى تونۇۋاپتۇ.

قېنى، سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، تۇردى ماقۇل ئۆز قىزىنى قانداق بىلىۋالدى؟

# ئوقانداق قۇتۇلۇپ قالدى

بۇرۇنقى زاماندا شەرق ئېلىدە ئىنتايىن چاقماق بىر ئوغرى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەتراپ قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن بىر ئاخشىمى سودىگەرنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرىپتۇ. ئۇ ئەمدىلا پۇل ساندۇقىنى ئېچىشىغا سودىگەر بىلىپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئېتىلىپتۇ. ئوغرى دەرھال قېچىپتۇ، سودىگەر قوغلاپتۇ. سودىگەر قانچە كۈچەپ يۈگۈرسىمۇ ئوغرىغا يېتەلمەپتۇ. ئۇن چاقىرىمچە يول باسقاندىن كېيىن ئوغرى پايانسىز سازلىققا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە ئاياغلىرىنى سالغۇچە سودىگەر يېقىنلىشىپ قاپتۇ ۋە: «تۇتۇۋالسام، چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىمەن !» دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئوغرى ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتى بىلەن سازلىق ئىچىگە يۈگۈرۈپتۇ، ئۇن نەچچە قەدەم مېڭىپلا پېتىپ قاپتۇ. سودىگەر بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئوغرى يا ئالدى تەرەپكە، يا سودىگەر تۇرغان قورۇقلۇق تەرەپكە ماڭالماي، سازلىققا پېتىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. سودىگەر ئىچ ئاغرىتىپتۇ، لېكىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز قاپتۇ. ئوغرى ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋاپتۇ، كېيىن يورۇقلۇقنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋېلىش نىيىتى بىلەن كۆزىنى ئاچقانىكەن، ئۆزىنى قورۇقلۇقتا كۆرۈپتۇ.

قەدىرلىك دوستلار، ئويلاپ بېقىڭلار، ئوغرى سازلىقتىن قانداق چىقىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى؟

# ھاكىم يىتكەن ئېشەكنى قانداق تاپتى

قەدىمكى زاماندا بىر سەھرالىق دېھقان ئېشىكىنى مىنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئېشىكىنى ئۇلاغ باغلايدىغان جايغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزى بازار ئارىلاپ يۈرۈپتۇ. شەھەردىكى قىزىقچىلىقلاردىن بېشى ئايلانغان دېھقان ئېشىكىنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. بىرچاغدا ئېشىكى ئېسىگە چۈشۈپ، دەرھال ئېشىكى باغلانغان يەرگە كەلسە، باغلاقلىق تۇرغان بىر توپ ئۇلاغلار ئارىسىدا ئېشىكى يوق تۇرغۇدەك. بۇنىڭغا ئەجەبلەنگەن دېھقان، بىرى مىنىپ كەتكەن بولسا ئەكېلىپ قويار، دەپ، كەچ كىرگۈچە ساقلاپتۇ، بىراق ئېشەكتىن دېرەك بولماپتۇ. باغلاقلىق تۇرغان ئۇلاغلارنى بولسا ئىگىلىرى ئەكېتىپتۇ. ئۇ يەردە پەقەت قوتۇر، كۆرۈمسىز بىر ئېشەك قاپتۇ، ئەمما ئۇنى ھېچكىم ئالغىلى كەلمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن دېھقان ئويلا - ئويلا، ئاخىر ئۆز ئېشىكىنى مۇشۇ ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئەكەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بوپتۇ ھەمدە ئۇنى ھاكىمغا ئەرز قىلىشقا ئۈندەپتۇ. دېھقان كېچىچە شۇ يەردە تۈنەپ، ئەتىسى ھاكىمنىڭ ھۇزۇرىغا بارسا، ئاخشام ئۆزىگە مەسلىھەت بەرگەن ئادەم ھاكىمنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇدەك. ھاكىم دېھقان-

نى كۆرۈپ كۈلۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەجەبلەنمە، مەن بۇ شەھەرنىڭ ھاكىمى بولىمەن، پات - پاتلا پۇقراچە ياسىنىپ ئەھۋال تەكشۈرىمەن. سەن ھېلىقى قوتۇر ئېشەكنى ماڭا تاپشۇرۇپ، ئۆيۈڭگە خاتىرجەم كېتىۋەر. ئېشەكنىڭ چوقۇم بىر - ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە تېپىلىدۇ. مەن ئۇنى ياساۋۇللاردىن ئەۋەتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

ھاكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دېھقان ئۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپتۇ. دېھقاننىڭ ئېشىكى راستتىنلا تېپىلىپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى قوتۇر ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېشىكىگە تېگىشىۋالغانىكەن. قېنى، ھاكىم ئېشەكنى قانداق تاپتى؟



# موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى

بۇرۇنقى زاماندا بىر موللام بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاتىسىدىن بىر دانە مەرۋايىت مىراس قالغانىكەن، بۇ مەرۋايىتقا كۆرگەنلا كىشىنىڭ زوقى كېلىدىكەن. موللام مەرۋايىتنى بىر كىچىك ساندۇقتا ساقلايدىكەن، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ساندۇقنى ئېچىپ مەرۋايىتنى بىر كۆرىدىكەن. بىر كۈنى موللام ئادىتى بويىچە مەرۋايىتنى كۆرمەكچى بولۇپ ساندۇقنى ئاچسا، مەرۋايىت يوق تۇرغۇدەك. موللام ئۆز ئۆيىدە ئوقۇتۇۋاتقان تالىپلاردىن گۇمانلىنىپتۇ، لېكىن ئون نەچچە تالىپنىڭ ئىچىدە زادى قايسىسىنىڭ ئالغانلىقىنى بىلمەك ئوڭاي ئەمەستە. قانداق قىلىش كېرەك؟ موللام ئويلا - ئويلا، ئاخىر بىر ئامال تېپىپتۇ. ئۇ ئوغۇللىرىنى ۋە تالىپلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ دەپتۇ:

— ئۆيىمىزدىكى مەرۋايىتنىڭ يوقالغانلىقى مەلۇم بولدى. مەرۋايىت يوقالغان بىلەن، ئۆيىمىزدە ئوغرى تۇتىدىغان بىر كوزا بار، بۇ كوزىنى ھەممىڭلار نۆۋەت بىلەن تۇتۇپ باقسىڭلار، مەرۋايىتنى كىم ئوغرىلىغان بولسا، شۇنىڭ قولى كوزىغا چاپلىشىپ قالىدۇ، — دەپتۇ - دە، بىر كوزىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ.

موللامنىڭ ئوغۇللىرى ۋە تالىپلار نۆۋەت بىلەن كوزىنى تۇتۇپتۇ، ئەمما ھېچكىمنىڭ قولى كوزىغا چاپلاشماپتۇ. موللام

ھەممىسىنىڭ قولىغا قاراپ چىقىپ، ئارىدىن بىرىگە:

— مەرۋايىتتىنى سەن ئوغرىلاپسەن، — دەپ ئۇنى باغلاشقا بۇيرۇپتۇ، ئوغرىمۇ ئىقرار قىپتۇ. قېنى، ئويلاپ بېقىڭلار، موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى؟



# دانشمەن نېمە دېدى

بۇرۇن ئۈچ مەرگەن ئوقيا چىقىپ بىر - بىرىنى سى-
نىشىپتۇ. ئۇلار ئوقيا ئېتىشىۋاتقاندا، ئۈچقۇر ئات مىنگەن
بىر يولۇچى ئادەم كەپتۇ. ئاتقا مەرگەنلەرنىڭ كۆزى چۈشۈپ:
— تۇلپارىڭىزنى سېتىپ بەرسىڭىز؟ — دېيىشىپتۇ. يو-
لۇچى ئۇلارغا:
— تۇلپارىمنى ساتمايمەن، لېكىن ئۈچىڭلارغا ئۈچ خىل
يانىڭ ئوقىدىن بىرقانچە تالدىن بېرىمەن، كىمنىڭ نىشانغا
تەگمىگەن ئوقى كۆپ بولسا، ئېتىم شۇنىڭ بولىدۇ. ئەمما،
شەرت شۇكى، نىشانغا تەگكۈزۈش ئۈچۈن پۈتۈن ماھارىتىڭلار-
نى ئىشقا سالىسىلەر، — دەپتۇ.
ئۈچ مەرگەن ماقۇل بوپتۇ. يولۇچى ئۇلارنىڭ بىرىنچى-
سىگە ئاق، ئىككىنچىسىگە قىزىل، ئۈچىنچى مەرگەنگە قارا
ئوقلارنى بېرىپ، نىشانغا بىر دانە تاۋۇزنى قويۇپ:
— ئوقنى ئېتىڭلار ! — دەپتۇ.
مەرگەنلەر تۇلپارنى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتىدە ئوقنى
نىشاندىن باشقا تەرەپلەرگە ئېتىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ
يېنىغا بىر دانىشمەن كېلىپ:
— بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دەپتۇ. ئۈچ مەرگەن بولغان

ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. دانىشمەن بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:
— مۇنداق قىلساڭلار، ئاتنى ئالالمايسىلەر. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق قىلساڭلار بولىدۇ، — دەپتۇ.
ئېيتىڭلارچۇ، دانىشمەن زادى نېمە دېدى؟



# بەش نان

بىللە سەپەرگە چىققان دېھقان بىلەن سودىگەر يولدا بىر دەرەخ سايىسىدە ئولتۇرۇپ نان يېيىشمەكچى بوپتۇ ـ دە، دېھقان ئۈچ نان، سودىگەر ئىككى نان چىقىرىپتۇ. بۇ چاغدا ئوزۇقلۇق ئالماي يولغا چىققان بىر ناتونۇش كىشى كېلىپ، ئۇلاردىن بىرئاز نان بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دېھقان بىلەن سودىگەر ماقۇل بوپتۇ، بۇ ئۈچ كىشى بەش ناننى بىللە يەپتۇ. نان يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ناتونۇش ئادەم بەش تەڭگە چىقىرىپ:

— ئاق كۆڭۈل بۇرادەرلەر، بۇنى ئېلىپ قويۇڭلار، بۇ مېنىڭ ئازراق بولسىمۇ كۆڭلۈم! — دەپتۇ. ناتونۇش ئادەم كېتىپتۇ. دېھقان سودىگەرگە:

— بۇرادەر، مەن ئۈچ نېنىم ئۈچۈن ئۈچ تەڭگە ئالاي، سەن ئىككى نېنىڭ ئۈچۈن ئىككى تەڭگە ئال، — دەپتۇ. سودىگەر بۇنىڭغا قوشۇلماي:

— ناننى تەڭ يېدۇق، پۇلنىمۇ تەڭ بۆلۈشەيلى! — دەپتۇ. ئىككىيلەن تالىشا ـ تالىشا، بىر پىكىرگە كېلەلمەپتۇ. ئاخىر يولدا كېتىۋاتقان بىر يولۇچى بوۋاينى بۇ ئىشنى ئىللا بىر تەرەپ قىلىپ قويۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. يولۇچى بوۋاي بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— دېھقان بۇرادەر تۆت تەڭگە ئېلىشى، سودىگەر بۇرادەر

بىر تەڭگىلا ئېلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولسا، تازا مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ! — دەپتۇ. سودىگەرمۇ بۇنىڭغا قايىل بوپتۇ.

يولۇچى بوۋاينىڭ تەقسىماتى ئادىل بولدىمۇ، يوق؟



ئۇ قىز: «ئەلۋەتتە، ھەر ئىشنى ئۆزى بىلىپ قىلىشى كېرەك» دېگەن سۆزى بىلەن ئاتا - بالىغا يارىغان.

پاتەمخان ساۋۇتقا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك، چۈنكى ساۋۇت جاھاننەما ئەينىكىدە پاتەمخاننىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرمىگەن بولسا، ئاۋۇت بىلەن داۋۇت خەۋەرسىز قالاتتى - دە، پاتەمخاننىڭ قېشىغا ئۇنداق تېزلىك بىلەن بارالمايتتى، نەتىجىدە پاتەمخان جان تەسلىم قىلاتتى.

قىزچاق يىگىتنىڭ سۆيگۈنىنى چاقىرغىلى بارغاندا، ئۆيدە قىزنىڭ ئۆگەي ئانىسى يوق ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، «يوق ئىكەن، كېلەي دېدى» دېگەن. ماڭاي دەپ تۇرغاندا ئۆگەي ئانىسى كېلىپ قېلىپ، يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئامال قىلالمىغان، بۇ ئەھۋالنى: «كېلىپ قېلىپ، كېلەلمىدى» دەپ ئۇقتۇرغان.

قىزنى ئۇستاز بىلەن پۈتۈشكەن يىگىتكە بەرسە مۇۋاپىق، چۈنكى ئابلاباي ھەج سەپىرىگە مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ

قايتىپ كېلىش ۋاقتى ئۆزىراپ كەتسە، ئۇستازىنىڭ قىزىغا ئا-
تىدارچىلىق قىلىپ ياتلىق قىلىشىنى تاپىلىغان. دەرھەقىقەت
ئابلاباي قايتىپ كەلگۈچە نەچچە يىل ئۆتۈپ، قىز بويىغا يې-
تىپ قالغان.

ۋەزىر قىزىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە، قويلارنى
بازارغا ئاپىرىپ قىرقىپ يۇڭىنىلا ساتقان، كەچقۇرۇن ئۇ
قويلارنى قايتۇرۇپ كەلگەن ۋە يۇڭ ساتقان پۇلنى پادىشاھقا
تاپشۇرغان.

مالچى ئۇلارغا: ئالدى بىلەن بىر جۇۋىنى ئەمەتنىڭ يې-
گىرمە كۈن كىيىشىنى، يەنە بىر جۇۋىنى سەمەت ئون كۈن
كىيىپ مەمەتكە بېرىشىنى، مەمەتنىڭ بۇ جۇۋىنى يىگىرمە كۈن
كىيىشىنى، ئەمەت كىيگەن جۇۋىنى سەمەت كىيىپ كەم قال-
غان ئون كۈننى تولدۇرۇشنى، شۇنداق قىلسا، ئۈچ ئادەمنىڭ
بىر ئاي ئىچىدە ئىككى جۇۋىنى يىگىرمە كۈندىن كىيىپ
چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئىككىنىڭ ئاتمىش تۆت دەرىجىسىگە تەڭ بۇغداي بېرىش
لازىم.

سارايۋەننىڭ نەۋرىسى: «بىز خەت - توختام بويىچە ئىش
قىلايلى، پۇلنى ئۈچ كىشى تەڭ كەلگەندە تۆلەيمەن دەڭ» دې-
گەن. سارايۋەن نەۋرىسىنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە بۇ
گەپنى قىلغان. ئىككى سودىگەرنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، قېچىپ
كەتكەن ھېلىقى بىرىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە
ئاتلانغان.

ئىمامدا باشلامچىلىق قىلىش ئىقتىدارى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەتنىڭ كۆلكىسىگە قالغان. باشلامچىلىق قىلىش ئىقتىدارى بولسا، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، هامان جامائەتنىڭ ئالدىدا مېڭىۋېرەتتى، كۆلكىگىمۇ قالمايتتى.

قىزنىڭ ئاپىسى بىلەن ئوغۇلنىڭ دادىسىنىڭ ئاپىسى بىر تۇغقان، قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ دادىسى بىر نەۋرە تۇغقان بولىدۇ، ئوغۇل بولسا، قىزنىڭ نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئوغلى بولىدۇ.

ھەقىقەتەن ئېيىق ئالدىنىپ قالغان، چۈنكى تۈلكە ئۆزىنىڭ ئىككى باش سەۋزىسى بەدىلىگە بىر قاچا شورپا ئىچتى، دېمەك قازانغا قوشقان سەۋزىسىنى ئۆزى يەپ بولدى. قاقىر ئىچكەن بىر قاچا شورپا بەدىلىگە كەلگەن ئالتە دانە بېلىق ئەلۋەتتە ئېيىقنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك، بۇنىڭدا تۈلكىنىڭ ھەققى يوق ئىدى. ئېيىق ھېسابنى توغرا قىلماي، تەبىئىي ھالدا تۈلكىگە ئالدىنىپ قالدى.

ئوتتۇنچى يىگىت: «يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغاندا، ئوتتۇنچى يىگىت: «پادىشاھنى بۆشۈكتە ياتقان بالىسى ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ ئىشقا سالالايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم ئەيمىنىپ ئىشقا بۇيرۇيالمايدۇ. ھەزرەتلىرىنىڭ بالىسى بولمىغاندىكىن، مەن يوق دېدىم» دەپ پادىشاھنى قايىل قىپتۇ.

تۆگىچى بوۋاي تۆگە يەيدىغان تۆگىنى مىنىۋالىدۇ، توقۇم يەيدىغان تۆگىنى ئۇنىڭ كەينىگە چاتىدۇ، توقۇم تۆگىچىنىڭ ئاستىدا بولغانلىقتىن، كەينىدىكى تۆگە يېيەلمەيدۇ. ئادەم يەيدىغان تۆگىنى ئەڭ كەينىگە چاتىدۇ.

ئايالنى قاراقچى ئالسا توغرا بولىدۇ. ئوغرىنىڭ ھۈنىرىگە قارىغاندا قاراقچىنىڭ كۆرسەتكەن ھۈنىرى ئۈستۈن، چۈنكى قاراقچى يۈرەكلىك ھالدا پادىشاھقا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالىغان.

مۆتىۋەر كىشى ئۈچ ئوغۇلنىڭ ھەرقايسىسى گۆھەرنى ئۆز ئۆيىدە بىر كېچە - كۈندۈزدىن ساقلاشنى، مۇشۇنداق نۆۋەتلىشىپ ئايلاندۇرۇپ ساقلاشنى ئۆمۈرۋايەت داۋاملاشتۇرۇشنى، مۇشۇنداق بولغاندا، ئاكا - ئۇكىلارمۇ بىر - بىرى بىلەن كۈن ئاتلاپ دىگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ چارە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قېلىپ، گۆھەر يىتمىگەن ۋە خاسىيىتىنى يوقاتمىغان.

تۇردى ماقۇل قىزلارنى گەپكە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن مىجەزىنى بىلگەن ۋە بۇنى مۇشۇك، ئىت، توشقانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىرىنچى بولۇپ سۆزلىگەن قىزنىڭ مۇشۇك، ئىككىنچى بولۇپ گەپ قىلغاننىڭ ئىت، ئەڭ ئاخىردا گەپ قىلغاننىڭ توشقاندىن ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئۈچىنچى بولۇپ سۆزلىگەن قىزنىڭ ئۆزىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان.

ئوغرى چۈش كۆرگەن. ئۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن.

ھاكىم ھېلىقى قوتۇر ئېشەكنى بىر كېچە - كۈندۈز ئاچ قويىدۇ، ئەتىسى ئېشەكنى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا پايلاقچى سېلىپ قويىدۇ. ئاچ قالغان ئېشەك ئۆزىگە يەم بېرىپ ئۆگەتكەن ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. شۇنداق قىلىپ،

ئوغرى تۇتۇلۇپ، ئىشەك ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ.

موللام كوزىغا قازاننىڭ كۆيىسىنى سۈركەپ قويغان. ئوغرى قولىنىڭ چاپلىشىپ قېلىشىدىن قورقۇپ كوزىنى تۇت-مىغان. كوزىنى تۇتقانلارنىڭ قولىغا كۆيە يۇقۇپ قالغان، پە-قەت ئوغرىنىڭ قولىغىلا ھېچنېمە يۇقمىغان. مانا شۇنىڭغا قاراپ موللام ئوغرىنى تېپىۋالغان.

ئۇلارغا ئوقلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ نىشانغا ئېتىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتۈن ماھا-رىتىنى ئىشقا سېلىپ، نىشانغا تەگكۈزۈش ئۈچۈن ئاتىدۇ.

ئۇلار بەش ناننىڭ ھەربىرىنى چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخ-شاش ئۈچ پارچىگە بۆلگەن. بۇنداق بولغاندا دېھقاننىڭ توققۇز پارچە، سودىگەرنىڭ ئالتە پارچە، جەمئىي ئون بەش پارچە بو-لىدۇ. ئۈچ ئادەمنىڭ ھەربىرى بەش پارچىدىن يەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دېھقان ناتونۇش يولۇچىغا تۆت پارچە سودىگەر بولسا، بىر پارچە نان بەرگەن بولىدۇ. بۇنداق بول-غاندا دېھقان تۆت تەڭگە، سودىگەر بىر تەڭگە ئېلىشى كېرەك. دېمەك، يولۇچى بوۋاينىڭ تەقسىماتى ناھايىتى ئادىل بولغان.



## بۆرە، تۈلكە ھەم بۆدۈنە

بۇرۇن زاماندا، كونا خاماندا،
ئۈچى تۈيۇقسىز كۆرۈشكەنىكەن.
كىشى بارمىغان چۆل - باياۋاندا،
سەپەر قىلىشىپ يۈرۈشكەنىكەن.
جاڭگاللىقلارنى تۈلكە ئارىلاپتۇ،
ھېچقايسىسى بۇنى تۇيمىغانىكەن.
ئاچ كۆز بۆرىدىن جانلار زارلاپتۇ،
ئۈچرىغاننىلا قويمىغانىكەن.
تۈلكە مۇغەمبەر، بۆرىسى ئاچ كۆز،
بۆدۈنە ساددا، ئۇقمىغانىكەن.
ئۈچى سەپەردە، پەسلى دەل كەچ كۈز،
ئەمما، بۆدۈنە قورقمىغانىكەن.

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، كەنجى بېدە ئورۇمى ۋاقتىدا، بىر بۆدۈنە بىر كونا خامانىنىڭ قىرغىقىدىكى چىملىقتا ئۆز جۇرلىرىنى ئىزدەپ: «ۋىت - ۋالاق، ۋىت - ۋالاق» دەپ سايراپ تۇرغاندا، بىر تۈلكە قۇيرۇقىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ بۆدۈنىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۆدۈنە بىلەن تۈلكە بىر - بىرىگە

قارشىپ تۇرۇشقاننىڭ ئارىلىقىدىلا، بىر بۆرە بىر چامداپ، ئىككى ئالىيىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. بۆدۈنە، بۆرە، تۈلكە ئۈچى ئۇشتۇمتۇتلا ئۇچرىشىپ قالغانلىقتىن، لام ـ جىم دېيىشمەي، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قاپتۇ.

بىر ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن تۈلكە ئاۋۋال بۆرىگە، كېيىن بۆدۈنىگە تازا سەپسېلىپ قارىۋېلىپ، ئاستا ئېگىلىشىپ سالام بېرىپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

— ئۈچىمىز ئۈچ ياقتىن كەلدۇق، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاران تېپىشتۇق، دوست بولايلى، دوست بولغاندىمۇ، تازا چىن دوستلاردىن بولايلى، تاپقان ـ تەرگىنىمىز تەڭ بولسۇن، ئۆمرىمىز بىللە ئۆتسۇن.

بۆدۈنە بىلەن بۆرە ئاۋۋال بىر ـ بىرىگە قارىشىۋېلىپ، كېيىن ئىككىسى تەڭ ئېگىلىپ تۈلكىگە تەزىم قىلىشىپتۇ ـ دە، تۈلكىنىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. بۇ ئۈچى شۇ كۈندىن باشلاپ دوست بولۇپ، ئۇزۇن زامانغىچە بىر كونا خاماندا كۈن ئۆتكۈزۈشۈپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئۈچى يىراق بىر جايغا سەپەرگە جابدۇنۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار قويۇق چاتقاللىق، جاڭگاللارنى، ئېگىز ـ ئېگىز تاغ ـ ئېدىرلارنى ۋە ئويمان ـ چوڭقۇر سايلارنى بېسىپ ئۆتۈپتۇ، سەپەرنىڭ دەسلىپىدە غەملىنىۋالغان ئوزۇقلىرىدىن كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىپ مېڭىشىپتۇ، يول يۇرۇشىمۇ كۆڭۈللۈك بوپتۇ، ئەمما يولى بەك ئۇزىراپ، ئوزۇقلىرى تۈگەشكە باشلاپتۇ، ئاخىردا يېگۈدەك بىرەر نەرسىمۇ قالماپتۇ ھەم يولدىنمۇ تېپىلماپتۇ. بۆرە قورساق ئاچلىقىغا چىداشلىق بېرەلمەپتۇ، بۆدۈنە بىلەن تۈلكە بۆرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، لىپىلداپ كېتىۋېرىپتۇ. بۆرە غەيرىتىگە ئې-

لىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن خېلى يەرلەرگىچە مېڭىپ بېقىپتۇ، ئاخىر بولالماي يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىۋاپتۇ. بۆدۈنە بىلەن تۈلكە ئارقىسىغا قارىسا، بۆرە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا پالاستەك سوزۇلۇپ ياتقۇدەك. يېقىن كېلىپ قارىسا، بۆرىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، يەتتە يىل كېزىك تارتقاندەك سارغىيىپ كەتكەن. بۆرە:

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، يەيدىغانغا بىرنەرسە تېپىلمىسا يول يۈرەلمەيمەن، — دەپتۇ.

تۈلكە بۆرىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ، بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا مېڭىپتۇ، ئاندىن سوزۇلۇپ ياتقان يولغا كۆز سېپتۇ، بايقىغۇدەك بولسا، بىر خوتۇن ئېتىزدا كۆزگە ئېلىنمەيدىغان ئاغدۇرۇۋاتقان ئېرىگە قاچىدا تاماق ئېلىپ كېتىۋاتقۇدەك. تۈلكە دەررۇ بۆرىگە قاراپ:

— دوستۇم، غەم قىلما، قورسىقىڭنى هازىر تويغۇزىمىز، — دەپتۇ ۋە بۆدۈنىنى يېنىغا تارتىپ، — بۇرادەر، بۆدۈنە، ئاۋۇ كېتىۋاتقان خوتۇننى كۆردۈڭمۇ؟ سەن ئاشۇ خوتۇن كېتىپ بارغان تەرەپكە قاراپ ئۇچىسەن، ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئالدىغا چۈشىسەن. ئۇ سېنى تۇتۇۋالىمەن دەپ قاچىنى قويۇپ قوغلايدۇ، سەن بولساڭ بىر قونۇپ، بىر ئۇچۇۋېرىدىسەن، قاچىدىكى تاماق بولسا بىزگە قالىدۇ، — دەپتۇ.

بۆدۈنە تۈلكىنىڭ مەسلىھىتىگە «ماقۇل» بولۇپ، ھېلىقى خوتۇن تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. بۆدۈنىنىڭ ئارقىسىدىنلا تۈلكە بىلەن بۆرە ھېلىقى خوتۇن كېلىۋاتقان يولنىڭ چېتىدىكى ئېرىقنىڭ ئىچىگە يېتىپ بىرىپ ماراپ يېتىشىپتۇ. بۆدۈنە ئۇچقان بويىچە خوتۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشۈپ، بويىنىنى ئۇزۇن سوزۇپ چۈرۈلداپ يورغىلاپ مېڭىپتۇ. قاچا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان خوتۇن:

— ئەجەب چىرايلىق جانىۋار ـ دە، سەن. چىرۇلداشلىرىڭ خويمۇ يېقىملىق. سېنى تۇتۇپ بالامغا بېقىپ بېرەي، — دەپ، قاچىنى يەرگە قويۇپ، بۆدۈنىنى قوغلاپتۇ. بۆدۈنە بولسا، ھېلىقى خوتۇننىڭ ئالدىدا بىر ئۇچۇپ، بىر يورغىلاپ كېتىۋېرىپتۇ، ئۇ خوتۇن خۇشال بولۇپ: «ئەنە تۇتۇۋالدىغان بولدۇم، مانا تۇتۇۋالدىغان بولدۇم» دەپ، بۆدۈنىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېتىۋېرىپتۇ. قاچا بولسا، ئۇنىڭ يادىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. خوتۇن شۇ قوغلىغىنىچە ئېرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلەي دەپ قاپتۇ.

قوش ھەيدەۋاتقان ئېرى خوتۇنىغا قارىسا، پۇلاڭلاپ چىقىپ كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن، يېقىنراق كەلگەندە بايقىسا، بىر بۆدۈنە خوتۇنىنىڭ ئالدىدا بىر ئۇچۇپ، بىر قونۇپ يورغىلاپ كېتىۋاتقۇدەك. دېھقان ھەيدەۋاتقان قوشنى توختىتىپتۇ، ئاڭغىچە بۆدۈنىمۇ ئۇچۇپ كېلىپ قوشقا قېتىقلىق ئۆيىنىڭ مۈڭگۈزىگە قونۇۋاپتۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە قوشقا قېتىلغان ئۆي ھېرىپ كەتكەنلىكتىن مۈڭگۈزىنى سىلكىپمۇ قويماپتۇ.

— توختا، خوتۇن، توختا ! — دەپ، دېھقان ئالدىراشلىق بىلەن قولىغا بىر كالتەكنى ئېلىپ ئاتقانىكەن، بار كۈچى بىلەن ئېتىلغان كالتەك بىچارە ئۆيىنىڭ مۈڭگۈزىنى تاق تۇۋىدىن قومۇرۇپ چۈشۈپتۇ. بۆدۈنىگە كالتەك تېگەمدۇ، ئۇ ئاللىقاچان پەيدەك ئۇچۇپ كۆزدىن يىتتۇپتۇ.

ئۆينىڭ مۈڭگۈزى كالتەك بىلەن تەڭلا يەرگە چۈشكەندە، دېھقاننىڭ خوتۇنى قاچىنى ئەسلەپ، ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەينىگە يېنىپ يۈگۈرۈپتۇ، بېرىپ قاچىنى قولىغا ئاپتۇ ـ دە، ئۆينىڭ مۈڭگۈزى يامان بولدى، ئەمدى قوش توختاپ قالسا، بار بالانى تەرگەن سەن خوتۇن، دەپ، ھېلىقى كىشى مې-

نى ئۆلگۈچە دۇمبالاپ يۇرمىسە بولاتتىغۇ، دەپ، قايغۇ ئىچىدە ئىرى تەرەپكە مېڭىپتۇ، ئىرىنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ رەڭگىرويى قار ـ يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇرغۇدەك. خوتۇن ئىرىنىڭ بۇ پەيلىدىن قورقۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا بىر دەسسەپ، ئىككى چامداپ كەپتۇ. ئەندىشىدە خىيالى تىرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن خوتۇن نىمە قىلارىنى بىلمەستىن ئورنىدىلا تۇرۇپ قاپتۇ، ئىرى خاپىلىق بىلەن ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— هوي هاڭۋاقتى، بولساڭچۇ، قورساق ئىچىپ ئۆلەي دېدىغۇ كىشى، — دەپ، خوتۇننى بىر مۇنچە جونۇپتۇ. خوتۇن قاچىنىڭ ئاغزىدىكى ئورالغان لۆڭگىنى يېشىپ قارىسا، كورىنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ تېزەك تۇرغۇدەك. بۇ ئالامەتنى كۆرگەن خوتۇن: «ۋاي ئۆلدۈمەي» دەپ، پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ ـ دە، بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ، تۇرغان جايىدا تاشتەك قېتىپ قاپتۇ.

بىچارە خوتۇن كورىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا ئۇنىڭ ئىچىگە قارىمىغانىكەن. ئۇ بۆدۈننى تۈتىمەن دەپ قوغلاپ ماڭغاندا، ئىرىقىنىڭ ئىچىدە ماراپ ياتقان تۈلكە بىلەن بۆرە مانتىنى تويغۇچە يەپ، ئېشىپ قالغانلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، قاچىنىڭ ئىچىگە ئاغزى بىلەن تەڭ ئات تېزىكىنى تولدۇرۇپ، ئۈستىنى ئاۋۋالقىدەك لۆڭگە بىلەن ئوراپ قويۇشقانىكەن.

خوتۇن هوشىنى يىغىپ ئەتراپىغا قارىسا، ئالدىدا تۇرغان ئىرى يوقتەك، ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا، ئىرى ئۇينى يېتىلەپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقۇدەك. خوتۇن نىمە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپتۇ ـ ئويلاپتۇ، ئۇنىڭ چىگىش ئويى يېشىلمەپتۇ. ئۇ ئۆرە تۇرۇپ «ئۇھ» دەپتۇ، «ئاھ» دەپتۇ، ئاخىردا: «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا»

دەپ، ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى خاپىچىلىق بىلەن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، ئۆتكەن ئىشنى تەگىشىپ، بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئاجرىشىپ كەتتىمۇ ياكى: «ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات» دەپ، يەنە ئاۋۋالقىدەك ئۆي تۇ- تۇشىۋەردىمۇ، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەن كىشى بولماپتۇدەك.

بۆدۈنە مەسلىھەت قىلغان جايغا كېلىپ، تۈلكە بىلەن بۆرىدىن ئېشىپ قالغان بىر مانتىنى كىچىك تۇمشۇقى بىلەن چوقۇلاپ، ئۇششاق توغرالغان كاۋا بىلەن تولۇرلىشىپ قالغان جىگىردەكلەرنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ، ئاندىن بۇ ئۇچى يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بۆرە تۈلكە بى- لەن بۆدۈنىنى توختىتىۋېلىپ:

— ئاغىنىلەر، قورسىقىم ئاچقاندەك قىلىۋاتىدۇ. قورساق- نىڭ ئاچقانلىقىنى ئىلگىرىكىدەك ئېيتىپ قويمىسام، كېيىن چىداپ تۇرالمايدىكەنمەن، — دەپتۇ. تۈلكە بۆدۈنىگە قاراپتۇ - دە، ئاندىن كېيىن بۆرىگە:

— راست دەيسەن، دوستۇم، قورسىقىڭنىڭ ئېچىۋاتقانلى- قىنى ئالدىنراق ئېيتقىنىڭ ياخشى بولدى، ئالدىنراق مەسلىھەت- لىشىۋالايلى، — دەپ، بۆدۈنىنى يولنىڭ بىر چېتىگە تارتىپ:

— دوستۇم، بۆدۈنە، بۇ بۆرە بىزگە بىر بالا بولدى، ئۇ- نىڭدا قورساق جېدىلىدىن باشقا ھېچ گەپ يوق، ئولتۇرسا - قوپسا يەيمەنلا دەيدۇ، — دەپتۇ تۈلكە. بۆدۈنە تۈلكىگە يې- قىنراق كېلىپ:

— دوستۇم، بۆرىنىڭ پەيلى شۇنداقلا بولسا، بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى بىزنىمۇ يەپ قويىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.

— ياق، ئالدىرىما، ئۇنى جايلايمىز، — دەپتۇ تۈلكە.

— قانداق جايلايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ بۆدۇنە.
— هازىر ئالدىمىزغا قاراپ ماڭىمىز، بىر دۆڭدىن ئۆتۈپ
توختايمىز، ئۇ يەردە ناهايىتى چوڭ بىر باغ بار. سەن شۇ
باغنىڭ ئىچىگە ئۇچۇپ كىرىسەن، ئارقاڭدىنلا بۆرە بىلەن
ئىككىمىز سۆڭگۈچتىن كىرىمىز. سەن باغدىكى باراڭغا قونۇپ
تۇرۇپ ئۈزۈمنى چوقۇلاپ يەرگە چۈشۈرۈپ بېرىسەن، بىز ئۇ-
نى يەيمىز، يېگەندىمۇ ئاغزى - بۇرنىمىزدىن چىققۇچە يەي-
مىز، ئاندىن مەن ساڭا شەرەت قىلىمەن، سەن شۇ چاغدا: «ۋاي
ئىگىسى، باغقا ئوغرى كىردى» دەپ راسا ۋارقىرايسەن - دە،
قاچىسەن، ئەنە شۇ چاغدا ئۇ تەييارتاپتىن قۇتۇلىمىز، —
دەپتۇ تۈلكە.

بۆدۇنە «ماقۇل»
دەپتۇ. ئاندىن بۇ
ئۈچى يولغا چىقىپ،
خېلى يوللارنى بې-
سىشىپ هېلىقى
باغقا يېتىپ كەپتۇ.
باغنىڭ ئەتراپى ئې-
گىز سېپىلدەك
تاملار بىلەن قور-
شالغانىكەن. بۆدۇنە
ئۇچقان پېتىچە باغقا
كىرىپ كېتىپتۇ.
تۈلكە بىر ئۇياققا،
بىر بۇياققا مېڭىپ
بېقىپ، بىر سۆڭ-
گۈچنى تېپىپ، بۆ-



رنى يېنىغا قىچقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:
— دوستۇم، باغقا كىرگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنلۈك تاماقنى بىراقلا يەۋالىمىز، مۇنداق قىلمىغاندا يولدا تاماق تېپىلمايدۇ. بۇ باغدىكى ئۈزۈم ناهايىتى شېرىن، قانچە كۆپ يېسەك، شۇنچە سىڭمۈۋېرىدۇ، بۇرنىمىزدىن چىققۇچە يېيىش كېرەك، بولمىسا، قورساق تويغان ھېسابلانمايدۇ، — دەپ جېكىلەپتۇ. بۆرە:
— بولدى، يەيدىغانلا نېمە بولسا، مەن تەييار، — دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ.
تۈلكە بىلەن بۆرە سۇڭگۈچتىن قىسىلىشىپ باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىسا، باراڭدىكى ئۈزۈملەر راسا پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەنىكەن. بۆدۆنە ئۈزۈمنى چوقۇپ يەرگە چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ، مۆلدۈردەك يەرگە چۈشۈۋاتقان ئۈزۈملەرنى بولسا، بۆرە بىلەن تۈلكە نەرخىنى سورىماي يەۋېرىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن تۈلكە بۆرىگە كۆرسەتمەي ئىككى تال ئۈزۈمنى بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىگە تىقىۋاپتۇ. بۆرە بىر ئارىلىقتا تۈلكىگە قارىسا، ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ تۆشۈكىدە ئۈزۈم تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن بۆرە تۈلكىدىن سوراپتۇ:
— دوستۇم، بۇ نېمەڭ؟
— يادىڭدىن چىقىرىپ قويدۇڭمۇ؟ بايا ساڭا ئېيتمىدىممۇ، قورسىقىم تويۇپ، ئۈزۈم بۇرنۇمدىن چىقتى، — دەپتۇ.
بۆرە گەپ - سۆز قىلماستىنلا يەردىكى ئۈزۈملەرنى ئوچۇملاپ ئاغزىغا سېلىشقا باشلاپتۇ، لېكىن قانچە يېسىمۇ بۇرنىدىن چىقماپتۇ. تۈلكە بولسا:
— بۇرنۇڭدىن چىقمىغىنىغا قارىغاندا، قورسىقىڭ تويماپتۇ، يەنە يېگىن، — دەپ زورلاۋېرىپتۇ. بۆرە بولسا يەۋېرىپتۇ، ئاخىردا بۆرىنىڭ قورسىقى تويۇپ كەتكەنلىكتىن، ئورنى-

ـدىن تۇرالماي قالغۇدەك ھالغا چۈشۈپتۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا تۈلكە بۆدۈنىگە ئىشارەت قىلىپ قويۇپتۇ. بۆدۈنە قونۇپ تۇر-غان ئورنىدا ئۆزىنى جۆندىۋېلىپ:

— ۋاي ئىگىسى، باغقا ئوغرى كىردى، ۋاي ئىگىسى، ئۈزۈمنى بۆرە يەپ كەتتى! — دەپ، باغنى چاڭ كەلتۈرگۈدەك بەش - ئالتە قېتىم ۋارقىراپتۇ - دە، ئۇچۇپ چىقىپ كې-تىپتۇ. ئۆزىنى رۇسلاپ تۇرغان تۈلكىمۇ قۇيرۇقىنى دىك تۇ-تۇپتۇ - دە، سۇڭگۈچتىن چىقىپ قېچىپتۇ. بۆرە بولسا، كۆك بېدە يەپ قارنى كۆپكەن كالىدەك پۇشۇلداپ ئورنىدىن ئاران تۇرۇپتۇ ۋە قورسىقىنى سۆرەپ سۇڭگۈچكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، بىراق سۇڭگۈچكە كەپلىشىپ قاپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى: «ماھ - ماھ» دەپ، تايغانلىرىنى چاقىرغانىكەن، بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بۆرە ھازىرلا جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ سۇڭگۈچنىڭ ئىچىدە بىردەم دۈم بولۇپ بېقىپتۇ، بىردەم ئوڭدا بولۇپ بېقىپتۇ، سۇڭگۈچتىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ، ئا-خىر سۇڭگۈچنىڭ يان - يېنىنى بار كۈچى بىلەن تاتىلاپتۇ - دە، سۇڭگۈچنى بىرئاز كېڭەيتكەن بوپتۇ ۋە سۇڭگۈچتىن چىقىپ قېچىپتۇ.

باغنىڭ ئىگىسى ئۈزۈن بىر كۆسەينى ئاپتۇ - دە، جەدە بايتىلىنى ياۋىداق مىنىپ، ئىككى تايغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ، بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. بۆرە ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي ئويمان - چوڭقۇرلۇقلاردا پۇتلىشىپ، يىقىلىپ - قو-پۇپ قېچىۋېرىپتۇ. قانداقلا قىلسىمۇ جان ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن بۆرە گاڭگىراپ ئەتراپىغا كۆز سالسا، بىر بوۋاي قوش ھەيدەۋاتقۇدەك. بۆرە بوۋاينىڭ قارىسىنى ئاپتۇ - دە، بوۋاي تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— ۋاي بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ، ۋاي بوۋاي، تاغار-

نىڭ ئاغزىنى ئاچ ! — دەپ يۇگۇرۇپتۇ. بوۋاي ناھايىتى ئېـ-
غىر ئەھۋالدا زارلاپ كېلىۋاتقان بۆرىنى كۆرۈپ، ھەيدەۋاتقان
قوشنى توختىتىپ، تاغارنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى
بۆرىگە قارىتىپ ئېچىپ تۇرۇپتۇ. بۆرە ئوقتەك ئېتىلىپ كې-
لىپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپ جايلىشىپتۇ. بوۋاي بولسا، تا-
غارنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ، ئۇنى سۆرەپ بىر دالدىغا ئەكېلىپ
تاشلاپ قويۇپتۇ. بوۋاي قوشنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، باغنىڭ
ئىگىسى بوۋاينىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ:
— يېنىڭىزدىن بىر بۆرە ئۆتتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
بوۋاي پاك ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ:
— ئۇكام، بۇگۈن سەل كېچىكىپرەك كېلىۋىدىم، يامان
ئەمەس، بىر يېرىم پۇت ئۇرۇق چېچىپ بولدۇم، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى، بوۋاينىڭ قۇلىقى ئېغىر
بولسا كېرەك، دەپ، ئېتىنى دېۋىتىپ، بوۋايغا تېخىمۇ يې-
قىنراق كېلىپ:
— بوۋا، مەن قانچىلىك ئۇرۇق چاچقانلىقىڭىزنى سورى-
مىدىم، يېنىڭىزدىن بىر بۆرە قېچىپ ئۆتتىمۇ دەۋاتىمەن؟! —
دەپتۇ ئۈنلۈك ۋارقىراپ. بوۋاي بىر كۈلۈپ قويۇپ:
— ھەي ئۇكام، سىلەرگە ئوخشاش ھال - ئوقىتى بار
كىشىلەر يەرنى جىق تۇتىسا، بىز كەمبەغەللەر جىق يەرنى
نىمە قىلىمىز ؟ — دەپتۇ.
باغنىڭ ئىگىسى بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، ئايىنىپ قالغان
بوۋايمۇ نىمە، كاللا دېسە پاقالچاق دەپ يۇرمەمدۇ، دەپ، ئېتى-
نىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپتۇ. باغنىڭ ئى-
گىسى خېلى يىراقلاشقاندىن كېيىن، بوۋاي تاغارنىڭ ئاغزىنى
يېشىۋېتىپتۇ. بۆرە تاغاردىن چىقىۋېلىپ، رەھمەت ئېيتىشنىڭ
ئورنىغا بوۋاينىڭ قوشقا قېتىقلىق ئۇيلىرىنىڭ ئالدى - كەي-

نىگە ئۆتۈپ:

— بوۋاي، قور-
سىقىم ئاچتى، ئۆي-
لىرىڭدىن بىرنى يې-
مىسەم بولمىدى.
قايسىسىنى يېسەم
بولىدۇ؟ — دەپتۇ.



بوۋاي بۆرىنىڭ سۆ-
زىگە ھەيران بولۇپ:

— ئۆيۈمدىن
بىرنى يېسەڭ دېھقان-
چىلىقىمنى قانداق
قىلىمەن؟ — دەپتۇ.

بۆرە:

— دېھقانچىلى-
قىڭ بىلەن نېمە كارىم، قورسىقىم تويسا بولىدى، — دەپتۇ.

بوۋاي غەزەپ بىلەن كەتمەننى قولىغا ئېلىپ:

— ئۆينى يەيدىغان ھەددىڭ ئەمەس ! — دەپ، بۆرىنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. تازا مۇشۇ جاڭجالنىڭ ئۈستىگە بۆدۈنە بى-لەن تۈلكە كېلىپ قاپتۇ. تۈلكە:

— ھوي دوستۇم، بارمۇسەن؟ ئەھۋالىڭ قانداق؟ قانداق قۇتۇلدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۆرە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. تۈلكە:

— دوستۇم، بۇ سۆزۈڭگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، تاغارنىڭ ئىچىگە قانداقمۇ پاتقانسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، باغنىڭ ئىگىسى ئىككى تايغان بىلەن كەينىڭدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كې-لىۋاتسا، سېنىڭ قەيەرگە مۆكۈۋالغىنىڭنى كۆرمەي قالامدۇ؟ —

دەپتۇ. بۆرە:

— مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمەمسىلەر؟ قانداق قىلىپ قۇ-تۇلغىنىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بوۋاي ئەنە قاراپ تۇرىدى-غۇ، سوراپ كۆرمەمسىلەر؟ — دەپتۇ. تۇلكە بىلەن بۆدۈنە يەنە:

— ياق - ياق، بۇ گەپلىرىڭگە زادى ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئەگەر گېپىڭ راست بولسا، شۇ ئامالىڭنى بىزگە يېڭىۋاشتىن كۆرسىتىپ باققىنا، — دەپتۇ.

بۆرە ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ - دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ تاغارغا كىرىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. بۆرە سەل يىراققا كەتكەندىن كېيىن، تۇلكە بوۋايغا قاراپ:

— بوۋاي، بۆرىنىڭ ساڭا قىلغان بىۋاپالىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق، ئەمدى پەيتى كەلدى، ئەپلەپ تۇرۇپ بۆرىنىڭ جاجى-سىنى بېرىشنىڭ چارىسىنى قىلمامسەن ! — دەپتۇ. ئاڭغىچە بۆرە يۈگۈرۈپ كەپتۇ - دە:

— ۋاي بوۋاي، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ ! تاغارنىڭ ئاغزىنى ئاچ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. بوۋاي تاغارنىڭ ئاغزىنى يوغان كېرىپ بۆرىگە قارىتىپ تۇرۇپتۇ، بۆرە كېلىپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. بوۋاي «ھىم» دەپ چىشىنى چىشىغا بېسىپتۇ - دە، ئارغامچىنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋۋالقى قېتىمدا تاغارنىڭ ئاغزىنى ئىككى قات قىلىپ باغلىغان بولسا، بۇ نۆۋەت تۆت قات قىلىپ بوغۇپتۇ.

— خوش، قولىغا چۈشتۇڭمۇ؟ ئۆينى يەيدىغان ھەددىڭ ئە-مەس، دېمەپمىدىم، — دەپتۇ بوۋاي.

— تاغارنىڭ ئاغزىنى يېشىۋەت، چاپسان بول، — دەپ، بۆرە بىردەم مەمەدانلىق بىلەن ۋارقىراپ بېقىپتۇ، لېكىن تا-غاردىن چىقىشنىڭ ھېچبىر ئىلاجىنى تاپالماپتۇ. بۆدۈنە بىلەن تۇلكە ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈشۈپتۇ - دە،

بوۋايغا قاراپ:

— بوۋاي، بۆرىنىڭ ئەدىپىنى كىلىشتۇرۇپ بېرەرسەن، — دەپ، بۇ جايدىن كېتىشىپتۇ.

بوۋاي بۆرىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن غەزىپى ئۆرلەپ، ئۇنى كەتمەن بىلەن سالغىلى تۇرۇپتىكەن، ئاي - هاي، بۆرە دۇنيا-غا كەلگىنىگە مىڭ بىر پۇشايمان يەپتۇ. بوۋاي هېرىپ - چارچاپ تاغارغا قارىسا، بۆرىنىڭ پۇت - قوللىرى كۆكۈم - تالقان بولۇپ، تېنى بىر تۇلۇمغا ئوخشاپ قاپتۇدەك. بوۋاي ئۇنىڭ تېرىسىنى پىچاق تەگكۈزمەستىن سويۇپ ساتقانىكەن، پۇلىغا بىر ئات كەپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن بوۋاي يىراق - يې-قىنغا پىيادە يول ماڭماس بولغانىكەن.

بۆدۇنە بىلەن تۈلكە ئاچ كۆز بۆرىدىن قۇتۇلغاندىن كې-يىن، خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە بىللە ياشاپ، بىللە ئويناپ، بىللە كۈلۈپ يۈرۈشۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى تۈلكە بۆدۇنىگە:

— دوستۇم، ئىككىمىز تولىمۇ چىرايلىق ئۆتتۇق، هەمە-مىلا جايدا ئويۇن - كۈلكە بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇق، كۈلىۋې-رىپ زېرىكتىم، ئەمدى مېنى بىر قورقۇتۇپ باقامسەن، قور-قۇش دېگەن قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ. بۆدۇنە:

— بولىدۇ، دوستۇم، مۇشۇ كەمگۈچە سىنىڭ سۆزۈڭنى يەردە قويمىدىم، هېلى بولسىمۇ بۇ سۆزۈڭنى بەجا كەلتۈرەي. بىراق، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى خاپىلىق بىلەن ئاياغلىشارمىكىن دەيمىنا، — دەپتۇ. بۇ چاغدا تۈلكە:

— ياق، دوستۇم، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىز-لىك تۇغۇلماس، ئۇياقلىرىدىن خاتىرجەم بول، — دەپتۇ.

بۆدۇنە تۈلكىنى جاڭگاللىقتا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، جاڭگاللىقنىڭ ئەتراپىغا كۆز سالسا، بىر

ئۈۋچى بۆركۈتنى قولىغا قوندۇرۇپ، ئىككى تايغىننى ئە-گەشتۈرۈپ ئاتلىق كېلىۋاتقۇدەك. بۆدۈنە ئۇنى كۆرۈپ تۈلكە-نىڭ يېنىغا كەپتۇ، ئۇ تۈلكىنى ئارقىسىغا سېلىپ جاڭگال-لىقتىن چىقىپ، لويلا كۆكاتلىق جايلار بىلەن ئۈۋچىنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل ئېلىپ مېڭىپتۇ. كۆكاتلىقلار تۈگەپ، تاقىر يەرگە چىققان ۋاقىتتا، ئۈۋچى تۈلكىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ تايغانلىرىنى قىچقىرىپ، بۈركۈتنى تۈلكىگە قارىتىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئاسماندىن بۈركۈت، يەردىن تايغانلار تۈلكىگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈۋچى ئې-تىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، قىقاس سېلىپ مېڭىپتۇ. بۆدۈنە ئۆزىنى دالىدىغا ئاپتۇ. تۈلكە ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ جاڭگاللىققا قاراپ قېچىپتۇ، مىڭ مۇشەق-قەتتە جاڭگاللىققا ئۇلىشىپتۇ، لېكىن تۈلكە جاڭگاللىققا كى-رىپمۇ جان ساقلىغۇدەك جاي تاپالماي گاڭگىراپ قاپتۇ، دەل-دەرىخى شالاڭراق يەرگە بېرىپ تۇراي دېسە، ئۈستىدە ئەگىپ يۈرگەن بۈركۈت ئۇنى كۆرۈۋالىدۇ، بۇككىدە جاڭگاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر يەردە ياتاي دېسە، ئىككى تايغان ئۇستى-دىن چۇشۇپ باسىدۇ. تۈلكە نەگە بارسا، تايغانلار ئىز بېسىپ ئۇنى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋېرىپتۇ. ئۇ جاڭگالمۇجاڭگال قېچىپ يۈرۈپ ھېچبىر دەرمانى قالماپتۇ، بەدىنىنى جىغانلار سىجاپ ھېچبىر ھالىنى قويماپتۇ، تەنلىرىدىن قان چىقىشقا باشلاپتۇ. تۈلكە شۇنداق قورقۇپتۇكى، ئۇنىڭغا جېنى ھازىرلا چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. بۆدۈنە بولسا، ئېگىز دۆۋە-لەنگەن بېدىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، تۈلكىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

تۈلكە ھېچ بولالماي، بۇك جاڭگاللىق بىلەن ئورالغان يار باغرىغا بۇرۇلۇپتۇ، قارىسا، بىرياردا تۆشۈك تۇرغۇدەك. تۈلكە

شۇ تۆشۈككە بار كۈچى بىلەن ئېتىلىپتۇ. تايغانلارمۇ تۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي تۆشۈككە كىرىپتۇ. بىراق، تايغانلار قاراڭغۇ تۆشۈكنىڭ نېرىسىغا بارغاندا سىغماي قايتىپ چىقىپتۇ. تايغانلار شۇ ئۆپچۆرىدە خېلى تۇرۇپ، كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ. بىر مەزگىللەردىن كېيىن تۈلكە تۆشۈكتىن قايتىپ چىقىپتۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەيدىكەن. تۈلكىنى كۆرگەن بۆدۈنە:

— دوستۇم تۈلكە، قورقۇش دېگەن قانداق بولىدىكەن؟ — دەپ، كۈلۈپ تۇرۇپ سوراپتۇ. تۈلكە بۆدۈنىگە يېقىن كەپتۇ - دە، ئۇنى كاپلا قىلىپ چىشلىۋاپتۇ ۋە:

— قورقۇت دېسە، شۇنچىۋالامۇ قورقۇتامسەن - ھە؟ ! يۈرىكىم ئورنىدىن قوزغىلىپ، جان تۇمشۇققا كېلىپ قالدى. سېنى بىر چاينايكى، ئۇستىخىنىڭنى ئاسمانغا پۈرقۈي ! — دەپتۇ غەزەپلىنىپ.



تۈلكىنىڭ ئاغزىغا تۇيۇقسىز چۈشۈپ قالغان بىچارە بۆدۈنە بىر توغرام تېنى بىلەن نېمە ئامال قىلالىسۇن؟ ئۇ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— بوپتۇ، دوستۇم، مەن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن، كەڭچىلىك قىلساڭ، ئاتا - ئانام، قوۋم - قېرىنداشلىرىم بىلەن خوشلىشىۋالاي، — دەپ

يالۋۇرۇپتۇ. تۈلكە: «بوپتۇ» دەپ، بۆدۈنىنى بوشراق چىشلەپ تۇرۇپتۇ. بۆدۈنە: «ۋىت - ۋالاق، ۋىت - ۋالاق، ۋىت - ۋالاق» دەپ ئۈچ قېتىم سايراپتۇ.

— بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە بۆدۈنىدىن. بۆدۈنە جىم تۇرۇپتۇ. تۈلكە يەنە تېرىكىپ:

— بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۆدۈنە ئۈن چىقارماي تۇرۇۋاپتۇ. تۈلكە ئاچچىقى بىلەن:

— ھوي، بولدۇڭمۇ؟ — دەپ قەھرى بىلەن سوراپتىكەن، ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ يوغان ئېچىلغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، بۆدۈنە پۇررىدە قىلىپ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىراق، بۆدۈنىنىڭ قۇيرۇقىنى تۈلكە چىشلەپ ئۈزۈپ ئېپقاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۆدۈنىنىڭ قۇيرۇقى ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ چولاق بولۇپ قالغانىكەن.

# باتۇر ئۆچكە

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي ناھايىتى نامراتچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزگەنىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيادا بىرلا ئۆچكىسى بار ئىكەن، ئۆچكىگە ھەر كۈنى بىر تۇتام قۇرۇق ئوت بېرىپ، يېلىنلىرىغا مۇشتلاپ يۇرۇپ، كۈنىگە بىر ئاپقۇر سۈت سېغىۋالىدىكەن. بىچارە ئۆچكە ھەر ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىكەن، ئۆچكە شۇ كۈنلا ئەركىن ئوتلاپ يۈرەلەيدىكەن، باشقا كۈنلىرى بولسا، بوينىدىن باغلانغان پېتى قۇرۇق ئوتنى يەپ، قوزۇق تۈۋىدە كۆشەپ ياتقىنى ياتقانىكەن.

ئۆچكە كۆكلەمدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، كەڭ توقايلىقتا چۆپنىڭ ئۇچىنى يەپ يايلاپ يۈرگىنىدە، ئۇنىڭ يېنىغا بىر ساغلىق قوي كېلىپ سالام بېرىپتۇ. ئۆچكە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىسا، بىچارە ساغلىقنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خاراب، يېلىنلىرى خالتىلىشىپ، تېرىسى ئۇستىخانلىرىغا يېپىشىپ كەتكەن، ھەربىر قوۋۇرغىسى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرغۇدەك. ئۆچكە ساغلىق قوينىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ:

ئەي بىچارە قوي، كۆپ يول يۈرۈپسەن،
مۇشكۈل ئازابنى تازا كۆرۈپسەن.

تېرەڭدە سېنىڭ ئاندا ـ ساندا تۈك،
ئەمدى ئۇ ساڭا بوپتۇ ئېغىر يۈك.

دەپتۇ. ئۆچكىدىن بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ، ساغلىق:

ئەي دوستۇم ئۆچكە، قارا ئۆزۈڭگە،
كىملەر كۈلمەيدۇ قىلغان سۆزۈڭگە.
ئۆزۈڭنى بىلگىن، ئۆزگىنى قويغىن،
سېنىڭ ئەھۋالىڭ بەتتەرغۇ مەندىن.

دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشۇپ، هال ـ مۇڭدىشىپ، پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۆچكە:

— مېنىڭ ئىگەم بار، ئۇنىڭ مېنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق، يەيدىغان ئوزۇقىمۇ يوق، پەقەت ئەر ـ خوتۇن ماڭا زورغا بىر تۇتام قۇرۇق ئوتنى تېپىپ بېرىپ، بىر ئاپقۇر سۇتۇمنى سېغىۋالىدۇ، بالامغا سۈت قالدۇرمايدۇ. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن جان بېقىشىدۇ. مەن بولسام، پەقەت جۈمە كۈنلا ئەركىن دەم ئېلىپ، يۈرىكىمنىڭ چىگىچىنى يېشىۋالىمەن، — دەپتۇ.

ئۆچكىدىن كېيىن ساغلىقمۇ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى سۆزلەپتۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئۆچكىنىڭكىگە ئوخشاشلا ئىكەن، ئۇمۇ جۈمە كۈنلا بىر كۈن دەم ئالىدىكەن.

ئۆچكە بىلەن ساغلىق قوي خوجايىنلىرىنىڭ جەبىر ـ زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەپتۇ، ئاخىر باشقا بىر جايغا قېچىپ كېتىشنى نىيەت قىلىشىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، نەگە قاچىمىز؟ — دەپتۇ ساغلىق قوي. ئۆچكە تۆت ئەتراپىغا قاراپ، يىراقتىكى تاغنى كۆرسىتىپ:

— ئانام ماشا: «بالام، ئاشۇ كۆرۈنگەن تاغ ناھايىتى ئېگىز-لىۋق، سۇلىرى ياخشى، ھاۋاسى ئۈنىڭدىنمۇ ياخشى، بىر ئىلاج قىلىپ شۇ يەرگە يېتىۋالساق، ئۆمۈر بويى راھەتتە ئۆتەتتۇق، بۇ يەردە كۆرگەن ۋە چەككەن ئازابلىرىمىزمۇ يادىمىزدىن چىقىپ كېتەتتى» دەپ ئىيتقاندى، لېكىن ئانام رەھمەتلىك شۇ يەرگە يېتەلمەي، بىزنىمۇ يەتكۈزەلمەي ئالەمدىن ئۆتتى. لې-كىن، ماشا يەنە: «ئەگەر بىر ئىلاج قىلىپ شۇ يەرلەرگە بارا-لىساڭ، كەڭ يايلاقلاردا ئەركىن - ئازادە يۈرگىنىڭدە مېنىمۇ يادلاپ قويارسەن» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. شۇ يەرگە بارساق ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ.

بۇ گەپ ساغلىققا تازا يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تەۋەككۈل دەپ شۇ كۆرۈنگەن تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، يىراقتىكى بىرنېمىنىڭ قارىسىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. دەسلەپ: «بۇ قانداق نەرسىدۇ؟» دەپ قورقۇشۇپتۇ، يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۇ بىر ئۆككۈز بولۇپ چىقىپتۇ. ئۆ-كۈز پۇتلىرىنى ئارانلا يۆتكەپ، سەنتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۆچكە بىلەن ساغلىق يېقىن كېلىپ قارىسا، ئۆزى كۆتۈرەم بول-غان، مۈڭگۈزلىرى غۇلاچتىن ئاشقان، دۈمبىسىنى يېغىر باس-قان، كۆزلىرى ئورىدەك، بۇرۇنلىرى مورىدەك، بويىنى ئۇزۇن تالدەك، گەدىنى دومباق ئىششىق، سۆزلەشكىمۇ ھالى يوق ئۆككۈز ئىكەن. ئۆچكە ئۆككۈزگە سالام بېرىپتىكەن، ئۆككۈز بېشى-نى لىڭشىتىپ، سالامغا ئارانلا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. ئۆچكە يەنە:

— ھە، ئۆككۈزۋاي، يول بولسۇن، — دەپتۇ. ئۆككۈز بىر پۇشۇلدىۋېتىپ، مۈدۈرۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھە، باللار، ھەپتە ئىشلىدۇق، بۈگۈن بىر ھاردۇق ئېلىپ، پۇت - قولۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ راھەتلىنەي دەپ كې-لىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

ئۆچكە بىلەن ساغلىق ئۆز باشلىرىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ، شۇ كۆرۈنگەن تاغقا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۆكۈز بۇلارنىڭ سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بىر ئۇھ تارتىپ:

— دۇنيادىكى ئېغىرچىلىقتىن تويدۇم. سەھەر تۇرۇپ كەچكىچە ئىشلەيمەن، تىرەجەپ قوش تارتىمەن، كەچقۇرۇنلۇقى ھېچ ماجالىم قالمىغاندىلا قوشتىن چىقىمەن. «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ئۆيگە قايتىشتا قورۇق كەتمىسۇن دەپ، ئىگەم يەنە بىرمۇنچە يۈكنى ئۈستۈمگە ئارتىدۇ. ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۆيگە كەلسەم تۇزۇكرەك تاماق بولسىچۇ كاشكى، بىر تۇتام پاخالدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. ئەمدى كۈچۈممۇ تۈگىدى، تاقىتىممۇ قالمىدى، بۇ جەبىر - جاپادىن قانداق قۇتۇلارمەن، دەپ، كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى ئويلاپ يۈرگەندىم، ياخشى بولدى، سىلەر بۇ مەسلىھەتنى ئوبدان قىپسىلەر، مەنمۇ سىلەرگە يولداش بولۇپ، سىلەر بىلەن بىللە كېتەي، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۈچى جەم بولۇپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ، كۆپ يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، ئاخىر كۆرۈنگەن تاغقىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ.

بۇ تاغ ئۆچكە ئېيتقاندىنمۇ ياخشى، ئازادە جاي ئىكەن، ھاۋاسى تازا، ئوت - چۆپى مول، سالقىن شاماللىق، ئېرىق - ئۆستەڭى كۆپ چەكسىز يايلاق ئىكەن. ئۇلار بېرىشى بىلەن ئاياغ تەگمىگەن ئوتلارنى يەپ، سۈزۈك سۇلارنى ئىچىپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ، چاقچاق قىلىشىپ، ئويناپ - كۈلۈشۈپ بىر چىنارنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ ۋە شۇ چىنارنىڭ تۈۋىدىكى غارنى ماكان قىلىپ يېتىشىپتۇ. سەھەر ۋاقتى بولغاندا، ئۆچكە ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىگە خوجايىنلىرى كىرىپتۇ. خوجايىن: «نەگە يوقالدىڭ؟ ئەمدى سېنىڭدىن نەچچە كۈنلۈك

سۈتنى بىراقلا سېغىۋالىمەن» دەپ، پۈتنى چۈشەپ ساغقىلى تۇرغانمىش، ئەمچەكلىرىنى تارتسىمۇ بىر ئاپقۇر سۈتتىن باشـ ـقا سۈت چىقمىغانمىش. خوجايىنى غەزەپلىنىپ: «قالغان سۈتـ ـلىرىڭنى نېمە قىلدىڭ؟» دەپ، قولىغا يوغان سويلىنى ئېلىپ هە دەپ ئۇرۇشقا باشلىغاندا، ئۆچكە ئاۋازىنىڭ بارىچە: «بە ـ بە ـ بە» دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئۆچكىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان ساغلىق قوي بىلەن ئۆكۈز: «ۋاي نېمە بولدى؟ نېمە بولدى؟» دەپ قورقۇپ كېتىشىپتۇ. ئۆچكە ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپ، يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ:

— خۇداغا شۈكۈر، چۈشۈم ئىكەن... — دەپ، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

كۈندىكىدەك سەھەر ئويغىنىش، بويىنىغا ئارغامچا سېلىش، قىيناش، ئازابلاش يوق. ئۇلار ئەمدى تېزلا سەمرىشكە باشلاپـ ـتۇ، بولۇپمۇ ئۆكۈز ناهايىتى بەك سەمرىپتۇ. ئۇنىڭ سۆلىتىـ ـنى كۆرگەن هەر قانداق ياۋايى هايۋانمۇ قاچىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ئۆكۈز ئۆچكە بىلەن ساغلىققا:

— مەن غارنىڭ ئىچىدە ئىسسىققا چىدىيالمايۋاتىمەن. بۈگۈن چىنارنىڭ تۈۋىدە ياتاي، — دەپتۇ. ئەمما، بۇ كېچە سوغۇق بولۇپ كېتىپ، ئۆكۈزنىڭ پۇت ـ قولى ئۈيۈشۈپ قاپتۇ، ئەتىگەنلىكى يولداشلىرى چىقىپ قىچقارسا، ئۇنچىقمىـ ـغۇدەك، «نېمە بولدىكىنە بۇ؟» دەپ، بېرىپ قاردـ ـسا، سوغۇقتا كاسىلداپ تىترەپ ياتقۇدەك. ئىكـ ـكىسى مەسلىھەتلىشىپ، ئوت تېپىپ ئۆكۈزنى ئىسسىتىش قارارىغا



كەپتۇ. ئۆچكە چىنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇياق - بۇياققا قاراپتۇ، بىر چاغدا ئۇ پەس تەرەپتە ئىس چىقىۋاتقان ئۆڭكۈر-نى كۆرۈپتۇ. ئۆچكە چىناردىن دەررۇ چۈشۈپتۇ، ساغلىق ئىك-كىسى ئۆكۈزنى ئاران يۆلەپ قوپقۇزۇپ، ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، يولدا كېتىۋاتسا، بىر يەردە يولۋاس تېرىسى ئۇچراپتۇ، ئۆچكە تېرىنى ئېلىپ ئۆكۈزنىڭ ئۈستىگە يېپىپتۇ، يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر بۆرە تېرىسى ئۇچراپتۇ، ئۇنىمۇ ئۆكۈزنىڭ ئۈستىگە يېپىپتۇ. ئۇلار ئاخىر ئىس چىق-قان يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ، قارىسا، بۇ جايغا پۈتۈن يىرتقۇچ هايۋانلار يىغىلغانىكەن، ئەسلىدە بۇ يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ مەشرەپ قىلىدىغان جايى ئىكەن. ساغلىق بىلەن ئۆكۈز قور-قۇپ كەينىگە ياناماقچى بوپتۇ. ئۆچكە ئۇلارنى توختىتىپتۇ ۋە ئالدى بىلەن ئۆزى سالام بېرىپ ئۆڭكۈرگە كىرىپتۇ، كەينىدىن ساغلىق بىلەن ئۆكۈز كىرىپتۇ، كىرىپ قارىسا، شىر، يولۋاس، بۆرە، تۈلكىدىن تارتىپ ھەممە يىرتقۇچ هايۋانلار ئولتۇرغانى-كەن. يولۋاس پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تۈلكىنى: «بۈگۈن سېنىڭ مەشرەپ قىلىپ بېرىش نۆۋىتىڭ تۇرۇپ، نې-مىشقا تاماق تېپىپ كەلمىدىڭ؟» دەپ قىستاۋاتقانىكەن. تۈلكە:

— ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ كەلدىم، ھېچقانداق ئوزۇق ئۇچراتمىدىم. خۇدا ئۆزى يەتكۈزمىسە، بەندىنىڭ نېمە ئامالى؟ — دەپ تۇرغاندا، ئۆچكە، ساغلىق، ئۆكۈزلەر بۇ سورۇنغا كىرىپ كەل-گەنىكەن. ئۇلار كىرىشى بىلەن تۈلكە ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ:

بۇ ئولتۇرغان ھەممىمىزگە يولۋاس ئۆزى باش،
بۇنداق سېمىز بورداق ماللار بىزگە تەييار ئاش.
ئالدىمىزغا ئۆزى كەلدى، قوي بىلەن ئۆچكە،
ئاتمىش پۇتلۇق ئۆكۈز ئولجا، تويىمىز گۆشكە.

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قوي بىلەن ئۆكۈزگە تىترەك ئولىشىپ، سۆز بېسىشقا باشلاپتۇ، لېكىن ئۆچكە ئۆزىنى توختىتىپ، يولۋاسقا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

چارباغلىق، ئېگىز تاغلىق جايدا قاسساپمەن،
سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ئەمدى سەن.
ئاتمىش يولۋاس، ئاتمىش بۆرە ھەم ئاتمىش تۈلكە،
توختام قىلغان دۇكانچىمەن داڭلىق ئۆلكىگە.
خۇدايىمغا شۈكۈر قىلاي، تاپتىم كانىدىن،
قېنى چىقسۇن باتۇرلىرى، كەچسۇن جانىدىن.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئاستا مارىشىپ، بىر - بىرلەپ تالاغا چىقىپتۇ. ئۇلار ھېلىقى يولۋاس، بۆرە، تۈلكىلەرنىڭ تېرىلىرىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇركۇپتۇ ۋە ھەر تەرەپكە پىتىراپ قېچىپتۇ. يولۋاس پادىشاھ بولسا، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە يالغۇز قاپتۇ. ئۇ قورققىنىدىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغانىكەن، ئۆكۈز يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى ئۇنىڭ قورسىقىغا ئۈسۈپتۇ، ئۆچكە بىلەن ساغلىقمۇ ياردەمگە كېلىپ، يولۋاسنى ئۈسۈشكە باشلاپتۇ. يولۋاس ئۇلەر ھالەتكە يېتىپ، ئاخىر يالۋۇرۇپ:

— جان ئاكىلار، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە زادى تەگمەيمەن، سىلەر تەرەپكە بىرەر يىرتقۇچ ھايۋانىنىمۇ قەدەم تاشلاتمايمەن. مېنى قويۇۋېتىڭلار! — دەپتۇ.

بايىقى يىرتقۇچ ھايۋانلار بۇلاردىن قېچىپ بېرىپ بىر يەرگە توپلىشىپتۇ، قورقۇنچلىرى بېسىلغاندىن كېيىن، ئاشۇ ئۇچ لوق گۆشتىن قاچتۇقمۇ؟ دەپ، قاچقىنىغا پۇشايمان قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ.

ئۆچكە بۇلارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى يىراقتىن كۆرۈپلا، دەررۇ ساغلىق بىلەن ئۆكۈزنى چىنارنىڭ ئۈستىگە چىقىرىۋېتىپ، ئۆزى بىر پىنھان جايغا مۆكۈۋاپتۇ ۋە ساغلىق بىلەن ئۆكۈزگە:

— ئەگەر ھېلىقى يىرتقۇچ ھايۋانلار بىزنى ئىزدەپ كېلىپ تاپالماي شۇ جايدا ئولتۇرۇپ قېلىشسا، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، ئۆزۈڭلارنى چىناردىن تاشلاڭلار، — دەپتۇ.

يىرتقۇچلار بۇلارنى ئىزدەپ كېلىپ تاپالماي، چىنارنىڭ تۈۋىگە يىغىلىپ، تۈلكىگە يالۋۇرۇپتۇ:

— سەن پالچى ئىدىڭ، بىر پال ئاچقىن، ئۇلار نەگە مۆكتىكىن؟

تۈلكە چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ پال ئاچقىلى تۇرۇپتۇ، باشقىلىرى ئۇنىڭغا قارىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆكۈز بىلەن ساغلىق ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، چىنارنىڭ ئۈستىدىن ئۆزلىرىنى تاشلاپتۇ. شۇ ئارىدا نېرىقى تەرەپتىن:

— پالچىنى تۇت! — دېگەن دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن قورقۇشۇپ كەتكەن ۋەھشىي ھايۋانلار ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ ۋە ئىككىنچى بۇ ئەتراپقا يولىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆكۈز، ئۆچكە، ساغلىق قوي بۇ يەردە ئۆمۈرۋايەت خاتىرجەم ياشاپ ئۆتكەنىكەن.

# تۈلكىنىڭ شاپائىتى

ئۆتكەن زاماندا، شەھەردىن يىراق قىشلاقتا بىر كەمبەغەل كىشى ئۆتكەنىكەن. بۇ كىشىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر تۈپ جىگدىسى بولۇپ، پۈتۈن ئائىلىسى مۇشۇ بىر تۈپ جىگدىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ كىشى ئالەمدىن ئۆتۈپ، جىگدە ئۇنىڭ ئوسمان ئىسىملىك يالغۇز ئوغلىغا قاپتۇ. ئوسمانمۇ تۇرمۇشىنى مۇشۇ جىگدىگە تايىنىپ ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يىگىرمە ياشلارغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ جىگدىسى شۇ يىلىمۇ ناھايىتى ياخشى بوپ-تۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوسمان جىگدە مېۋىسىنىڭ بارغانسې-رى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، بۇ-نىڭدا بىر سىر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كېچىسى بىر خالىي جايغا مۆكۈپ تۇرۇپ، جىگدىنى كۆزىتىشكە باشلاپ-تۇ. يېرىم كېچە بولغاندا قارىسا، بىر تۈلكە ئاستا كېلىپ، ئەتراپتا ھېچكىم يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن جىگدىگە يا-مىشىپ چىقىپ، ئۇنى راسا يەپ تويغاندىن كېيىن غىپپىدە تىكىۋېتىپتۇ. ئوسمان بۇنى كۆرگەندىن كېيىن تۈلكىنى باب-لىماقچى بوپتۇ ـ دە، ئەتىسى بىر قاچا قارا يېلىمنى قايىنى-تىپ، كەچقۇرۇن تۈلكە كېلىدىغان ۋاقىتتا يېقىن ئۇنى جىگ-دىنىڭ ھەممە شاخلىرىغا سۇۋاپ قويۇپ، ئۆزى يوغان بىر

توقماقنى تۇتۇپ ھېلىقى خالىي جايغا مۆكۈپ تۈلكىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا ھېلىقى تۈلكە يەنە كېلىپ ئۇدۇل جىگدىگە چىقىپ ئۇنى يېيىشكە تەمشەلگەنىكەن، پۇت-لىرى يېلىمغا يېپىشىپ قېلىپ، قىمىر قىلالماپتۇ. شۇ چاغدا ئوسمان مۆكۈنگەن جايىدىن چىقىپ تۈلكىنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ، تۈلكە توقماقنىڭ زەربىسىگە چىدىماپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ تىلغا كىرىپ:

— ھەي ئادەمزات، مېنى ئۇرمىساڭ، مېنىڭ ئۇششاق با-لىلىرىم بار، ماڭا رەھىم قىلغىن، — دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇپ-تۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوسمان:

— ھەي ھارامزادە، سەن مېنى ئالدايمەن دېمە، بىز پۈتۈن ئائىلىمىز بويىچە مۇشۇ بىر تۈپ جىگدىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈۋاتىمىز، سەن جىگدىنى يەپ كەتسەڭ، بىز نېمە بىلەن تىرىكچىلىك قىلىمىز؟ — دەپتۇ - دە، تۈلكىنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. تۈلكە يەنە يالۋۇرۇپ:



— ھەي ئادەمزات، سەن مېنى قويۇپ بەرسەڭ، مەن سېنى ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك بايلىققا ۋە پادىشاھلىق تەختى-گە ئىگە قىلىمەن، — دەپتۇ. ئوسمان ئىشەنمەي ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تۈلكە يالغان ئېيتمايدىغانلىقىنى، ئۇنى چو-قۇم مۇرادىغا يەتكۈزىدىغانلىقى-نى قايتا - قايتا ئېيتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوسمان يۇمشاپ، تۈلكىنى جىگدىدىن چۈشۈرۈپ-

تۇ. بۇ چاغدا تۈلكە:
— ھەي ئادەمزات، سەن ھېچقانداق ئاغرىنماي بۇ جىگ-
دەڭنى كەسكىن، — دەپتۇ. ئوسمان بۇ گەپنى ئاڭلاپ:
— ھەي هارامزادە خۇمپەر، سەن يەنە جىگدىنى كەستۈ-
رۈپ ئازغىنا ئىشىمدىنمۇ قۇرۇق قوياي دەمسەن؟ — دەپ، ئۇ-
نى ئۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ. تۈلكە ھەرگىز ئۇنداق نىيىتىنىڭ
يوقلۇقىنى، جىگدىنى كەسمىسە بايلىققا ۋە پادىشاھلىق تەخ-
تىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئېيتىپتۇ.
ئوسمان بۇ گەپكە ئىشىنىپ جىگدىنى كېسىپتۇ. تۈلكە ئېيى-
تىپتۇكى:
— ھەي ئادەمزات، سەن بۇ جىگدىنى سۆرەپ كەينىمدىن
شەھەرگە قاراپ ماڭسەن، قالغىنىنى ئۆزۈم بابلايمەن، —
دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوسمان جىگدىنى سۆرەپ يولدا چاڭ -
توزان چىقىرىپ، تۈلكىنىڭ كەينىدىن شەھەرگە قاراپ يولغا
چىقىپتۇ. تۈلكە ئالدىدا مېڭىپ، ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئوردىسى-
غا كىرىپتۇ - دە:
— ئى شانۇ شەۋكەتلىك شاھ ئالىيلىرى، بۈگۈن سىزنىڭ
شەھىرىڭىزگە ئۇلۇغ ئوسمان پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى
نۇرغۇن مال - مۈلۈك بىلەن زىيارەتكە كەلدى، بۇ خەۋەرنى
يەتكۈزۈش ئۈچۈن مېنى ئالدىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، —
دەپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋەزىر - ئۆ-
لىمالارنى ئېلىپ ئوردىنىڭ راۋىقىغا چىقىپ قارىغانىكەن،
يىراقتىن بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان قويۇق چاڭ - توزاننى
كۆرۈپتۇ ھەمدە بۇ خەۋەر راست ئىكەن، دەپ، شاھزادىنى
قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا ئادەم ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. تۈلكە
دەرھال كەينىگە يېنىپ ئوسماننىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ئۇ-
نىڭ كالتە ئىشتىنىدىن باشقا كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى

سالدۇرۇپ، كىيىملەرنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ ـ دە، ئۇنى شۇ جايدىكى بىر توپ دەرەخقە باغلاپ قويۇپ:

— ھەي ئوسمان، پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى سېنى كۈتۈۋې-لىشقا كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار كەلگەندە سەن ئۇلارغا، بۇ شەھەرنىڭ قاراقچىلىرى يامان ئىكەن، ئۇلار تويۇقسىز ئالدىمدىن چىقىپ بارلىق مال ـ مۈلكۈمنى بۇلاپ، مېنى مۇشۇ دەرەخكە باغلاپ قويدى، دېگىن، — دەپتۇ ھەمدە دەرھال كەينىگە قايتىپتۇ. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە پادىشاھنىڭ ئەلچىلىرى كې-لىپ، بىر كىشىنىڭ دەرەخكە باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغانىكەن، ئوسمان بايا تۈلكە ئېيتقان گەپلەرنى تەكرارلاپتۇ. ئەلچىلەر ئوسماننى يېشىپ، بىر پارچە رەخت بىلەن ئوراپ ئوردىغا ئېلىپ قايتىپتۇ، ئور-دىغا قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا شاھانە كىيىملەرنى كىيگۈ-زۈپ، شاھزادىلەردەك كۈتۈپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، پادىشاھ ئۆز قىزىنى بۇ «شاھزادە»گە نىكاھلاپ قويۇپتۇ. ئوسمان بۇ يەرگە كېلىپ قىرىق كۈن بولغاندا، ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بوپتۇ. پادىشاھ كۈيئوغلى ۋە قىزىغا ھەمراھ بولۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىككى يۈز لەشكەر، بەگ، سىپاھلارنى ۋە نۇرغۇن بايلىقنى قوشۇپ يولغا سېپتۇ. ئۇلار شۇنداق يول يۈرۈپ يەتتىنچى كۈ-نىگە قەدەم قويغاندا، قاراغول پادىشاھلىقىنىڭ ئوردىسىغا يې-قىنلاپتۇ. قاراغول پادىشاھلىقى چەكسىز كەتكەن يايلاقلىرى، ھېسابسىز قوي، يىلقا، كالىلىرى بار، نۇرغۇن ئەلگە قارايدى-غان ئىنتايىن چوڭ بىر پادىشاھلىق ئىكەن. تۈلكە ئالدىن مېڭىپ چوڭ بىر قوي پادىسىغا يولۇقۇپتۇ. ئۇ پادىچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي پادىچى، ئاۋۇ چاڭ ـ توزاننى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ئوسمان پادىشاھلىقىنىڭ لەشكەرلىرى. ئۇلار كېلىپ: «بۇ

كىمنىڭ قويلىرى؟» دەپ سورىسا، سەن: «ئوسمان شاھنىڭ» دېگىن، بولمىسا، جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، — دەپتۇ. پادىچى جېنىدىن قورقۇپتۇ. ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە سەپەرگە چىققانلار بۇ جايغا يېتىپ كېلىپ، بۇ قوي پادىلىرىنى كۆرۈپ:

— ھەي پادىچى، بۇ كىمنىڭ قويلىرى؟ — دەپ سورىغانىكەن، پادىچى:

— تەقسىرلەر، بۇلار ئوسمان شاھنىڭ قويلىرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار يولنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تۈلكە يېرىم كۈنلۈك يولنى ئالدىن مېڭىپ بىر جايغا كەلگەنىكەن، چوڭ بىرتوپ يىلقا ئۇچراپتۇ. تۈلكە يىلقىچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي يىلقىچى، ئاۋۇ كۆرۈنگەن چاڭ - توزاننى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ئوسمان پادىشاھلىقىنىڭ لەشكەرلىرى. ئۇلار كېلىپ: «بۇ كىمنىڭ يىلقىلىرى؟» دەپ سورىسا، سەن: «ئوسمان شاھنىڭ» دېگىن، بولمىسا، جېنىڭدىن ئايرىلىسەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ يىلقىچى جېنىدىن قورقۇپتۇ. ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە سەپەرگە چىققانلار بۇ جايغا يېتىپ كېلىپ، يىلقىلارنى كۆرۈپ:

— ھەي يىلقىچى، بۇ كىمنىڭ يىلقىلىرى؟ — دەپ سوراپتۇ. يىلقىچى:

— تەقسىرلەر، بۇ ئوسمان شاھنىڭ يىلقىلىرى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەگ - سىپاھلار، ئوسمان شاھ ھەقىقەتەن باي ئىكەن، دەپ ئويلاپتۇ. يەنە يېرىم كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن تۈلكە بىر كالا پادىسىغا يولۇقۇپتۇ. ئۇ پادىچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ھەي پادىچى، ئاۋۇ چاڭ - توزاننى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ئوسمان پادىشاھلىقىنىڭ لەشكەرلىرى. ئۇلار كېلىپ: «بۇ كالا

پادىسى كىمنىڭ؟» دەپ سورىسا، سەن: «ئوسمان شاھنىڭ كالا
پادىسى» دېگىن، بولمىسا، جېنىڭدىن جۇدا بولىسەن، — دەپ-
تۇ. پادىچى ئۆز جېنىدىن قورقۇپتۇ. ئىككى ئاش پىشىم
ۋاقىت ئۆتكەندە سەپەرگە چىققانلار بۇ يەرگە كېلىپ، پادىچىدىن:
— ھەي پادىچى، بۇ كالىلار كىمنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
پادىچى:
— تەقسىرلەر، بۇ ئوسمان شاھنىڭ كالىلىرى، — دەپ-
تۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەگ - سىپاھلار ھەيران قېلىشىپ، سا-
قاللىرىنى تۇتۇشۇپتۇ.

قاراغول پادىشاھلىقىغا يېقىن بىر جەزىرىدە تاشلاندۇق
شەھەر بار ئىكەن، بۇ شەھەرنى بىر ۋەھشىي يالماۋۇز ئىگى-
لىۋالغانىكەن. بۇ يالماۋۇز نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى شە-
ھەرگە قاماپ قويۇپ، ئۆزىگە ئوزۇق قىلغانىنىڭ سىرتىدا،
ئەتراپتىكى كىچىك پادىشاھ ۋە بەگلەرنى قورقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ
نۇرغۇن ئالتۇن - كۈ-
مۈش، ئۇنچە - مەرۋايىت-
لىرىنى ئۆزىنىڭ قى-
لىۋالغانىكەن. تۈلكە ئۇدۇل
بۇ شەھەرگە كېلىپ، يال-
ماۋۇزغا:



— ھەي تەقسىر،
چاتاق بولدى، سىزگە ئا-
پەت كېلىۋاتىدۇ، —
دەپتۇ. يالماۋۇز ھېچنې-
مىنى ئاڭقىرالماي غەزەپ-
تىن كۆزلىرى ئالىيىپ،
بۇرۇتلىرى تىترەپ كې-

تېپتۇ - دە:
— ھەي ئالجىغان قۇرت، سەن نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىد-
سەن؟! مەن دېگەن جاھاننىڭ پالۋىنى، ماڭا خىرىس قىلمىدى-
غانغا كىمنىڭ ھەددى؟! — دەپ ھۆركىرەپتۇ. تۈلكە:
— ھەي تەقسىر، بۇ قېتىم كېلىۋاتقىنى ئادەتتىكى ئا-
دەملەر ئەمەس، بەلكى سۇلايمان پادىشاھ ئەۋەتكەن دىۋە لەش-
كەرلەر، ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان يالماۋۇزنى قورقۇنچ بېسىپتۇ. ئۇ شەھەر سىر-
تىغا چىقىپ قارىغانىكەن، يىراقتىن قويۇق چاڭ - توزاننىڭ
ئۆزلىرى تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تىترەك
بېسىپ، تۈلكىگە يالۋۇرۇپ:
— ھەي تۈلكىجان، سەن كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك
جانىۋار، مەن ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ سەن بىر ئەقىل كۆر-
سەتكىن، — دەپتۇ. تۈلكە بۇ غەنىيمەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ:
— ھەي تەقسىر، مەن بۇنىڭ ئامالىنى بۇرۇنلا ئويلاپ
قويغان. سەن ئاۋۇ ئورەككە چۈشۈپ مۆكىسەن، مەن ئۇنىڭ
ئۈستىنى شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىپ قويىمەن. سەن خا-
تىرجەم بولغىن، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ.
يالماۋۇز ئالمان - تالمان ئورەككە چۈشۈپ مۆكۈپتۇ. تۈلكە
بولسا، ئورەكنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن شاخ - شۇمبىلارنى دۆۋى-
لەپتۇ - دە، ئۇنىڭغا ئوت يېقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ۋەھشىي
يالماۋۇز ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپتۇ. تۈلكە دەرھال ھەرد-
كەتكە كېلىپ ئاۋۋال بىگۇناھ كىشىلەر سولانغان ئۆيلەرنى
ئاچقانىكەن، چىرايلىرى سارغايغان، ئورۇقلاپ ئۇستىخان بولۇپ
قالغان ئادەملەر: «مەن ئورۇق، سەن سېمىز» دەپ چۇرقىراش-
قىلى باشلاپتۇ. تۈلكە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلارغا:
— ھەي بىگۇناھ كىشىلەر، ئەمدى ۋارقىراشماڭلار، ۋەھ-

شىي يالماۋۇز كۆيۈپ ئۆلدى، سىلەر ئازاد بولدۇڭلار، تېز
سىرتقا چىقىڭلار، — دەپ جاكارلاپتۇ. ئۇزۇن يىللار سولاقتا
ياتقان كىشىلەر بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي،
سىرتقا چىقىپ قارىغانىكەن، يالماۋۇزنىڭ ئورەكتە كاۋاپ بو-
لۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى تىنچىپتۇ. بۇ چاغدا
تۇلكە باشقا كىيىم - كېچەك بار ئۆيلەرنى ئېچىپ ھەممە ئا-
دەمگە يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ تەييار قىلىپ، شەھەردىكى
يالماۋۇزنىڭ ئوردىسى ۋە باشقا سارايلارنى رەتلەپ پاكىزلەپ،
ئېسىل گىلەم ۋە رەختلەر بىلەن بېزەپتۇ ھەمدە ئالتۇن -
كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىت قاچىلانغان ئۆيلەردىن نۇرغۇن
بايلىقنى ئېلىپ چىقىپ ئوردىنىڭ ۋە سارايلارنىڭ كۆزگە كۆ-
رۈنەرلىك جايلىرىغا تىزىپتۇ. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن،
كىشىلەرنى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاتار تى-
زىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي
ئوسمان ۋە ئۇنىڭغا
ھەمراھ بولۇپ كەل-
گەنلەر بۇ يەرگە يې-
تىپ كەلگەنىكەن،
كىشىلەر ئۇلارنى
ئىززەت - ئىكرام
بىلەن كۈتۈۋېلىپ،
ئېسىل مېھمانلارنى
ئوردىغا، قالغانلىرىنى
سارايلارغا باشلاپتۇ.
ھەمراھ بولۇپ كەل-
گەنلەر ئوردا ۋە
سارايلاردىكى دۆۋە -



دۆۋە ئالتۇن - كۇمۇش، ئۇنچە - مەرۋايىتلارنى كۆرۈپ كۆز-لىرى ئالاچەكمەن بولۇشۇپ، ئوسمان شاھنىڭ تەڭداشسىز باي ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشىنىپتۇ. مېھمانلار بىر ئاي تۇرۇش-قاندىن كېيىن، ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ. يالماۋۇزنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغان خەلق مۇشۇ شەھەرنىڭ پۇقراسى بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تۈلكە ۋە-دىسىگە ۋاپا قىلىپ، ئوسماننى بىر توپ جىگدىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان نامراتتىن بىر شەھەرنىڭ پادىشاھىغا ئايلاندۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈلكە ئوسمانغا:

— ھەي ئوسمان، مەن ۋەدەمدە تۇرۇپ سېنى پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم، بۇنىڭ بەدىلىگە سەن ماڭا قانداق جاۋاب قايتۇرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوسمان تۈلكىگە:

— ھەي تۈلكە، راست ئېيتىسەن، سەن ۋەدەڭنى ئورۇنداپ مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزدۈڭ. بۇنىڭ بەدىلىگە مەن سېنى ئۆمۈر بويى ياخشى باقىمەن، ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئۆلۈكۈڭنى كات-تا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇزىتىمەن، قەبرەڭنى ئالتۇندىن يا-سايمەن، — دەپتۇ.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئوسمان تۈلكىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇشقا باشلاپتۇ، تۈلكىمۇ ئوسماننىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ - دە، بىر كۈنى يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىپتۇ. ئوسمان تۈلكىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خوتۇنىغا:

— ھەي خوتۇن، تۈلكە ئۆلۈپتۇ. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ماڭا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلغان، مەنمۇ ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن كاتتا مۇراسىم بىلەن ئۆلۈكىنى ئۇزىتىشقا، قەبرىسىنى ئال-تۇندىن قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدىم، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ —

دەپ مەسلىھەت سورىغانىكەن، خوتۇنى:

— بىر سىيىق تۈلكە ئۆلگەن بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۆلگەندىن كېيىن مۇراسىم ئۆتكۈزسىڭىز ئۇ بىلەتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ تاشلىسىڭىز تۈگىمەمدۇ؟ — دەپتۇ.

ئوسمان ئايالىنىڭ گېپىگە كىرىپ، تۈلكىنى شەھەر سىرتىغا ئاچىقىپ بىر ئورەككە تاشلاپتۇ. ئوسماننىڭ بۇ قىلغانلىرى تۈلكىگە بەك ئەلەم بوپتۇ ـ دە، ئەتىسى ئوسماننىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ھەي ئوسمان، سېنىڭ مېنىڭ ياخشىلىقلىرىمغا قايتۇرغان جاۋابىڭ مۇشۇمۇ؟ مەن يېقىندىن بېرى سېنىڭ بەزى ئىشلىرىڭدىن گۇمانلىنىپ يۈرگەنىدىم، مانا بۈگۈن سەن ئۆزۈڭنىڭ ئىشەنچسىز ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىدىڭ! — دەپتۇ. ئوسمان تۈلكىنى كۆرۈپ بەك ئۆكۈنگەن ھەمدە:

— ھەي تۈلكە، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا خىجىلمەن، مەن ۋاپاغا جاپا قىلدىم، مەن گۇناھكار، مېنى كەچۈرگىن، بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى راستىنلا ئورۇندايمەن! — دەپتۇ.

بىرنەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن تۈلكە قېرىپ راستىنلا ئۆلۈپتۇ. ئوسمان ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇزىتىپتۇ ھەمدە ئالتۇندىن قەبرە تۇرغۇزۇپ، ئۆز شەپقەتچىسىگە بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەپتۇ.

# تاۋۇس ئەللىرىن

بىار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا بىر جاڭگالدا تۈرلۈك هايۋانلار، رەڭمۇرەڭ، خىلمۇخىل قۇشلار ئىناق، خۇشال - خۇرام ياشايدىكەن، ئۇلارغا يولۋاس شاھلىق قىلىدىكەن.

كۈنلەردىن كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر ئېيىق جاڭگالدىكى جاما-ئەتتىن ئۆزگىچە بولۇپ قاپتۇ. ئۇ توپتىن بۆلۈنۈپ، ئۆزى يالغۇز ئوۋ ئوۋلاپ، سەيلە - تاماشا قىلىدىكەن. كۆپ ئۆتمەي ئېيىق شۇ ئەتراپتىكى كىچىكرەك بىر مەھەللىگە ئۆگىنىپ قاپتۇ، كېچىلىرى بېرىپ كىشىلەرنىڭ قوتانلىرىدىن قوي - قوزا، غاز - ئۆردەكلەرنى ئوغرىلايدىكەن، تاپالمىسا، كوچىلار-دىكى ئاشقان - تاشقان سۆڭەكلەرنى تېپىپ غاجىلايدىكەن. ئېيىقۋاي بۇ ئىشنى تاپقىنىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كۆ-رەڭلەپ، ئۆزىنى ئەقىللىق، باشقىلارنى دۆت چاغلاپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە ئېيىقۋاي ئۆگەنگەن ئادىتى بويىچە مەھەللىگە كەپتۇ ۋە ئايلىنىپ يۈرۈپ يېگۈدەك بىرەر نەرسە تاپالماپتۇ. ئاخىر مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر كونا ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن. ئۆي ئىگىلىرى تاقاشنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ، ئەي-تاۋۇر، ئېيىقۋاينىڭ بۇنىڭ بىلەن ئىشى بولماپتۇ. « نېمىدې-

گەن ياخشى، ـــ دەپ ئويلاپتۇ ئېيىقۋاي، ـــ ئەمدى قورساقنى تازا ئوبدان تويغۇزىدىغان بولدۇم». ئۇ مانا شۇنداق خىيال بىلەن بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ ئوچۇق ئىشىكتىن ئۆي ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئۆي ئىچىدە يوغان - يوغان ياغاچ كۆپلەر تۇرغۇدەك. ئېيىقۋاي تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، كۆپكە ئېڭىشىپ ئىچىدىكى نەرسىنى تېتىپ كۆرمەكچى بولغاندا، تۇيۇقسىز پۇتى بىرنەرسىگە تېگىپ كېتىپ، جاراڭلىغان سادا چىقىپتۇ، بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن ئېيىقۋاي مەڭدەپ كېتىپ كۆپكە موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ، قارىسا، كۆپ ئىچىدە لىقمۇلىق سۇ تۇرغۇدەك. ئۇ كۆپتىن ئاران چىقىپ، سەكرەپ قاچاي دەپ تۇرۇشىغا، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، يېنىدىكى ئىككىنچى كۆپكە چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېيىقۋاي قاتار تىزىلغان ئون بەش - يىگىرمىدەك كۆپكە بىر قېتىمدىن چۈشۈپ چىقىپتۇ، ئاخىر مىڭ بالادا كۆپلەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ - دە، بەدەنلىرى چۆپ - سۇزمە ھۆل بولۇپ، غال - غال تىترىگەن ھالدا مەھەللىنىڭ چېتىدىكى چاتقالنىڭ تۈۋىدە ئاچ پېتى ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، كۆن ئېچىلىپ، چۈش بولاي دەپ قالغانىكەن. ئېيىقۋاي بەدەنلىرىگە قاراپ ھەيران قاپتۇ، چۈنكى، تۈكلىرى كۆن نۇرىدا يەتمىش خىل پارقىراپ، تېرىسى غەلىتە بىر تۈسكە كىرىپ قالغانىكەن. ئۇ قانچە باش قاتۇرسىمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ، ئەسلىدە ھېلىقى ئۆي بىر بوياقچىنىڭ ئۆيى بولۇپ، ئۆزى چۈشۈپ كەتكەن كۆپلەر بوياق چىلانغان كۆپلەر ئىكەنلىكى خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ. ئېيىق ئويلاپ - ئويلاپ، ئۆزىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشتىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە كاللىسىغا بىر ھىيلە كەپتۇ: ئەمدى مېنىڭ ئەسلىمنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ، جاڭگالغا قايتىپ بارسام،

ھەممە ھايۋانلار چوقۇم مەندىن قورقىدۇ، جاڭگالدىكىلەر ئەزەلدىن مېنى كۆزگە ئىلمايتتى، يولۋاس، شىر، يىلپىز دېگەنلەرى مېنى دەپسەندە قىلغانىدى، ئەمدى ئۇلارنى راسا قورقۇتۇپ، ئەخمەق قىلىپ، جاڭگالنى سوراپ يېمەيمەنمۇ. ئۇنىڭ خىيالى ئۆزىگە قالتىس يېقىپ كېتىپ، ئۆزىگە «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن نامنى قويۇپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا جاڭگالغا جۆنەپتۇ.

يولۋاس پادىشاھ، شىر ۋەزىر ۋە باشقا جاڭگال ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ئىناق يۇرتلىرىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلارغا ساقچىلار قويۇشقانىكەن، بۇ ساقچىلار ئېيىقۋاينى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە قورقۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنداق يەتمىش خىل رەڭدە پارقىرايدىغان ھەيۋەتلىك مەخلۇقنى زادى كۆرمىگەنىكەن. ئۇلار دەرھال بۇ ئىشتىن يولۋاس، شىر باشلىق جاڭگال ئەھلىنى خەۋەردار قىپتۇ. جاڭگال ئەھلىنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپتۇ، كۆڭۈللىرىگە پاراكەندىچىلىك ھەم ۋەھىمە چۈشۈپتۇ، «بىز بىلمەيدىغان بۇ مەخلۇق يامان نەرسە بولسا كېرەك، ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك، ئۇنى ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالايلى» دېيىشىپتۇ. ئاندىن يولۋاس پادىشاھ ھېلىقى مەخلۇقنى جاڭگالغا مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلىشقا باقاۋۇللارنى بۇيرۇپتۇ.





باقاۋۇللار دەرھال ئىيىققا
بۇ تەكلىپنى يەتكۈزۈپتۇ.
ئىيىقۋاي كۆرەڭلەپ،
ئالچاڭلاپ، گويا خۇشياق-
مىغان قىياپەتتە جاڭگال-
غا يول ئاپتۇ. ئىككى تە-
رەپتە تىزىلىپ قارشى
ئىلىۋاتقان جاڭگال ئەھ-
لىگە ئۇ كۆز قىرىنىمۇ
سالماي، غادايغان پېتى
ئۇدۇل مېڭىپ، يولۋاس
پادىشاھ ئولتۇرىدىغان
تەختتە ئولتۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئىشقا شىر، يىلپىز باشلىق مۆتى-
ۋەرلەر ھەيران بولۇشۇپ، بىر- بىرىگە قارىشىپ قويۇشۇپتۇ،
لېكىن بىرنەرسە دېيەلمەپتۇ. يولۋاسمۇ خاپىلىقىنى ئىچىگە
يۇتۇپ گەپ قىلماپتۇ. جاڭگال ئەھلى «مېھمان»نىڭ ئاجايىپ
رەڭگارەڭ تاۋلىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۇ-
نىڭ زادى قايسى نەسەب، قايسى جىنسقا مەنسۇپ ھايۋان ئى-
كەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ، ئەتىسى ئاران ئۇنىڭ نامىنى سوراشقا
پېتىنىپتۇ.

— نامىم «تاۋۇس ئەللەيىن» بولىدۇ. ئەللەيىنلەر جىنسى
ھايۋانلار دۇنياسىدا كەم ئۇچرايدىغان ئەڭ ئالىي جىنستۇر! —
دەپتۇ ئىيىق كۆرەڭلەپ.

شۇنىڭدىن باشلاپ «تاۋۇس ئەللەيىن» جاڭگالغا خوجايىن
بوپتۇ، نەتىجىدە جاڭگالنىڭ بۇرۇنقى خاتىرجەملىكى تۈگەپ،
پىتنە - پاسات، جېدەل - غوۋغا ئاۋۇپتۇ، چۈنكى «تاۋۇس
ئەللەيىن» جاڭگالدىكىلەرنى دائىم گىژ - گىژگە سالىدى-

كەن. ئۇنىڭ بۇ خۇلقى شىر، يىلپىز باشلىق مۆتىۋەرلەرگە ياقماپتۇ ۋە دىللىرىدا ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك كۆچىيىپتۇ. جاڭ-گالدىكى باشقا ھايۋانلارمۇ «تاۋۇس ئەللەيىن» كەلگەندىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئىناقلىقى يوقالغانلىقى، پىتنە - پاسات كۆپەي-يىپ، جېدەل - ماجىرانىڭ ئاۋۇغانلىقىنى سېزىشكە باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، «تاۋۇس ئەللەيىن» ھەممىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى «تاۋۇس ئەللەيىن» ھەددىدىن ئېشىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ خورلۇقلىرىغا چىدىمىغان مويىسپىتلەردىن بىرقانچىسى شىر، يىلپىزلارنى ۋەكىل قى-لىپ، يولۋاس پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپتۇ.

— پادىشاھئالەم، — دەپتۇ ئۇلار، — ئەسلىدە بىز ناھا-يىتى ئىناق، تىنچ ياشاپ كەلگەندۇق، بۇ «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن نەرسە كېلىپلا ئىشلار باشقىچە بولۇپ كەتتى، تىنچلىق بۇزۇلۇپ، جېدەل - غوۋغا كۆپەيدى، ئۇ ھېچقايسىمىزنى كۆز-گە ئىلماي، ھەممىمىزنى خورلىدى. ھەممە «تاۋۇس ئەللە-يىن»دىن بىزار، لېكىن گەپ قىلالمايۋاتىدۇ. «تاۋۇس ئەللە-يىن» دېگەن زادى قانداق نەرسە؟ قايسى نەسلىدىن؟ نېمە مۇد-دىئاسى بار؟ قانداق كارامىتى بار؟ بىز تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا، يەتمىش خىل پارقىرايدىغان رەڭگىدىن قورقۇپ، ئۇنى بېشى-مىزغا چىقىرىپ قويدۇق. بۇنىڭغا بىرەر چارە قىلمىساق بول-مايدۇ، — دەپتۇ. «تاۋۇس ئەللەيىن»نى جاڭگالغا تەكلىپ قىل-غىنىغا پۇشايمان قىلىپ، قانداق چارە قىلىشنى ئويلىنىپ يۈرگەن يولۋاس پادىشاھقا بۇ مەسلىھەت ناھايىتى ماقۇل كېلىپ-تۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن جاڭگال ئەھلى يىغىلىپ چوڭ مەرىكە ئۇيۇشتۇرىدىغان، بۇ مەرىكىدە بارلىق ھايۋانلار ئۆز خىلى بويىچە ئايرىلىپ، ئۆزىگە خاس ھۈنەر، ئويۇن كۆرسىتىدىغان، قايسىسى ياخشى

ھۇنەر، ئويۇن كۆرسەتسە مۇكاپات ئالىدىغان توختام بوپتۇ.

بۇيرۇق چىقىرىلىپ، پۈتۈن جاڭگال ئەھلى يىغىلىپ مەرىكە باشلىنىپتۇ. مەرىكە شۇنداق قىزىپ كېتىپتۇكى، بارلىق ھايۋانلار ۋە قۇشلار ئۆز خىللىرى قاتارىدا ئۆزىگە خاس ئويۇنلىرىنى ئويناپ، جاڭگالنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. شىر، يىلپىز، ھەتتا يولۋاس پادىشاھمۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۆز توپلىرىغا قوشۇلۇپ ئويناپ كېتىپتۇ. «تاۋۇس ئەللەيىن» چوڭچىلىق قىلىپ، چاندۇرماي ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئېيىقلار توپى ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغاندا، «تاۋۇس ئەللەيىن» ئۆزىنى تۇتالماي، دەرھال ئېيىقلار توپىغا قوشۇلۇپ، ھەۋەس بىلەن ئېيىقلارچە ئويناپ كېتىپتۇ.

كۆپچىلىك، «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن ئەسلىي بىر ئېيىق ئىكەنغۇ ! دەپ، ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، چۇقان - سۈرەنلەر بىلەن ئۇنىڭغا تاشلىنىپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي «تاۋۇس ئەللەيىن»نىڭ رەڭگارەڭ تۈكلىرى تامام يۇلۇنۇپ، بەدەنلىرى تىتما - تىتما بولۇپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ.



جاڭگالدىكى بارلىق ھايۋانلار بۇ ئاپەتنى يوقاتقىنىغا ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ئۇلار يېڭىۋاشتىن تىنچ ۋە ئىناق ياشاشقا باشلاپتۇ.

# قورقاق

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، تېرىق تۇلۇمدىكەن، بۆرە قاراقچىكەن، تۈلكە ماراقچىكەن، توخۇ داڭگالچىكەن، ئۆچكە جاڭگالچىكەن، قىرغاۋۇل جەدىكەن، قۇيرۇقى يەردىكەن. ئۇششاقۇ چوڭ، پىششىقۇ بىتوڭ، توشقان بىلەن بىر كەم قىرىق ئاتۇ ئېشەك، ئۆچكە - قوي، بۇغا - مارال، تۆگە - تايلاق ھەممىسى بولۇپ بىر جاڭگالدا ياشايدىكەن.

جاڭگالدىكى ياۋاش ھايۋانلار دەريادىكى قېيىقتەك، سۇدىكى بېلىقتەك ئويناپ - كۈلۈپ، خاتىرجەم ئوتلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يېقىن ئەتراپتا بىر توپ بۆرە پەيدا بولۇپ قېلىپ، ھايۋانلارنىڭ ئاقساق - چولاق، قوزا - بوتىلاق، ئاجىز، يېتىم - يېسىرلىرىنى ئۇرۇپ - سوقۇپ كېتىپتۇ، ئۇلارغا ھېچبىر ئارام بەرمەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار كېتىپ، بۆرىلەرنىڭ ۋەھشىيلىكى ھەددىدىن ئېشىپتۇ، ھايۋانلارنىڭ غەم - قايغۇسى چېكىگە يېتىپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئات سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ - دە، جاڭگالدا ياشايدىغان جىمىكى ھايۋانلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىشىنى سوراپ خەت - خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. بۇ خەتتىن خەۋەر تاپقان ئۇششاق - چوڭ چارىپاي ھايۋانلار تۇشمۇتۇشتىن بىر سورۇنغا يىغىلىپتۇ. شۇ چاغدا ئات يىغىلغانلارغا

مۇنداق دەپتۇ:

— بۇرادەرلەر، بۆرە دېگەن خۇمپەر جاڭگىلىمىزدىكى بالىلارنى، قوزا - پاقلان، تېكە - تايلاقلارنى ئۆلتۈرۈپ، قىرىپ، ئاتىنى بالىدىن، بالىنى ئاتىدىن ئايرىپ، تىنىچ - ئامان كۈن كۆرگىلى قويمايدىغان بولۇپ كەتتى. بۆرىلەرنى جاڭگىلىمىزدىن يوق قىلمىغۇچە ھېچقايسىمىزغا ياخشى كۈن يوق. مېنىڭ گېپىمنى ماقۇل كۆرسەڭلار، ھەممىمىز بىرلىشىپ، قولىمىزغا قورال - ياراغ ئالايلى، بۆرە دېگەن كاساپەتنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى جەڭ قىلايلى. قېنى، سىلەر بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

ھايۋانلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشۇپ:

— دۇرۇس گەپ قىلدىڭ، ئەقىللىق ئاتۋاي. بۆرىلەرنى يوق قىلمىغۇچە ھېچقايسىمىزغا ئامانلىق يوق، شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ. شۇ ئارىدا ئۆچكە ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— توختاڭلار، جامائەت، توختاڭلار! ئۇرۇش قىلىشنىغۇ قىلىمىز، ئۇرۇشنى نېمە بىلەن قىلىمىز؟ قۇرۇق قولىمىز بىلەنمۇ؟ سىلەر بۆرىلەرنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنى بىلمەمسىلەر؟! ئۇنىڭ چىشىغا ئۇچراپ قالساق، دۇنيادا ساق قالامدۇق. خۇدايا توۋا دەپ، شۇ جىبدەلنى قويۇپ، سىڭگەن نېنىمىزنى يەيلى. ناھايىتى يېسە بىر يىلدا بىرنەچچىمىزنى يەپ كېتەر؟ شۇ بىرنەچچە قوزا - تايلاقنى دەپ ئۇرۇش قىلساق، بالاغا قالىمىز، ھەممىمىز ۋەيران بولۇپ تۈگەيمىز، — دەپتۇ.

ئۆچكىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان باشقا ھايۋانلار بىردەم خىيالغا چۆمۈپ، دېلىغۇل بولۇپ قاپتۇ. ئۇزۇن بويۇن تۆگىمۇ ئاغزىنى ماكىلدىتىپتۇ. بۇ چاغدا ئات يەنە سۆزگە چىقىپ:

— ئۆچكىنىڭ گېپى توغرا ئەمەس، دوستلىرىم، بىزدە قورال يوق دېگىنى نېمىسى؟! بىز ھەممىمىز ئۆملىشىپ بىر تۇغنىڭ ئاستىغا جەم بولساق، قورال - ياراغ دېگەن ئۆزد-

مىزدە بار. مانا مەن قاتتىق پۇتۇم بىلەن بۆرىنىڭ پۇتىغا تېپىمەن. ئۆچكە ئاغىنە، سەن بېشىڭدىكى قاتتىق مۈڭگۈزۈڭ بىلەن بۆرىنىڭ بىقىنىغا ئۇسۇپ قورسىقىنى تېشىسەن. ئېشەكۋاي، سېنىڭ تۇيىقىڭمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش قاتتىق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاڭرايسەن، ئاۋازىڭدىن بۆرىلەر قورقۇپ كېتىدۇ. تۆگىۋاي دوستۇم، سەنمۇ غەم قىلما، تاپىنىڭنى بىر ئاتساڭ بەئەينى چارەك تاشنى ئاتقاندەك تېگىدۇ، بۆرە شۇ يەردىلا جان بېرىدۇ. باشقىلىرىڭلارنىڭمۇ ئۆزۈڭلارغا لايىق قورال - ياراغلىرىڭلار بار. مانا شۇ قوراللارنى ئەپلەپ ئىشقا سالساق، ئەلۋەتتە بۆرىلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، توپىسىنى ئاسمانغا سورىيالايمىز.

ئاتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تۆگە «بوف !...» دەپ سۆزگە كىرىشىپتۇ:

— ئۇغۇ شۇنداق، ئاتۋاي، قاراپ باقسام، ئۆچكىنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇق. دۈشمەن بىلەن تەڭ بولىمىز، دەپ قان تۆككۈچە سۈلھى قىلىپ، بىللە ئۆتكىنىمىز ياخشى. بىزدىن كەتسە ناھايىتى ھەر يىلىغا بىر نەچچىلا كىچىك بالا قۇربان بولار. ئىلاج بار ئەلچى ئەۋەتىپ، ھۇجۇم قىلماسلىققا توختام تۈزەيلى، — دەپ گېپىنى تۈگىتىپتۇ.

باشقا ھايۋانلارمۇ: «تۆگىنىڭ بويى ئېگىز، ئەقلىمۇ چوڭ» دەپ ئويلىشىپ، بۆرىلەر بىلەن سۈلھى - توختام تۈزمەكچى بوپتۇ، ئاتنىڭ شۇنچە قىلغان نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماپتۇ. ئارىدىن بىرى چىقىپ:

— بۆرىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە كىم ئەلچى بولۇپ بارىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمەپتۇ. شۇ چاغدا تاغ تېكىسى قوپۇپ:

— جاڭگىلىمىزنىڭ چېتىدىكى بىر مەسچىتتە تۈلكە دەيدىغان بىر مەخلۇق بار، ئۇ خېلىدىن بۇيان تەسۋى تارتىپ،

سوپىلىق قىلىشۋاتىدۇ، گەپكىمۇ ئۇستا، ئۆزى ھەممىگە يېقىن-لىشالايدۇ. ئاشۇ مەخلۇقنى خالىس ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتسەك، — دەپتۇ. باشقىلار:

— سۆھبەت ئۈستىدە قاراپ تۇرۇشقا قىرغاۋۇلمۇ بىللە بارسۇن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، تۈلكە بىلەن قىرغاۋۇل بۆرىلەرنىڭ ئال-دىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىلىپتۇ.

تۈلكە هارامزادە بۇ تەكلىپنى بەجانىدىل قوبۇل قىپتۇ، قانچە ئويمان - دۆڭلەردىن ئۆتۈپ، بۆرىلەرنىڭ غارىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ياۋۇز بۆرىگە خۇشامەت بىلەن تەزىم قىلىپ تۇ-رۇپ پىچىرلاپتۇ:

— ھۆرمەتلىك بۆرە جانابلىرى، «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، جار-چىغا كۆرۈم». مەن ئۆزلىرىنىڭ خالىس قۇلىمەن. يېقىندىن بۇيان جاڭگالدىكى هايۋانلار ئۆزلىرىگە قارشى بىر ياقىدىن باش چىقى-رىپ جەڭ قىلماقچى بولغانىكەن، پېقىر - كەمىنىلىرى ئۇلار-نى بۇ يامان نىيىتىدىن قايتۇرۇپ، بۆرىلەرگە قارشى مۇشت كۆتۈرگەن توغرا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىككى تال خەنجەر چىشىغا ھېچقايسىڭلار تەڭ كېلەلمەيسىلەر، ئۇنىڭدىن كۆرە، بۆرىلەرنىڭ پادىشاھىغا ئەرز يېزىپ، سۇلھى - توختام قىلغىنىڭلار ياخ-شى، دەپ مەسلىھەت بەردىم. ھەممىسى مېنىڭ گېپىمنى ماقۇل كۆرۈپ، بۇ خىزمەتنى ئادا قىلىشقا پېقىر - كەمىنىلىرىنى ھۇزۇرلىرىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى، — دەپتۇ. بۆرىلەرنىڭ باش-لىقى تۈلكىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ:

— سەنمۇ يىرتقۇچلارنىڭ ئەۋلادى تۇرساڭ، قانداق قىلىپ ياۋاش هايۋانلارغا ۋەكىل بولۇپ كېلەلەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يوقسۇ، جانابلىرى، ئىشەنمىسىلە، ئەنە ئاۋۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئۇزۇن قۇيرۇق قىرغاۋۇلدىن سوراپ باق-

سىلا، — دەپ قىرغاۋۇلنى شەرەت قىلىپ كۆرسىتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋازىنى تېخىمۇ بوشراق چىقىرىپ، — خېلى زامانلار بولۇپ قالدى، جانابلىرى، بېشىمغا سەللە يۆگەپ، هايۋانلارغا يېقىن يەردىكى بىر مەسچىتتە دۇئا ـ تەلەپ قىلىپ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇۋاتىمەن، بىر كۈندە يۈز مەرتە ئۆزلىرىنىڭ هايۋانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشلىرىنى خۇدايىمدىن تىلەيمەن، — دەپتۇ.

بۆرىلەر بىلەن ئۇنىڭ باشلىقى تۈلكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، مۇنۇ شەرتلىرىمىزنى تولۇق قوبۇل قىلسۇن: هەر ئايدا بىزگە ئوتتۇز تۆگە، ئوتتۇز قوي، ئوتتۇز ئۆچكە، ئوتتۇز ئات، ئوتتۇز بۇغا، ئوتتۇز توشقان... ئىشقىلىپ، جاڭگالدا ياشايدىغان هايۋانلارنىڭ هەرقايسى خىلىدىن هەر كۈنىگە توغرىلاپ هەق تۆلىسۇن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئالدىمىزغا ئېلىپ كېلىپ تاپشۇرسۇن. شۇنداق قىلغاندا، هۇجۇم قىلمايمىز، ئەبەدىي خاتىرجەملىك بولىدۇ. بۇ پىكرىمىزنى تولۇق يەتكۈز، — دەپتۇ.

تۈلكە هارامزادە بۇنى راسا پۇرسەت دەپ بىلىپتۇ ـ دە، ئوتتۇزغا بىرنى قوشۇپ، هايۋانلارغا مۇنداق خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ:

— هەرقايسى هايۋانلاردىن هەر ئېيىغا ئوتتۇز بىردىن



ھەق تۆلىسۇن، بۇ خىزمەتنى ئورۇنداشقا ئوتتۇرىدا خالىس تۈلكە ۋاستىچى بولسۇن، دېدى، — دەپتۇ.

تۈلكىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھايۋانلار ئېغىر قايغۇ - مۇسىبەتكە چۆكۈپتۇ. شۇ چاغدا ئات مەيدانغا چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قېرىنداشلىرىم، سىلەر مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي، ئۆچكە ۋە تۆگىنىڭ پىكرى بىلەن تۈلكىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ دۈشمەن بىلەن سۈلھىلىشىشنى تەلەپ قىلدىڭلار. ئاشۇ ئېغىر شەرت بىلەن ئەھۋالىمىز نېمە بولىدۇ؟ بۇ شەرتلەرگە كۆنۈش نەسلىمىزنى قۇرۇتۇش دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟ قېنى، ئەمدى نېمە دەيسىلەر، دۈشمەن بىزگە ھۇجۇم قىلسا، قارشى تۇرماي قول قوشتۇرۇپ ياتىمىزمۇ؟

بۇ قېتىم تۆگە بىلەن ئۆچكە ئۆزىنىڭ باشتا خاتا ئويلىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئاتنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. جاڭگالدىكى ھەممە ھايۋانلار جەم بولۇپ، بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تەييارلانماقچى بوپتۇ. شۇ ئارىدا توشقان سەكرەپ چىقىپ:

— ئاكىلار، تۇغقانلار، مەن بۇ ئىشقا قاتنىشالمايمەن. بۆرىنىڭ چىشى يامان، سىلەرنىڭ قورال - ياراغلىرىڭلار بولغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ چىشىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. مېنىڭ تېرەممۇ نېپىز. ياق، ياق، مەن بۇ ئىشقا ئارىلىشالمايمەن، مەن قورقىمەن، — دەپتۇ. توشقاننىڭ گېپىگە كىچىككىنە قوزىچاق مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— سېنىڭ قورال - يارىغىڭ بولمىغان بىلەن ناھايىتى ياخشى يۈگۈرەلەيسەن، دوستۇم، سەن بىزگە خەۋەرچى بولۇپ بەرگىن. جاڭگالنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ، بۆرىلەرنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان قىسقا ئايىغىڭ بىلەن دىكىلداپ ئۇچقاندەك خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ، مانا شۇ سېنىڭ خىزمىتىڭ. بۇ شەرەپلىك ئىش ئەمەسمۇ، توشقانجان؟

توشقان قوزىچاقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆزىنى راسا بىر ئالايتىپتۇ ـ دە، ئاچچىقى بىلەن بېشىنى سىلكىپ:

— ياق، ياق، مەن بارالمايمەن، بارالمايمەن، خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن دەپ ھەممىنىڭ ئالدىدا بۆرىنىڭ ئاغزىغا بېرىپ تۇرامدىمەن؟ مېنىڭ باللىرىم بار، قاتناشمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باشقىلار قانچە ـ قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىماپتۇ، ھېچكىمنىڭ دېگىنىگە كۆنمەپتۇ. ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقىغا نەپرەتلىنىپ زورلىماپتۇ.

بۆرىلەر كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە زەھىرى تولغان ئۈشىشۈك ھەرىسىگە ئوخشاش ۋەھشىيلىكى چېكىدىن ئېشىپ، جاڭگالدىكى ھايۋانلارغا ھۇجۇم باشلاپتۇ. جاڭگالدىكى ھايۋانلارمۇ بوش كەلمەپتۇ. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز جەڭ بوپتۇ، بولغاندىمۇ شۇنداق قاتتىق جەڭ بوپتۇكى، ھاي، ھاي ! «جالاققۇ جۇلۇق، ۋالاققۇ ۋۇلۇق، تاراققۇ تۇرۇق، شاراققۇ شۇرۇق...» ئۆلگەنلەر ئۆلۈپتۇ، ساق قالغانلار ساق، ئاخىر ھايۋانلار بۆرىلەرنىڭ بىرىنى قويماي ھەر تەرەپتىن دەسسەپ يانجىپ، چىشلەپ، ئۇسۇپ، چەيلەپ، ئۇشتىدىن ـ پۇشتىغىچە ئۇلارنى بۇ جاڭگالغا قەدەم باسماس قىلىۋېتىپتۇ. توشقاننىڭ باي بۇ ئاجايىپ جەڭنى جاڭگالنىڭ ئىچىدە ماراپ تۇرۇپ كۆرۈپتۇ، مەيداندا ھايۋانلارنىڭ قانغا بويىلىپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇ.

ھايۋانلار غالىب كەپتۇ، بۆرىلەر مەغلۇپ بوپتۇ، ئەمما بىر ئاقساق بۆرە ھايۋانلارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، غىپپىدە جاڭگالنىڭ باشقا چېتىگە قېچىپتۇ ـ دە، چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىرغاۋۇل، ئۇنىڭ نەگە مۆكۈنىۋالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىپ، ھايۋانلارغا خەۋەر قىلايچۇ، دەپ، ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ.

تۇيۇقسىزلا ئاغزى - بۇرنى قان بىر ئاقساق بۆرىنىڭ چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن چاتقال ئىچىدىكى ھېلىقى توشقاننىڭ قورقىنىدىن كۆزىگە دۇنيا قاراڭغۇ كۆرۈنۈپتۇ. ياۋۇز بۆرە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— ھىم... سەنمۇ مېنىڭ دۈشمىنىم بولسەنغۇ، شەيتان. ئەمدى قولغا چۈشتۇڭمۇ؟ بۈگۈن جىمى دەرد - ئەلىمىمنى سەندىن ئالىمسام، توختا !... — دەپ دېۋەيلەپتۇ. توشقان شۇ چاغدا كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياش تۆكۈپ:

— تەقسىر، شەپقەتلىك بۆرە ئاتا، مەن ئۇرۇشقا قاتناشمىدىم. سىلىگە قارشى جەڭ قىلىمىز دېگەن چاغدا: «ياق، بۆرە پادىشاھ ناھايىتى كۈچلۈك، سىلەرنىڭ كۈچۈڭلار يەتمەيدۇ» دېدىم، ماڭا رەھىم قىلسىلا، بۆرە ئاتا، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— رەھىم قىلسىلا؟ ! كىمگە؟ ! ئەگەر سەن مەن تەرەپتە بولغان بولساڭ، نېمىشقا ھايۋانلارنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئالدىن ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭ؟ دېمەك، ئەسلىدە سەنمۇ ئاشۇلار تەرەپتە !

— يوقسۇ، بۆرە ئاتا، مەن سىلەر تەرەپتە.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ بۆرە، — مەن قىرىق كېچە، قىرىق كۈندۈز جەڭ قىلىپ ھاردىم، ئاچتىم. قېنى، يېقىن كەل، مېنىڭ يارىلىرىمنى تېڭىپ، ئۆزۈڭ ياخشىلاپ كۈتكىن.

توشقان لاغىلداپ تىترەپ، يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي، ئاخىر بۆرىنىڭ يېنىغا يېقىنلاشقانىكەن، ياۋۇز بۆرە بىر باسماقداپ تۇتۇپتۇ - دە، ئىككى چايناپ يۇتۇپتۇ.

بىچارە توشقاننىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرگەن دەرەخ ئۈچىدىكى قىرغاۋۇل ئۇچۇپ بېرىپ ھايۋانلارغا خەۋەر قىلماق بوپتۇ. ئۇ يولدا كېلىۋاتقاندا، سەللىسى چۇۋۇلۇپ، ئالاق - جالاق قېچىپ كېلىۋاتقان تۈلكىگە ئۇچراپتۇ.

— ھە، تۈلكىۋاي، نېمىشقا قاچىسەن؟ ھايۋانلار بۆرىگە

قارشى جەڭ قىلىۋاتىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قىرغاۋۇل. تۈلكە قورققىنىدىن ئەتراپقا قاراپ:

— هايۋانلارنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتتى. «يېغىدىن يار بويى قاچ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ. بۇنداق چاغدا قايسى بۆرە، قايسى تۈلكە ئىلغاپ تۇرمايدۇ، ئۇلارغا ھەممىسى بەربىر. بەش - ئون كۈن بىرەر ياققا يوشۇرۇنۇپ تۇراي دەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىرغاۋۇل تۈلكىنىڭ ھىيلىسىنى قورسىقىغا پۈكۈپتۇ - دە، خەپ توختا، ھايۋانلارغا ئېيتىپ ئەدىپىنى بەرمىسەم، دەپ جاڭگال تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بۇ چاغدا ھايۋانلار چوڭ مەرىكە تۈزۈپ، كىم تىرىك، كىم ئۆلۈك، كىم ساق، كىم قانداق، سۈرۈشتۈرۈپ، دۈشمەننى يوقاتقانلىقىنىڭ خۇشلۇقىدا بىر - بىرىنى تەبرىكلەپ توي قىلىۋاتقانىكەن.

ئۇلار قىرغاۋۇلدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بىچارە توشقانغا ئىچ ئاغرىتىپ قايغۇرۇشۇپتۇ، تۈلكە ھارامزادىگە نەپرەتلىنىپتۇ. ئات سورۇندا تەنتەنە بىلەن سۆزگە چىقىپ:

— باتۇر دوستلىرىم، مانا كۆردۈڭلار، ھەممىمىز بىرلىشىپ ياۋۇز دۈشمەننى يوق قىلدۇق. قورققاق توشقان بولسا بۆرىنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قوياي كى، «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەن مانا شۇ. بۇ سۆز ئۆمۈر بويى ھېچقايسىمىزنىڭ يادىدىن چىقمىسۇن، — دەپتۇ.

ئۇششاق - چوڭ ھايۋانلار ئالقىشلاپ، ئىگىز - پەس ئاۋاز چىقىرىپ: «بارىكاللا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندە تۈلكىلەرنىمۇ تىرىپىرەن قىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار تېخىمۇ ئۇملىشىپ، تىنچ - ئامان، خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ.

# بۆرىنىڭ ئۆلۈمى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، زامانى ئاۋۋالدا ئىككى جاڭگال بولۇپ، بىرىدە قوي ـ ئۆچكە، بوغا ـ مارال، ئات ـ قېـچىرلار، يەنە بىرىدە بىر ياۋۇز بۆرە ياشايدىكەن.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، بۆرىنىڭ يېمەكلىكى تۈگەپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئوزۇقلۇق ئىزدەپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا بىر قېرى تۈلكە ئۇچراپتۇ. بۆرە ئۇنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋېلىپ:

— تۈلكە ئاداش، قورسىقىم ئېچىپ، ماجالىم قالمىغانـدى، خويمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭ، ئەمدى مەن سېنى يەيمەن، نېمە دەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈلكىنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كېتەي دەپ قاپتۇ، ئەمما ئۇ دەررۇ ئېسىنى يىغىپ، قۇيرۇقـنى شىپاڭشىتىپ ھىجىيىپتۇ.

— مەن ئۇكا، ئۆزلىرى ئاكا، — دەپتۇ تۈلكە، — ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى رازى قىلاي دېسىلە، مېنى يولۇمغا ماڭغىلى قويسىلا.

— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟

— ھايۋانلارنىڭ ياۋشى، سېمىزلەرنىڭ سېمىزى ئالدىلىرىدىكى جاڭگالدا ئوتلايدۇ، شۇ يەرگە بارسىلا ئوزۇقلىرى تۈگىمەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭ باشلاپ بارسەن، گېپىڭ راست

چىقمىغۇچە قويۇپ بەرمەيمەن.

تۈلكە «ماقۇل»غا كەپتۇ، بۆرىنى ئەگەشتۈرۈپ، جاڭگال ياقىسىغىچە ئېلىپ بېرىپتۇ. بۆرە بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، راسا جايلىشىپ مۆكۈپ، قۇلىقىنى دىڭگايتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سەپسالسا، ئۇششاقۇ چوڭ، پىششىقۇ توك جىمى ھايۋان بىر يەردە ئوتلاۋاتقۇدەك. توپتىن بىرەرىنى ئايرىپ چىقىشقا كۆزى يەتمىگەن بۆرە:

— ئۇنى قانداق يەيمەن؟ تۇرسا تارالماي توپلىشىپ، بارسام تۇتۇۋالمىدۇ بىرلىشىپ؟ — دەپتۇ.

— بۆرە ئاكا، مەن بېرىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىچا چىچاي، جېدەللەشسۇن، بىر - بىرىنى چاقاي، — دەپتۇ تۈلكە ئەقىل كۆرسىتىپ.

تۈلكىنىڭ مەسلىھىتى بۆرىگە يېقىپتۇ، ۋەدە ئېلىپ يولغا سېپتۇ. تۈلكە چوڭ يولنى تاشلاپ، سۆڭگۈچىنى قاشلاپ ئېرىق بىلەن مېڭىپتۇ. قاشتا بىر پادا قوي ئوتلاۋاتقانىكەن، يېقىن بېرىپ:

— قوي ئاداش، ئېلىپ كەلدىم خەۋەر، بولمىساڭلار چېۋەر، تۇگەيسىلەر قوزا - ئوغلاقلىرىڭلارغا قەدەر، — دەپتۇ. قويلار:

— ھەي بۇرادەر، ئۇ نېمە دېگىنىڭ، ئوچۇقراق ئېيتقىنچۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، تۈلكە:

— بۈگۈن توخۇ - ئۆردەك ماراپ كېتىۋاتسام، چوڭ ھايۋانلار: «قوي - ئۆچكە بىلەنمۇ بىر جاڭگالدا ياشامدىغان، ئۇ تويماسلار قۇرتتەك غولداپ، ئوت - چۆپىمىزنى يەپ بولغىلى تۇردى، ئەدىپىنى بەرمىسەك بولمىدى» دېيىشىۋاتىدىكەن، «ئۇنداق قىلماڭلار» دېيىشىمنى بىلەرمەن، قېچىر: «ماڭ، ئىشىڭنى قىل» دەپ بىرنى تەپتى، جاندىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىم، ئەمدى مەن قانداق قىلاي، نەگە بېرىپ،

نەدە تۇراي ! — دەپ دىڭگوسلاپ يىغلاپتۇ.

قويلار غەزەپكە كېلىپ، چوڭ ھايۋانلارغا قارشى جەڭگە ئۆتۈشكە تەييارلىنىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ. تۈلكە غىپپىدە يانتاقلىققا سەكرەپ، قەدىمىنى چوڭ - چوڭ يۆتكەپ، بىر قىچىرنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە:

— ھەي بۇرادىرىم، قولاق سال گېپىمگە، دەردىڭنى يۇتۇۋەرمەي ئىچىڭگە، — دەپتۇ. قىچىر تۈلكىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاپتۇ:

— نېمە دەيسەن، تۈلكە ھەييار؟ گەپنى ئوچۇق دېمىسەڭ پەشۋايىم تەييار.

تۈلكە قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ، قىچىرنىڭ ئالدىدا كۆچۈكلىنىپ يېتىپتۇ:

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، ئۆزۈڭنى قويۇپ قىسقىسىنى ئېيتسام بولار: ئۆز ماكانىمغا قاراپ، توخۇ - ئۆردەك ماراپ كېتىۋاتسام، لەكمىڭ - لەكمىڭ قوي: «چوڭ ھايۋانلارنىڭ قارنى يامان، ئوت - چۆپلىرىمىزنى قويمىدى ئامان، قوغلىۋەتمىسەك بولمايدۇ ھامان» دېيىشىپ، قورال - جابدۇقلىرىنى ئېلىشىپ، سىلەرگە قارشى جەڭگە تەييارلىنىۋېتىپتىكەن، توسسام ئۇنىماي قېلىشتى. بولمىساڭ چاققان، قالدىسەن بالاغا، بىلمەي يۈردۈڭمۇ تېخىچە، ئات خوجاكاڭ كىرىپ بولغان كامارغا.



قىچىر تۈلكىنىڭ گېپىگە بىر ئىشە-

نىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرسا، ئالدى تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭ-لىنىپتۇ. قىچىرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ئەتراپتىكىلەرنى چا-قىرتىپتۇ. ئاتتىن باشقىسى يىغىلىپتۇ. ئات يىراق يايلاقتا كەتكەنلىكتىن خەۋەر تاپالماپتۇ. قىچىر تۈلكىنىڭ گېپى راست ئىكەن، ئات — بىر خۇيى يات، دېگەن مانا شۇ ئىكەن، دەپ، ئاتتىن يامانلاپ پېشىنى قىقىپتۇ، تاياق - توقماق راسلاپ، ھەمراھلىرىنى باشلاپ، قوينىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپتۇ. بوغا - ماراللار ھاڭ - تاڭ قېلىپ قاراپ قاپتۇ.

تۈلكىنىڭ خۇشلۇقتىن گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ، كەلدى بەختىم ئوڭدىن، قۇتۇلدۇم ئەمدى بۆرىۋايدىن، دەپ ئويلاپ، ئېرىقنى بويلاپ يۈگۈرە - يۈگۈرە بۆرىنىڭ قېشىغا كەپتۇ. بۆرە بولغان ۋەقەنى كۆرۈپ تۇرغانىكەن، تۈلكىگە ئا-پىرىن ئوقۇپ، يولغا سېلىپ قويۇپتۇ، ئۆزى چىشلىرىنى بى-لەپ، رەقىبلىرىنى كۆزلەپ يولغا چىقىپتۇ.

قوي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، قېشىدا ئاچلىقتىن قور-ساقلىرى تارتىشىپ كەتكەن بىر بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغۇدەك. قوي، يالۋۇرۇپ بولماس يىرتقۇچقا، تەڭ كېلەلمەس-مەن ھەم يالغۇز بولغاچقا، ئىشلىتىپ يەم، قاچاي دەرھال، بولماي ئۇنىڭغا يەم، دەپ ئويلاپ:

— بۆرە ئاداش، مەنمۇ سېنى كۈتۈپ ياتقىلى ئۈچ كۈن بولدى، قورسىقىڭ راستتىن ئېچىپتۇ، يېسەڭ يېگىن، لېكىن بىر ئىلتىماسىم بار، — دەپتۇ.

— ئېيتقىن ئەمىسە، ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ بۆرە. قوي تەمتىرىمەي سۆزلەپتۇ:

— كىچىك ۋاقتىمدا ئانام ماڭا بىر ھۈنەر ئۆگىتىپ قويغانىدى، ساڭا كۆرسىتىپ قوياي، سېنىڭدىن باشقىلار ئۆگەن-

نىۋالسا، سىنىڭمۇ، مېنىڭمۇ دۇنيادا نام - ئاتىقىمىز قالىدۇ.
بۆرە تاقىلداپ كەتكەن نەپسىنى بېسىپ:
— بوپتۇ، قېنى، ھۈنىرىڭنى كۆرسەت، — دەپتىكەن، قوي:
— سەن ماۋۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ داپ چېلىپ بې-رىسەن، مەن پەستە تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينايمەن، ھۈنىرىمنى شۇ چاغدا بىلىسەن، — دەپتۇ.
بۆرە «خوپ» دەپ، قولىغا داپنى ئېلىپ دۆڭگە يامىشىپتۇ. ئۇ مىلىك بىر جاپادا دۆڭگە چىقىپ پەسكە قارىسا، قوي قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك، قوغلاي دېسە، چامى يەتمىگۇدەك. بۆرە قوينىڭ مەيدىن كېچىپ، ئىككىنچى ئالدانماسلىققا ئانت ئىچىپ كې-تىۋاتسا، بىر بوغاز بۇغا ئۇچراپ قاپتۇ. بۆرە خۇش بولۇپ:
— ھەي بۇغا، تۈلكە ئىنىم كۆرسىتىپ قويدى سېنى، بىر قېتىم ئالداندىم، ئەمدى ئالدىيالمايسەن مېنى، قىمىرلى-ما، يەيمەن سېنى، — دەپتۇ.
بۇغا ھەقەمسايىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئېچىنىپ تۇرغانىكەن، بۆرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەممە شۇملۇق تۈلكى-دىن كەلگەنلىكىنى پەملەپ ئىچىدە قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۆرىگە دەپتۇ:
— سېنىڭ كېلىشىڭنى بىلەتتىم. يېسەڭ ئاغرىنمايمەن. ئەمما، مەن سەندىن نەچچە ھەسسە چوڭ، قورسىقىمدا بالىلى-رىم بار تېخى، يەپ تۈگىتەلمەسلىكىڭدىن غەم قىلىمەن. بۇ-نىڭ ئۈچۈن ماۋۇ تاغقا چىقىپ، پىياز، زىرە ئېلىپ چۈشۈپ، گۆشۈم بىلەن مەلھەم قىلساڭ، تامام يەپ بولالايسەن، ئۈچ كۈنگىچە قورسىقىڭ ئاچمايدۇ.
بۆرە بىرئاز ئويلىنىپ:
— راست ئېيتتىڭ، دوستۇم، يەنە ئوۋ قىلىمەن دەپ يۈرەيمۇ؟ تۇرۇپ تۇرغىن، ھازىرلا ئېلىپ چۈشەي، — دەپ

تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ.

بۇغا بۆرىنى ئۆزىتىپ قويۇپ، ھەمشىرىلىرىنىڭ يېنىغا قېچىپتۇ، قېچىپ كېتىۋېتىپ قېچىرغا خەۋەر قىلىپ قويۇپتۇ، قېچىر ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. بۆرە بۇغىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئاچچىقىغا پايلىماي، ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي پەياز بىلەن زىرىنى چۆرۈۋېتىپ تاغدىن ئېشىپتۇ. تاغ باغرىدا بىر ئات يولغا قاراپ تۇرغانىكەن، بۆرە ئالدىغا بېرىپ:

— تۈلكە ئىنىم «قاچتى» دېگەنتى سېنى، مۆكۈۋاپسەن ئوتلاقتا، ئوخشاپ قاپسەن بوتىلاقتا، يېمەكچىمەن سېنى، ئېيت، نېمە دەيسەن قېنى؟ — دەپتۇ.

ئات بۆرىنىڭ ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى قويدىن ئاڭلاپ، ئۈچرىشىش پەيتىنى تىلەپ تىڭلاپ ئالدىغا چىققانىكەن، بۆرىنى كۆرۈپ:

— ۋاي قەدىناس ئادىشىم، تاپالماي سېنى قاتقانتى باشىم. ئوبدان كەپسەن، مۇرادىمغا يەتكۈزسەڭ مېنى، گۆشۈم بىلەن تويغۇزىمەن سېنى، — دەپتىكەن، بۆرە شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ:

— نېمە تىلىكىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇغۇلغان كۈنۈم ئانام ماڭا: «بالام، پۇتۇڭدا خەت بار ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر موللا بۆرە سېنى يېگىلى كېلىدۇ، شۇنىڭغا ئوقۇتۇۋالغىن، باشقىسى ئوقۇيالمايدۇ» دېگەندى. نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلەلمەي يۈرەتتىم، ئاڭلىۋېلىپ ئۆلسەم، مۇرادىمغا يېتەتتىم، — دەپتۇ ئات.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ بۆرە، — مەرد ئىكەنسەن، سەنمۇ مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەت، مەنمۇ ئارمىنىمغا يېتەي، خەت قايسى پۇتۇڭغا يېزىلغان، كۆرسەت!

— مانا مۇشۇنىڭغا، — دەپ، ئات ئوڭ ئارقا پۇتىنى

كۆرستىپتۇ.

بۆرە يىراقتىن تۇرۇپ، ئۇيان قاراپ، بۇيان قاراپ خەتنى كۆرەلمەي بېشىنى كۆتۈرۈۋاتقاندا، ئات چۈشەندۈرۈپتۇ:

— مەن سېنى ئۇزاقتىن - ئۇزاقتا ئىزدەپ، كەزمىگەن چۆل - جەزىرە، چىقمىغان تاغ - داۋان، كىرمىگەن سازلىق قالمىدى، ماڭغان يولۇم ئاز ئەمەس، خەتنىڭ ئۈستىگە لاي چاپلىشىۋالغاندۇ، يېقىنراق كەلسەڭ كۆرەلەيسەن.

بۆرە «ماقۇل» دەپ، يېقىنلاپ ئېڭىشكەنىكەن، ئات تازا كېلىشتۇرۇپ ۋاققىدە بىرنى تېپىپتۇ. بۆرىنىڭ چىشلىرى تۆكۈلۈپ، بېشى يېرىلىپ ئوڭدا چۈشۈپتۇ - دە: «ئاتام ئوقۇمىغان قارا خەتنى، ئانام ئوقۇمىغان قارا خەتنى، ئوقۇيمەن دەپ بىكار تاپتىم، جېنىمغا توختىغان دەردنى» دەپ، ھەسرەت بىلەن جان ئۈزۈپتۇ.

ئات خۇشلۇقتا ئۇتلاقمۇئوتلاق بېرىپ، بۆرىنىڭ ئۆلۈمى، تۈلكىنىڭ شۇملۇقىنى قوشنىلىرىغا يەتكۈزۈپتۇ. قوي - ئۆچكە، بۇغا - مارال، ئات - قېچىر يېڭىۋاشتىن بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئاداۋەتلىرىنى يۇيۇپ، بىر تۇغقان - قېرىنداشتەك ئۆملىشىۋاپتۇ، تۈلكىنى قورشاپ تۇتۇپ، كۆلىنى كۆككە سورۇپتۇ.



# قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، ئاچ-نىڭ غېمى ئاچلىقتا، توقنىڭ غېمى يوق ئىكەن. شۇ زامانلاردا بىر يەردە بىر بالا بوپتىكەن، ئۇنىڭ ئېتى قۇتلۇق ئىكەن، يۈرىكى ئوتلۇق ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى قۇتلۇقجان چۈش مەزگىلى ئېتىز-دىن قايتىپ، يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كەلسە، دالان ئۆينىڭ ئوتتۇرد-سىدا بىر قارلىغاچنىڭ بالىسى پالاقلاپ ياتقۇدەك، ئاستا قو-لىغا ئېلىپ قارىسا، بىچارىنىڭ بىر پۇتى سۇنغان، هالى بەك خاراب، زار - زار يىغلاپ تۇرغان...

قۇتلۇق بۇ قارلىغاچ بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ قاناتلىرىنى سىلاپتۇ، باشلىرىغا سۆيۈپ، كۆزلىرىگە سۈۋاپتۇ، نېمە بولدى، پۇتۇڭ... دەپ هالىنى سوراپتۇ. ئاڭغىچە تام - تورۇسلاردا ئۇچۇپ يۈرگەن ئانا قارلىغاچلار قۇتلۇققا قاراپ:

— ۋاي - ۋاي ئىست، ۋىچىر - ۋىچ، بىلەلمىدۇق سىرنى هېچ. ئېيتىڭ بىزگە، قۇتلۇقجان، نېمە بوپتۇ، نېمە ئىش؟ — دەپ سايراپتۇ. قۇتلۇقجان:

— ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ، سىلەر يوقتا بۇ بەڭۋاش، پېتىنشماستىن ئۇۋىدا، مېيىپ بوپتۇ يىقىلغاچ... — دەپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئانا قارلىغاچلار بۇنى

ئاڭلاپ، بالىسىغا قاراپ:

— دېمىدىقمۇ بىز ساڭا، ئىناق بولۇپ تۇرغىن تىنىچ. ئەمدى قانداق قىلىمىز، ئاڭلىمىساڭ گەپنى ھېچ؟ — دەپ چېچىلىپتۇ، ئېچىنىپتۇ، ئاخىر قۇتلۇقجانغا قاراپ:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، ئۆلۈپ قالسا بالىمىز؟ بۇنىڭ ئۇچۇن چارىنى، ئىزدەپ نەگە بارىمىز؟ — دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ. قۇتلۇق بىرئاز ئويلىنىپ:

— ۋىچىر - ۋىچىر قارلىغاچ، تاپتىم چارە ئويلىغاچ. بۇ-نىڭ ئىشى: بىر تال يىپ، كىچىككىنە جۇپ ياغاچ... — دەپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپتۇ، ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ، بىر قېتىم يىپ، بىر چىمدىم پاختا سوراپ ئېلىپ، ئوتتۇردىن ئىككى تال كىچىككىنە شىشىق چىقىرىپ، بۇلار بىلەن تې-ڭىقچىلىق قىپتۇ، بىردەمدىلا قارلىغاچنىڭ پۇتىنى ئوبدان تېڭىپ، ئاستا ئۆز ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ.



ئانا قارلىغاچلار:

— ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر - ۋىچ، ئەمدى بولدى كۆڭۈل تىنىچ. ياخشىلىققا ياخشىلىق... ئۇنتۇمايمىز بۇنى ھېچ، — دەپ، ناھايىتى خۇش بو-لۇپ، قۇتلۇقجانغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئاندىن كۆڭلى تىنىپ، بالىلىرىغا دان تو-شۇغىلى يەنە ئۇچۇپ كې-تىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، كۈن

قارلىغاچ بالىسى- ھېلىقى كەپتۇ، قىلغان چارە ئۈنۈم بەرمەپتۇ. ھېلىقى قارلىغاچ بالىسى-
نىڭ سۇنغان پۇتى ئۆڭشىلىپ، ئاتا - ئانىسىغا قوشۇلۇپ،
كەچ كۈزگىچە تۇنەپتۇ. قىشقا قالماي قارلىغاچلار ئىسسىق
جايغا جۆنەپتۇ.

كېلەر يىلى كۆكلەمدە، قۇتلۇق ئولتۇرسا بىركەمدە، بىر
قارلىغاچ كەپتۇ ھويلىسىغا، قاراپ تۇرسا، ئاغزىدا دان، قو-
نۇپتۇ ئۆيىنىڭ تورۇسىغا، بولتۇرقى كونا ئۇۋىسىغا.

قۇتلۇقجان تونۇغاندەك قىلىپ، قارلىغاچقا قاراپ كۈلۈپ-
تۇ، قارلىغاچنىڭ ئاغزىدىكى «دان» ئاڭغىچە ئالدىغا «تولۇق!»
قىلىپ چۈشۈپتۇ. قۇتلۇق دەررۇ داننى قولىغا ئېلىپ قارىسا،
تاۋۇزنىڭ بىر تال ئۇرۇقى. شۇ يەردىن قۇتلۇقجان خۇش بو-
لۇپ، كۆڭلىگە قانداقتۇر ئۈمىد تولۇپ، ئېتىزغا قاراپ يۈگۈ-
رۈپتۇ، ئېتىزغا بېرىپ يەر تاللاپ، ئۇرۇقنى ئوبدان تېرىپتۇ،
ئۇرۇق پاتلا ئۈنۈپتۇ. قۇتلۇق يەنە توختىماي پەرۋىش قىلىپ
بېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ،
كۈز كەپتۇ، پىلەك
يېيىلىپ ھەر يانغا،
چوڭ ئېتىزغا بىر
كەپتۇ. قۇتلۇق قا-
رىسا، ھەر تاۋۇز،
ھەر تاۋۇز، ھەر
بېغىشتا بىر تاۋۇز.
قۇتلۇق يەنە قارد-
سا، تاۋۇزلارنىڭ
ئارىسىدا كۆزنىڭ
يېغىنى يېگۈدەك



يوغان بىر تاۋۇز تۇرغۇدەك ! قۇتلۇقجان ئۇنى سىناپ «تاك ـ تاك» قىلىپ چېكىپتۇ، پىشقانلىقىنى بىلىپتۇ، كۆتۈرەلمەس ـ لىكىنى ئويلاپ، ئۆيگە قاراپ چېپىپتۇ...

— ۋاي دادا، ۋاي ئاپا ! تېرىغان تاۋۇز چوشۇپتۇ. ئارىدا بىرى ئاجايىپ... چېكىپ باقسام پىشىپتۇ. زەمبىل بىلەن كۆتۈرەيلى، ئۆيگە چاپسان ئەكېلەيلى... — دەپتۇ، دادىسىغا يېلىنىپتۇ.

ئاخىر دادىسى بىلەن بېرىپ، ھېلىقى تاۋۇزنى زەمبىلگە سېلىپ، يولدا نەچچە كىشى ھەمدەملىشىپ، ئانىسىمۇ ياردەم ـ لىشىپ، ئۆيگە ئاران ئەكەپتۇ. ئەكېلىپ ئولاش - چولاش پىچىشسا، تاۋۇزنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇقلار ئالتۇن ـ كۈمۈش بو ـ لۇپ يەرگە جىرىڭلاپ چېچىلىپتۇ...

تاۋۇزنى ھەممەيلەن، قوشنا ـ قولۇم جىملەن بىللە تو ـ رۇپ يەپتۇ، يەپ بولۇپ جامائەت خۇشال، شۇنداق دەپتۇ:

— مانا بۇ ئىش ئەسلىدە، ياخشىلىقتىن بولغان ئىش... باركاللا، قۇتلۇقجان، قۇتلۇق بولسۇن قۇتلۇق ئىش !

قۇتلۇقنىڭ خۇشلۇقىدىن، ئاغزىنىڭ بوشلۇقىدىن، بۇ ئىشنى ئەتىسى باينىڭ باقى دېگەن بالىسى ئاستا بايقاپ بىلـ ـ ىۋاپتۇ، ئالتۇن - كۈمۈشنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ، بىراق ھېچنېمە قىلالماپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئاچ كۆز باقى قۇتلۇقنى كۆرەلمەپتۇ، تىت ـ تىت بولۇپ دائىما خا ـ تىرجەم يۈرەلمەپتۇ. كۆرگەن يەردە: «ئەقىللىق دېگەن سەنمۇ؟ سەن قىلغان ئىشنى مەن قىلالمايمەنمۇ!» دەپ، قۇتلۇقنى سۆ ـ كۈپتۇ. ئەڭ ئاخىر كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ.

ئەتىياز بولغاندا، قارلىغاچ بالىسى چىققاندا، باقى چىقىپ تورۇسقا، بىرنى ئوغرىلاپتۇ، پۇتىنى قەستەن سۇندۇرۇپ ياغاچ بىلەن تېڭىپ قويۇپ، ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپ، ئىشنى توغ ـ

رىلاپتۇ. بىرئاز ئۆتمەي قارلىغاچلار ئۇۋىسىغا كېلىپلا، بولغان ئىشنى تۇيۇپتۇ:

— ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر - ۋىچ، باللىرىم، نېمە ئىش؟ بايىنىڭ ئوغلى سىلەرنى، قويماپتۇ ـ دە ئاخىر تىنىچ ! — دەپ سوئال قويۇپتۇ. ئاڭغىچىلىك باللىرى دەرد تۆكۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ئانا قارلىغاچ:

— ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر - ۋىچ، سىلەردە يوق گۇناھ ھېچ. يامانلىقىا يامانلىق... ئۇنتۇماڭلار بۇنى ھېچ، — دەپ، باللىرىنى قۇچۇپتۇ، پۈتى سۇنغان بالىسىنى بەزلەپ، دان ئۇچۇن ئېتىزغا يەنە ئۇچۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كەپتۇ، ھەپتە ئۆتۈپ ئاي كەپتۇ. بالا قارلىغاچ ئوڭشىلىپ، قاتارغا ئاران قوشۇلۇپ، كۈزگە كەلگۈچە تۈنەپتۇ، ئاقساپ يۈرۈپ كەچ كۈزدە ئىسسىق جايغا جۆنەپتۇ.

ئاڭغىچىلىك قىش كەپتۇ. باقى ئالتۇن كويىدا قىشنى ئاران چىقىرىپتۇ، ئەتىيازلىقى ھەر كۈنى قارلىغاچ ئۇۋىسىغا قاراپتۇ، ئوغرى مۈشۈكتەك ماراپتۇ. بىر چاغلاردا قارلىغاچلار كەلگىلى باشلاپتۇ، بىرى كېلىپ باقىغا بىرنېمە تاشلاپتۇ. باقى دەررۇ ئېلىپ قارىسا، كۈزىگە سۈۋاپ يالىسا، تاۋۇزنىڭ بىر تال ئۇرۇقى ! باقى خۇشاللىقىدىن پىرقىراپ، ئېتىزلىقىا بېرىپ، يەرنى بىرئاز تاتىلاپ، ئۇرۇقنى كۆمۈپ قويۇپتۇ. ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققۇچە، تاۋۇز چۈشۈپ پىشقۇچە، جاندىن نەچچە تويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى باقى قارىسا، پىلەكتە يوغان بىر تاۋۇز چۈشۈپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي پىشىپتۇ. باقى تاۋۇزنى ئۈزۈپ، ئۆزى يالغۇز پىچىپتۇ. پىچىشىغىلا، تاۋۇزنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقلار ھەرە بولۇپ غۇزۇلداپ، راسا قوغلاپ چېقىپتۇ. باقى: «ئاللا، ۋايجان !» دەپ، ئوقرۇق تەگكەن موزايدەك مەھەللىگە قاراپ قېچىپتۇ، يىغلاپ ـ قاقشاپ، ۋارقىراپ، يۈرت-

نى بېشىغا كىيىپتۇ.

تەرەپ - تەرەپ، تۈش - تۈشتىن خالايىقلار ئولىشىپ:

— نېمە سىر بۇ؟ توختاڭلار ! ئاجراتماڭلار، تىنىچ ! — دەپتۇ. ھەممە قاراپ باقىغا:

— ساڭا لايىق ئىش، — دەپتۇ. قارلىغاچلارمۇ ئولىشىپ:

— ۋىچىر - ۋىچىر، ۋىچىر، ۋىچ - ۋىچ، ساڭا لايىق شۇنداق ئىش. يامانلىققا يامانلىق، جايىدا كەلسە ئوبدان ئىش ! — دەپ توۋلىشىپتۇ. ئۇششاق باللارمۇ:

— نەپسى يامان باقى باي، ئەمدى قالدىڭ چاتاققا. ئەقلىڭ بولسا ۋارقىرىماي، كىرىۋالغىن پاتقاققا... — دەپ زاڭلىق ئېيتىشكە باشلاپتۇ.

شۇ چاغدا باقىنىڭ: «ھەرە چاققان يەرلەرگە لاي سۇۋىسا ساقىيىمىش» دېگەن سۆزلەر ئېسىگە كېلىپ، پاتقاقلىققا ئۆ-زىنى بېشىچىلاپ تاشلاپتۇ.



# قازان تۇۋى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا، يىراق بىر جاڭگالدا يالغۇز ئۆيلۈك بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي كۈن كەچۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتا بار - يوق بىر كالىسى ۋە بىر كونا قازىنى بار ئىكەن. بۇ ئەتراپتا يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە ئوغرى - قاراقچىلار پات - پات پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. بوۋاي بىلەن موماي پۈتۈن ھاياتىدا ئىككى نەرسىدىن، بىرى، كالىسىنى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ يەپ كېتىشى ياكى ئوغرىلارنىڭ ئوغرىلاپ كېتىشىدىن، ئىككىنچىسى، بار - يوقى بىر دانە قازىنىنىڭ تۇۋى تېشىلىپ كەتسە، تاماق ئېتىپ يېيەلمەيدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، بوۋاي بىلەن موماي ھەر كۈنى ئاخشىمى ئىشىك - تۈڭلۈكنى چىڭ تاقاپ، كالىسىنى ئارىلىقىغا سولاپ، دائىم ئاشۇ ئىككى ئەندىشىسى ئۈستىدە سۆزلىشىپ يېتىپ قالىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر يولۋاس ۋە يەنە بىر ئوغرى بۇلارنىڭ كالىسىنى قەستلەپتۇ، ئەمما يولۋاس بىلەن ئوغرى بىر - بىرىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئوغرى ئۆگزىگە چىقىپ دۈم يېتىپ: «بۇلار ئۇخلىدىمۇ، يوق؟» دەپ، تۈڭلۈككە قۇلاق يېقىپتۇ. يولۋاسمۇ ئۇنىڭ ئالدىدىراق كېلىپ كالا سولانغان ئارىلىقنىڭ ئىشىكىدە مارىلاپ ياتقانىكەن. موماي

بىلەن بوۋاي يەنە ئادەتتىكىدەك سۆزگە كىرىشىپ كېتىپتۇ.

— خوتۇن، مۇشۇ كالىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق، ئوقەت قىلىشىمىز تەس بولىدۇ جۇمۇ، قېرىغاندا ئىككى قولىمىز بىلەن نېمىمۇ قىلالايتتۇق، — دەپتۇ بوۋاي.

— ئۇمۇ بىر جان ئىگىسى، بۇ دۇنيالىق ئەمەس. مەن ئوغرىدىنمۇ، يولۋاستىنمۇ قورقمايمەن، ئەمما خۇدايىم قازان تۇۋىدىن ساقلىسۇن، — دەپتۇ موماي.

تۈڭلۈكتە تىڭشاپ ياتقان ئوغرى، يائاللا، بۇلار ئوغرىدىنمۇ قورقمىسا، يولۋاستىنمۇ قورقمىسا، قازان تۇۋىدىن قورقسا، قىزىق ئىش ئىكەن، مەن بىلمەيدىغان قازان تۇۋى دەيدىغان بىر بالا - قازا بار ئوخشايدۇ، دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ، قورققىنىدىن ئەتراپقا قاراپتۇ، ئۆمىلەپ ئىشىك بېشىدىن چۈشۈپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ يەرگە كۆز تىكسە، ئىشىك ئالدىدا بىر يوغان نەرسە ياتقۇدەك. بۇنىڭ يولۋاس ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئوغرى ئۇنى قاراڭغۇدا بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ كالىسى دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

يولۋاسمۇ بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ: «يولۋاستىنمۇ قورقمايمەن، خۇدايىم قازان تۇۋىدىن ساقلىسۇن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، قازان تۇۋى دەيدىغان مەندىنمۇ يامان بىر بالا بار ئوخشايدۇ، دەپ قورقۇپ ياتقانىكەن.

يولۋاسنى كالا دەپ ئويلاپ قالغان ئوغرى خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۇنى مىنىپلا قاچماقچى بولۇپ، ئۆگزىدىن ئۆزىنى توپتوغرا يولۋاسنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. يولۋاس ئۆز ئۈستىگە مىنىۋالغان ئوغرىنى قازان تۇۋى دەپ ئويلاپ قاپتۇ - دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ بەدەر قېچىپتۇ. تاڭ ئاتقۇچە قېچىپ، يولۋاسنىڭ ھېچ ھالى قالماپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ئۇلار بىر جاڭگالغا بېرىپ قاپتۇ. ئوغرى قاراپ باقسا، ئاستىدا مىنىۋال-

غىنى كالا ئەمەس، يولۋاس. سەكرەپ چۈشۈپ، قورقۇنچلۇقىدا بىر ئېگىز دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. يولۋاس قىرىق - ئەللىك قەدەم نېرىغا بېرىپ ھېرىپ يېتىپ قاپتۇ. شۇ يەردە يۈرگەن بىر تۈلكە بۇ ھالغا ھەيران بولۇپ، يولۋاسقا سالام بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ.

— سەن كىچىك بىر ھىيلىگەرسەن، دەرھال جېنىڭنى جايلا، دەرەخنىڭ ئۈستىدە قازان تۇۋى بار، تاڭ ئاتقۇچە مېنى مىنىپ ھالىمنى قويمىدى، — دەپتۇ يولۋاس.

— ۋاي يولۋاس پادىشاھىم، ئۇ قازان تۇۋى ئەمەس، ئادەم، — دەپتۇ تۈلكە قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ.

— ياق، قازان تۇۋى، — دەپتۇ يولۋاس كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— ئۇنداق بولسا، ئىككىمىز دەرەخنىڭ تۈۋىگە بارايلى. سىلى قاراپ تۇرسىلا، مەن دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىمەن، مۇبادا ئۇ ئادەم بولماي، راست سىلى ئېيتقاندەك قازان تۇۋى بولسا، ئاستا كۆزۈمنى چىمچىقلىتىپ قويىمەن، سىلى دەرھال قېچىپ كەتسىلە. مەن قېچىشنىڭ يولىنى ئۆزۈم تاپىمەن، — دەپتۇ تۈلكە. يولۋاس ماقۇل كەپتۇ، بىراق شەرت قويۇپتۇ:

— سەن تۈلكە ھارامزادە. ئۆزۈڭ قېچىپ كېتىپ، مېنى قازان تۇۋىگە تۇتۇپ بېرەمسەن تېخى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى بوينۇمغا باغلىۋېلىپ بارىمەن، نېمە بولساق تەڭ بولىمىز، — دەپتۇ يولۋاس.

بۇلار دەرەخ تۈۋىگە كەپتۇ. يولۋاسنىڭ بوينىغا باغلانغان تۈلكە ئارغامچىنى سۆرەپ دەرەخكە چىقىشقا باشلاپتۇ.

قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتكەن ئوغرى دەرەخ ئۈستىدە ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، قورقۇنچلۇقىدا تۈلكىگە قاردىتىپ جىڭغىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن تۈلكىنىڭ كۆزلىرى چىمىلداپ كەتكەنىكەن، يولۋاس تۈلكىنى ۋە ئارغامچا ئورىلىپ قالغان

دەرەخنى قومۇرۇپ بەدەر قىچىپتۇ. ئوغرى ئاسماندىن چۈشكەن خېمىردەك، جاڭگالدا قىمىر قىلماي يېتىپتۇ.
بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، يولۋاس هازىرغىچە تۈلكىنى سۆ-رەپ يۈرگەنمىش، تۈلكىنىڭ بولسا، تېرىسىدىن باشقا هېچ نەرسىسى قالماپتىمىش.



# ئۆلاي بىلەن قاغا

كـۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆلاي بىلەن قاغا چىلىشماقچى بـوپ-تۇ. كىم يىقىتسا، يىقىتقۇچى يىقىلغۇچىنى يېيىشنى توختـام قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى جانىۋار يەتتە كېچە - كۈندۈز چېلىشىپ، ئاخىر قاغا ئۆلاينى يىقىتىـپ، ئـۇنى يې-يىشكە تەمشەلگەندە، ئۆلاي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەي قاغا، سەن بولساڭ ئۇچار جانىۋارلار ئىچىـدە ئەڭ سەت، پاسكىنا بىرنەرسە، شۇنىڭ ئۈچۈن قەيەردىن بولـسۇن سۇ تېپىپ، تۇمشۇقۇڭنى پاكىزلاپ كېلىپ مېنى يېگىن، — دەپتۇ.

قاغا قىرىق بىر كېچە - كۈندۈز سۇ ئىزدەپ، چۆل - جەزىرىلەردە ناھايىتى كۆپ ئاۋارە بولۇپ، ئاخىردا سۇيى بار بىر قۇدۇقنى تېپىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشەي دېسە، كېيىن قايتىپ چىقىش قىيىن، چۈشمەي دېسە، باشقا بىر يەردە سۇ يوق، ھېچبىر ئىلاج قىلالماي، قۇدۇقتىكى سۇغا قاراپ:

— قۇدۇق ئاداش، بەرسەڭ سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۆلاينى يەپ، بولاي سېمىز، ئۇچاي ئېگىز، — دەپتۇ. قۇدۇق مىيى-قىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— مەن بۇ سۇنى غېرىب - مۇساپىر، ئۆتكەن - كەچكەن كارۋانلار ئۈچۈن ساقلاپ قويغانمەن، سېنىڭ بۇ قـۇ-رۇق گېپىڭگە سۇ چىقىرىپ بېرەلمەيمەن. ئەگەر خالىساڭ،

كوزا تېپىپ كېلىپ سال، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىختىيارىڭچە سۇ بېرەي، — دەپتۇ.

قاغىنىڭ بېشىغا چوڭ غەم چۈشۈپ، ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپتۇ، بۇ چۆللۈكتە سۇ تارتقۇدەك قاچا تېپىشقا كۆزى يەتمەي، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. بىر يېزىغا كېلىپ، بىر ئەخلەتخانىغا قارىسا، بىر پۇچۇق كوزا تۇرغۇدەك. قاغا:

— كوزا ئاداش، بولساڭ پۇتۇن، تارتاي سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۇلاينى يەپ، بولاي سېمىز، ئۇچاي ئېگىز، — دەپ يالۋۇرغانىكەن، پۇچۇق كوزا ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ:

— مەن سۇپۇرۇندىخانىدا تۇرسام، كۆزۈڭگە ئىلماي ھەر قىسما گەپ قىلىۋەرمە، مېنى ئىگىلىرىم نۇرغۇن ئەجىر قىلىپ، تاغدىن سېغىز توپا ئەكېلىپ، خۇمدانغا سېلىپ پىشۇرۇپ كوزا ياسايدۇ، ئاندىن كېيىن سۇ تارتىدۇ، — دەپتۇ.

قاغا ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماستىن، ئىزدە - ئىزدە بىر سېغىزلىقنى تېپىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سېغىز توپىغا قاراپ:



— سىغىز ئاداش، بەرسەڭ سىغىز، ئىتەي كوزا، تارتاي سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۇلايىنى يەپ، بولاي سىمىز، ئۇچاي ئىگىز، — دەپتۇ.

سىغىز چىرايىنى ئانچە ئاچماستىن، قاغىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بولسام ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇشۇ يەردە ساقلىنىپ ياتتىم. ئەتراپىمدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر پىشانىلىرىدىن تەر ئاققۇزۇپ، مېنى كولاپ ئېلىپ، نۇرغۇن مېھنەت بىلەن كوزا ياساپ ئىشلىتىپ كەلدى. سېنىڭ مۇنداق قۇرۇق سۆزلىرىڭگە چىقىپ كوزا ياسىلىپ بەرمەيمەن. خالىساڭ، سەنمۇ خەقلەرگە ئوخشاش كىيىك مۈڭگۈزى تېپىپ كېلىپ، ئەجىر قىلىپ ئېلىپ كەتسەڭ مەيلى.

قاغىنىڭ بېشىغا يەنە غەم چۈشۈپتۇ، يالتىيىپ قالاي دېسە، ئۇلايىنىڭ گۆشى تاتلىق. مەيلى دەپ، ئۇ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، تاغنىڭ بىر كامىرىدىن ئىككى بالىسى بار بىر كىيىكنى تېپىپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ:

— كىيىك ئاداش، بەرسەڭ مۈڭگۈز، چوخچىلاي سىغىز، ئىتەي كوزا، تارتاي سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۇلايىنى يەپ، بولاي سىمىز، ئۇچاي ئىگىز، — دەپتۇ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ. كىيىك يېنىدا ياتقان بالىسىنى كۆرسىتىپ:

— ماڭا مۇشۇ يەردە ياشىغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. نۇرغۇن ھەلەكچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن، مۇشۇ ئۇششاق بالىلىرىمنى يىراق يەرلەردىن ئوت - چۆپ ئەكېلىپ باقىمەن. مۈڭگۈزۈم بولسا، ياۋايى يىرتقۇچلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېرەك بولىدۇ. سېنىڭ مۇنچىلىك ئۇزۇن يوللاردىن كەلگىنىڭ ئۈچۈن مەيلى بېرەي، لېكىن بىرنەچچە كۈنلۈك ئوزۇقۇم ئۈچۈن ئوت - چۆپ ئېلىپ بەرگىن، — دەپتۇ.



قاغا ئۆز ئىشىنىڭ
مۇنداق چىگىش بولۇپ
كېتىپ بارغانلىقىنى
سېزىپ، كۆپ پۇشايمان
يەپتۇ، ئىلاج يوق، مىڭ
بىر نادامەتلەر ئاستىدا
يولغا چىقىپ، بىرنەچ-
چە كۈندىن كېيىن
ئوت - چۆپلۈك تاغقا
كېلىپ، ئوت - چۆپلەرگە قاراپ:

— چۆپ ئاداش، بەرسەڭ چۆپ، يېسۇن كېيىك، بەرسۇن مۈڭگۈز، چۇخچىلاي سېغىز، ئېتەي كوزا، تارتاي سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۇلاينى يەپ، بولاي سېمىز، ئۇچاي ئېگىز، — دەپ زارلىنىپتۇ. ئوت - چۆپلەر قاغىغا قاراپ:

— سەن بولساڭ كېرەكسىز، ئىنسانغا ھېچ پايداڭ تەگ-مەيدىغان نەرسىسەن، بىز ساڭا نېمىدەپ ئوزۇق بېرىمىز؟! بىزدىن نۇرغۇن جان - جانىۋار ئوزۇقلىنىپ پايدىلىنىدۇ. ئەمگەك قىلغانلار بىزنى ئورۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئەگەر خالى-ساڭ، ئورغاق تېپىپ كېلىپ ئورۇپ كەت، — دەپتۇ.

قاغا ئىلاجسىز يولغا چىقىپ، بىر ئورغاقنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئورغاق ئاداش، بەرسەڭ ئورغاق، ئوراي ئوت، بەرسۇن چۆپ، يېسۇن كېيىك، بەرسۇن مۈڭگۈز، چۇخچىلاي سېغىز، ئېتەي كوزا، تارتاي سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۇلاينى يەپ، بولاي سېمىز، ئۇچاي ئېگىز، — دەپتۇ.

ئورغاق بەللىرىنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— مەن ئۆزۈمچىلا مۇنداق بولغان ئەمەس، مېنى تۆمۈر-

چى ئۇستام نۇرغۇن ئەمگەك بىلەن ياسىغان، شۇ تۆمۈرچىنىڭ قېشىغا بېرىپ ياسىتىپ كەل، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قاغا ئۇلاي بىلەن چېلىشقىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، نۇرغۇن ئويلاپ، ئاخىر تۆمۈرچى ئۇستىنىڭ يېنىغا بېرىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارتقان يول ئازابىنى ئېيتىپ، تولا قاقشىغانلىقتىن، تۆمۈرچى:

— ئورغاقنى ياساپ بەرسەم قانداق ئېلىپ كېتىسەن؟ — دەپتۇ.

— پۇتۇمغا ئېسىپ قوي، — دەپتۇ قاغا.

— بولمايدۇ، پۇتۇڭدىن چۈشۈپ قالىدۇ.

— بولمىسا، بوينۇمغا ئېسىپ قوي.

— مەيلى، — دەپ، تۆمۈرچى ئورغاقنىڭ ئەگمىچىدىن قاغىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

قاغا ئىچ - ئىچىگە پاتماي خۇشال بولۇپ، بىرلا كۆتۈرۈلۈپ بىر ئاز ئۇچقاندىن كېيىن، ئورغاق قاغىنىڭ بوينىنى شىرت قىلىپ كېسىپتۇ، قاغا يەرگە پۇلاڭلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

قاغا ئۇلاينى يەپ سەمرىيەلمەي چۆلدە قاپتۇ.



# تېكە، قوچقار ۋە بۇقا

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي بولغانىكەن، ئۇنىڭ نۇرغۇن چارۋا مېلى بولۇپ، بىر كۈنى باي ئۆچكە قوتىنىغا كىرسە تېكىنىڭ، قوي قوتىنىغا كىرسە قوچقارنىڭ، كالا قوتىنىغا كىرسە بۇقىنىڭ قوتۇر بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. باي، ئاپلا، بۇلار قوتۇرنى باشقا ماللارغا يۇقتۇرىدىغان بولدى، دەپ، بۇلارنى قوتاندىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. قوتاندىن قوغلانغان بۇ ئۈچ ئاغىنە بىر يەرگە بېرىپ ئوتلاپ يۈرۈپ، ئۆزئارا:

— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ بۇ يەردىن كېتەيلى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىراق بىر يەردە بىر ئادىل پادىشاھ بار دەيدۇ، شۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارساق، — دېيىشىپتۇ ـ دە، شۇ ياققا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئادىل پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر تۇۋرۈك تۇرغۇدەك. ئۇلار بېرىپ تۇۋرۈككە سۈركىلىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا بىرى پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «شەھىرىمىزگە ئۈچ دەۋاگەر كەلدى» دەپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللاردىن بىرىنى چىقىرىپتۇ. ياساۋۇل ئۇلارغا قاراپ بېقىپ قايتىپ كىرىپ، پادىشاھقا:

— قوتۇر بېسىپ كەتكەن ئۈچ ھايۋان ئىكەن، — دەپ مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ دەرھال پەرمان چىقىرىپتۇ. پەرماندا: «بۇ قوتۇر باسقان ئۈچ ھايۋان مەيلى كىمنىڭ ئوت ـ چۆپ،

زىرائەتلىرىنى يېسۇن، ئۇلارغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا ئازار بەرگۈچىلەر بولسا، ئۆزى ئۆلۈمگە، مېلى تالاڭغا مەھكۇم!» دېيىلىپتۇ. ياساۋۇللار بۇ پەرماننى كوچا - كوچىلارغا چاپلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ هايۋانلار بازاردا سېتىۋاتقان قوغۇن - تاۋۇز، ناۋايخانىدىكى نان قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆزلىرى خالىغانچە يەيدىغان بوپتۇ. باشقىلار ئۇلارنى ئۇراي دېسە، پەرمان بولغاچقا ئۇرالمايدىكەن. ئۇلار شۇ بويىچە شەهەردە يۈرۈۋېرىپ خېلى سەمرىگەندىن كېيىن، بۇقا:

— ئاغىنىلەر، ئەمدى قاچمىساق بولمىدى، بىز بۇلارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالدۇق، — دەپتۇ. باشقىلارمۇ بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، شەهەر سىرتىغا چىقىپ كېتىپتۇ. سىرتتا يۈرۈپ باشقىلارنىڭ زىرائەتلىرىنى يەنىلا خالىغانچە يەپتۇ، دەسسەپ - چەيلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار خېلى ئوبدانلا سەمرىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ سەمرىگەنلىكىنى كۆرگەن كىشىلەردىن بىرنەچچىسى پەيلىنى بۇزۇپ، بىرلىشىپ كەچتە سويماقچى بوپتۇ. ئۇلارنىڭ مەسلىھىتىنى تېكە ئاڭلاپ قېلىپ ئاغىنىلىرىگە دېگەندىن كېيىن، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ بۇ يەردىنمۇ قېچىپتۇ. ئۇلار قېچىپ كېتىپ بېرىپ ئۆزئارا باشلامچىلىقنى تالىشىپ قاپتۇ، هېچقايسىسى بىر - بىرىگە يول قويماپتۇ. ئۇلار شۇنداق تالاش - تارتىش بىلەن كېتىپ بارغاندا، چوڭ بىر ئۆستەڭگە دۇچ كېلىپ قاپتۇ. تېكە:

— مۇشۇ ئۆستەڭدىن قايسىمىز سەكرەپ ئۆتۈپ كەتسەك شۇ باشلامچى بولسۇن، — دېگەنىكەن، قوچقار بىلەن بۇقا بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. ئالدى بىلەن تېكە بىر سەكرەپلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئىككىنچى قېتىمدا قوچقار سەكرەپ ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپتۇ. ئاخىردا بۇقا يىراقتىن هۆركىرەپ كېلىپ ئۆستەڭنىڭ قىرىغا كەلگەندە موللاق ئېتىپ سۇغا يە-

قىلىپتۇ. ئۇلار تېكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى باشلامچى قىپتۇ. ئۈچ ئاغىنە يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

ئۇلار بىر يەرگە بارغاندا بىر پارچە يولۋاس تېرىسى ئۇچراپتۇ. تېكە: «مۇشۇ تېرە بىزگە لازىم بولۇپ قالىدۇ» دەپ، تېرىنى بوقىغا ئارتىپتۇ. ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىپ بىر ئەسكى كۆزلەككە كەپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە قونماقچى بولۇپ كۆزلەك قورۇسىغا كىرىپتۇ، قورۇغا كىرسە، بەش - ئالتە بۆرە تۇرغۇدەك. بۆرىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ:

— كېلىڭلار، ئاغىنىلەر، بوقا تەپكەك باتۇر ئاخشاملىقىمىز بولار، قوچقار باتۇر چۈشلۈكىمىز بولار، تېكىچەك باتۇر ناشتىلىقىمىز بولار، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قوچقار بىلەن بوقا غەمگە چۆكۈپتۇ. بۇ چاغدا تېكە:

— ھەي بۆرە، ئالتە بۆرىنىڭ تېرىسى بىر جۇۋىغا ياقا بولىدۇ، بىر يولۋاسنىڭ تېرىسى چاپانغا بوي بولىدۇ، — دەپ-تىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزى چەكچىيىپ، ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. بۆرىدىن لەردىن بىرى سىرتقا چىقىپ قارىسا، ئىشىك ئالدىدا يولۋاسنىڭ تېرىسى تۇرغۇدەك، بۇنى كۆرۈپ بۆرىلەر بىر - بىرلەپ قېچىشقا باشلاپتۇ. ئاخىردا سەللە باتۇر دەيدىغان بىرى قاپتۇ. تېكە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى بىرنى ئۈسۈپتۇ، ئارقىدىنلا قوچقارمۇ شوخشۇپ بېرىپ بىرنى ئۈسۈپتۇ، سەللە باتۇر ئاغزى - بۇرنى قان بولۇپ، قېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇ قېچىپ كېتىپ بارسا، تاغدىكى ئەللە باتۇر دەيدىغان بىر بۆرە ئۇچراپ قاپتۇ. ئەللە باتۇر ئۇنىڭدىن:

— ھەي سەللە باتۇر، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. سەللە باتۇر ئۆزىنى توختىتىپ:

— ئۈچ رىزىق ئۇچرىدى، ئۇنى ئەمدى يەيلى دېسەك، تاس قالدى ئۇلار بىزنى يەۋەتكىلى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ

ئەللە باتۇر ئۇنى مازاق قىلىپ:

— يۇرە، مېنى باشلاپ بارغىن، — دەپتۇ. ئۇ ئىككىسى يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ.

ئۈچ ئاغىنە بۆرىلەرنى قاچۇرۇۋەتكەندىن كېيىن: «ئەمدى بىز ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالمىساق، ئۇلار يەنە كېلىدۇ» دەپ، بىر ياققا قاراپ قېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇ قاچقانچە يوغان بىر دەرەخكە ئۇچراپتۇ. ئۇلار شۇ دەرەخنى دالدا قىلماقچى بوپتۇ. تېكە ئالدى بىلەن دەرەخكە چىقىۋاپتۇ، ئارقىدىن قوچقارمۇ چىقىپتۇ. ئىككىسى بۇقىنىمۇ سۆرەپ يۇرۇپ بىر شاخقا چىقىرىپتۇ.

ئۇلار ئەمدى قۇتۇلدۇق دەپ تۇرسا، ئەللە باتۇر بىلەن سەللە باتۇر يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇلار جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ تۇرغاندا، قىبلىدىن بىر شامال چىقىپتۇ. شامالنىڭ كۈچى بىلەن بۇقا چىقىۋالغان شاخ قاراسلاپ سۇنۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، سەللە باتۇر:

— بىر دەرەخ تەڭ كېلەلمەيۋاتقان نەرسىگە سەن بىلەن مەن قانداق تەڭ كېلەلمىز؟ قاچايلى، — دەپتۇ - دە، ئىككىسى قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئاغىنە ئەركىن يايراپ سەيرىنى داۋام قىپتۇ.

# ئۈچ دوست

بۇرۇنقى زاماندا ئۈچ دوست ئۆتۈپتۇ. ئۇلار تۈلكە، تاشپاقا، سالجا ئىكەن، ئۇلار شۇنداق ئىجىل - ئىناق ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا تۇتۇش قىپتۇ. دېھقانچىلىق قىلغان يېرىنىڭ ئۈستى يار، ئاستى چەكسىز كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلىق ئىكەن. بىر كۈنى تۈلكە ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي دوستلار، ئۈستىمىزدىكى يار ئۆرۈلۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. مەن بېرىپ يۆلىۋالاي، بولمىسا، زىرائەتلىرىمىزنى بېسىۋېلىپ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن تۈلكە يار تۈۋىگە بېرىپ سايىدە ئۇخلايدىغان بوپتۇ، سالجا بىلەن تاشپاقا بولسا، ھېرىپ - ئېچىپ ئىشلەيدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بۇغدايمۇ پىشىپ قاپتۇ. سالجا بىلەن تاشپاقا بۇغداينى ئورۇپ، تېپىپ، چەش قىلىپ تەييار قىلغاندا، تۈلكە يېتىپ كەپتۇ - دە:

— ۋاي دوستلار، ئاشلىقىمىز تەييار بولدى. ئەمدى بۇنى قانداق بۆلۈشىمىز؟ — دەپتۇ. سالجا بىلەن تاشپاقا:

— سىز ھەممىدىن چوڭ بولغاندىكىن، ئاقىلانە بىر مەسلىھەت كۆرسىتىڭ، — دەپتۇ. تۈلكە:

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ مەسلىھەتىم مۇنداق: بىز ئىك-
كى چاقىرىم يىراقلىقتا بېرىپ خامانغا يۇگۇرۇپ كېلىمىز.
كىم خامانغا بۇرۇن يېتىپ كەلسە شۇ ئەڭ كۆپ ئالىدۇ،
ئىككىنچى بولۇپ كەلگىنى ئۇنىڭدىن ئاز ئالسۇن، ئاخىردا
كەلگىنى ئەڭ ئاز ئالسۇن. مۇشۇنداق بۆلۇشسەك، قانداق؟ —
دەپتۇ. بۇنىڭغا سالجا بىلەن تاشپاقىمۇ قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار خاماندىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا بېرىپتۇ ۋە
«بىر»، «ئىككى» دېگەن بۇيرۇق بىلەن تەڭ يۇگۇرۇپتۇ. بۇيرۇق
بېرىلىشى بىلەن سالجا تۈلكىنىڭ پۇتىغا چاپلىشىۋاپتۇ. تۈلكە
ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي خامانغا قاراپ چېپىپتۇ. ئۇ



ھېرىپ - ئېچىپ ئۆلەي دېگەندە خامانغا ئاران يېتىپ كېلىپ، ھەممىدىن بۇرۇن مەن كەلدىم. مەن ھەممىدىن جىق ئالدىغان بولدۇم، دەپ، تازا خۇشال بولۇشىغا، سالجا تۇلكىنىڭ پۇتىدىن ئاستا چوشۇۋېلىپ:

— ۋاي ئاداش، مېنى دەسسىۋەتمىگىن، — دەپتۇ. تۇلكىنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن ھالدا:

— سەن قاچان كەلدىڭ؟ — دەپتۇ. سالجا:

— مەن «بىر»، «ئىككى» دېگەن بۇيرۇق بېرىلگەن ھامانلا خامانغا قاراپ ئۇچقاندەك چاپقاندىم، سەندىن بۇرۇن يېتىپ كەپتىمەن ! — دەپتۇ.

سالجا بىلەن تۇلكە ئىككىسى تاشپاقىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. تاشپاقا يېرىم يولغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئاغزىغا ئۆزى ئۇرۇپ قانىتىپ خامانغا يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن سالجا بىلەن تۇلكە:

— ۋاي ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ۋاي قويساڭلارچۇ، نېمىسىنى ئېيتاي، يولدا بىر توپ ئوۋچىلار تايغانلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىۋېتىپتىكەن، مېنى تۇتۇۋېلىپ: «مۇشۇ ياققا ھېلىلا بىر تۇلكە ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىۋىدى، كۆردۈڭمۇ، يوق؟» دەپ سورىدى. مەن: «كۆرمىدىم» دېدىم. ئۇلار گېپىمگە ئىشەنمەي، مېنى راسا ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئامالسىز: «مۇشۇ ياققا كەتتى» دېۋىدىم، ئۇلار مۇشۇ ياققا كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تۇلكىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ - دە: «مېنى كۆرمىدىم دەڭلار، مەن جېنىمنى قۇتقۇزاي» دەپ خاماندىن بەدەر قېچىپتۇ. تەييار بولغان ئاشلىق سالجا بىلەن تاشپاقىغا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى ئۆزلىرى يەپتۇ.

# كەكلىكلەر

بىر بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا ئاق تاغنىڭ ئال-دىدا، قارا تاغنىڭ كەينىدە بىر توپ كەكلىك بەك ئىناق يا-شايدىكەن، ئۇلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ قېرى باشلىقىنىڭ مەس-لىھەتى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىكەن.

كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلاردىن ئايلار ئۆتۈپ، بىر كۈنى قېرى باشلىق ھەممە كەكلىكلەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىد-غىپتۇ ۋە ئۇلارغا ۋەسىيەت قىلىپ:

— باللىرىم، بىز بەك ياخشى ياشاپ كەلگەنىدۇق، بىر-بىرىمىزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش ئېلىپ بارغانىدۇق. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىزنىڭ ئارىمىزدا تا مۇشۇ كۈنگىچە يا ئۇرۇش - تالاش، يا رەنجۇ ئاداۋەت كۆرۈلمىدى. مېنىڭ بول-سا، ئىككى پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، مۇبادا ئۆلۈپ - تارتىپ كەتسەممۇ، ئاز - تولا پايدىسى بولۇپ قالار، سىلەرگە كىچىك-كىنە ۋەسىيىتىمنى ئېيتىپ قوياي. بىرىنچى ۋەسىيىتىم، دائىم مۇشۇنداق ياشاڭلار، ئۇرۇشماڭلار، سوقۇشماڭلار، باشلى-قىڭلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىڭلار؛ ئىككىن-چى ۋەسىيىتىم، ھېچقاچان توپتىن ئايرىلماڭلار، يالغۇز ياشى-ماڭلار؛ ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىم، مۇشۇ كۆرۈنگەن قارا تاغ-نىڭ ئارقىسىغا ئۆتمەڭلار، ئەگەر بەك ئۆتكۈڭلار كېلىپ كەت-

سە، ھەممىڭلار بىللە ئۆتۈڭلار، — دەپتۇ. قىرى باشلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان كەكلىكلەر:
— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاتا، دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرىمىز — دەپتۇ.
ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قىرى كەكلىك ئۆلۈپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى باشلىقىنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى كۈن كەچۈرۈپتۇ. بىر كۈنى چۈش-لەر بىلەن ئوزۇقلۇق ئىزدىگىلى چىققان كەكلىكلەر ئوۋدىن قايتىۋاتقاندا، ئارىسىدىن بىرى ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى شۇنىلا ئويلايدىكەن: نېمە ئۈچۈن ئاتىمىز بىزنى بۇ تاغنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتمەڭلار، دېدى؟ مۇشۇنىڭدا بىر گەپ بار. «كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دەپتىكەن، تەۋەككۇل قىلىپ بىر ئۆتۈپ باقمايمۇ. ئۇ ئارزۇسىغا بوگۇن راسا ئوبدان بىر پەيت تۇغۇلغىنى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي قارا تاغقا قاراپ ئۇ-چۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ... ئاز ئۇچۇپتۇ، كۆپ ئۇچۇپتۇ، ئاخىر قارا تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ، شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ھەممە ياق ياپيېشىل، سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان. شۇ چاغدا كەكلىك: «ھە، ئاتىمىز بىزدىن بۇ يەرلەرنى قىزغىنىپ، شۇ قىزىل تاشلىق گىياھسىز تاغدىلا ئۆلۈپ كەتسۇن، دەپ ئويلاپتىكەن - دە» دەپ، ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنداق ئۇچۇپ كېتىپ بارسا، بىر يەردە بىر ئوچۇم قوناق چېچىلىپ تۇرغان. كەكلىك بۇنى كۆرۈپ نەپسى تاقىلداپ شۇ قوناققا قاراپ ئۆزىنى ئېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇگدەپ قالغان ئوۋچىنىڭ قولىدىكى يىپ سىلكىنىپتۇ، شۇنداق بېشىنى كۆتۈرسە، بىر كەكلىك قىلتاقتىكى قوناقنى يەۋاتقان، ئوۋچى دەررۇ يىپنى تارتقانىكەن، كەكلىكنىڭ ئىك-

كىلا پۇتى قىلتاققا چۈشۈپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى تاغدىكى كەكلىكلەر چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ بىر - بىرىنى ساناشقا كىرىشىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا، ئارىدىن بىر كەكلىك يوق، ئاخىر ئۇلار شۇ كەكلىكنى ئىزدەش ئۈچۈن يەنە بىر كەكلىكنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇمۇ خۇددى بۇرۇنقى كەكلىك ئۇچقان يوللاردىن ئۇچۇپ كېلىۋېتىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى كەكلىك پوكۇنىنى يەرگە يېقىپ ياتقۇدەك، ئالدىدا قوناقلار چېچىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، ئىزدەشكە كەلگەن كەكلىك، ھە، بۇ تويغۇچە يەۋېلىپ ئۇچالماي قاپتۇ - دە، دەپ، كەكلىكنىڭ قېشىغا چۈشۈپ، تىنچلىقمۇ سوراشماي، چېچىلىپ كەتكەن قوناقلارنى تېرىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوۋچى، ھە، يەنە بىرىنى تۇتتۇم، دەپ خۇشال بولۇپ، قىلتاقنى بىر تارتىپتىكەن، ئۇ-نىڭ پۇتىمۇ قىلتاققا چۈشۈپتۇ... ئوۋچى، ئىككىنى بەرگەن خۇدا ئۈچىنىمۇ بېرەر، دەپ، يېپىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ... بۇ ئىككى كەكلىك ئۆزىنى ئۇياققا ئۇرۇپ، بۇياققا تاشلاپ بېقىپ-تۇ، ھېچ قىلتاقتىن قۇتۇلالماپتۇ. كۈن ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئىككىلا كەكلىكتىن خەۋەر ئالالمىغان كەكلىكلەر ئاخىر ئۇلارنى تېپىش كويىغا چۈشۈپتۇ ۋە ھەممىسى قېرى



ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى يادىغا كەلتۈرۈپ، بىرلىكتە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلار ئۇچۇپ كېتىپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىككىلا كەكلىك دانلاپ تۇرغان... بىر ئاز پەسلەپ يەنە بىر سىنچىلاپ قاراپتىكەن، ئۇلارنىڭ پۇتىدىكى قىلتاقلار ئۇچۇقلا كۆرۈنۈپتۇ. بۇ بىر توپ كەكلىكلەرنى كۆرۈپ ئۇۋچىمۇ قىن - قىنىغا پاتماي، يۈرەكلىرى دۈكۈلدەپ كېتىپتۇ. قېرى باشلىقى شۇ چاغدا:

— بۇلار قىلتاققا چۈشۈپ قاپتۇ. ھەممىمىز بىر يولىلا ئۆزىمىزنى قىلتاققا ئاتايلى - دە، ئۇلارنى قىلتاقلىرى بىلەن كۆتۈرۈپ چىقايلى، — دەپتۇ.

دېگەندەك ھەممىسى گۇرۇلدەپ كېلىپ قىلتاققا ئۆزلىرىنى ئۇرۇپتۇ، قىلتاقنى كەكلىكلەر بىلەن بىللىلا چىشلىرىدا چىشلەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇلارنى كۆرگەن ئۇۋچىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ. بىرھازادىن كېيىن كەكلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ماكانلىرىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىدىكى يىپلارنى چىشلىرى بىلەن قىيىپ ئۈزۈپتۇ ۋە قالغان ئۆمرىنى ھەممىسى بىللە ئىناق ئۆتكۈزۈپتۇ.

# شاھ بىلەن شاتۇتى

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە نامان ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بەش ۋەزىر، نۇرغۇن لاۋۇلەشكەر، يۈزدىن ئارتۇق قاۋۇل سەركەردە ھەم پادىشاھ ئوردىسى ئىچىدە خەۋپ - خەتەر، بەخت - سائادەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدىغان، پادىشاھ ھەر قانداق نەرسىدىن ئەزىز كۆرىدىغان دانا بىر شاتۇتى بار ئىكەن، شۇڭا شاھ سەلتەنەتلىك تەختىدە خاتىرجەم ئولتۇرىدىكەن.

بىر كۈنى شاتۇتى شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، شاھتىن مۇنۇلارنى ئىلتىماس قىپتۇ:

— ئى ھۆرمەتلىك شاھ، ماڭا قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت بەرسىلە. مەن ئاتا - ئانامدىن، قان قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولغىلى ئون ئىككى يىل بوپتۇ، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىۋالسام !

شاھ ساراسىمىگە چۈشۈپ:

— ئەي ئەزىز شاتۇتى، ساڭا رۇخسەت بەرسەم سەن كەلمەيسەن، شۇڭا بارمىساڭ، — دەپتۇ. شاتۇتى شاھقا يالۋۇرۇپ:

— بىزنىڭ نەسلىمىز ئەزەلدىن ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، يالغان سۆزلىمەيدۇ، مەنمۇ ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيمەن، قايتىپ كەلمەسلىككە ھەددىم ئەمەس، — دەپتۇ. شاھ ئىلاج-

سىز شاتۇتىغا قىرىق كۈنلۈك رۇخسەت بېرىپتۇ.

شاتۇتى شاھنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن يولغا راۋان بولۇپ، ئاچلىق، تەشنالىق، ھارغىنلىققا بەرداشلىق بېرىپ، كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ تاغ - ئېدىرلارنى، چۆل - جەزىرىلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۆز يۇرتىغا بېرىپتۇ، باشقا شاتۇتىلار بىلەن دىدارلاشقاندىن كېيىن مەلۇم بوپتۇكى، ئۇنىڭ ئانىسى قازا تاپقانغا يەتتە يىل، ئاتىسى قازا تاپقانغا تۆت يىل بوپتۇ. شاتۇتىلار:

— ئەگەر سەككىز كۈن بۇرۇن كەلگەن بولساڭمۇ، ئاكاڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالغان بولاتتىڭ، ئاكاڭمۇ ئۇزۇن مۇددەت ئاغرىپ سەككىز كۈن ئىلگىرىلا قازا قىلدى، — دەپتۇ.

شاتۇتىنىڭ قايتىش ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. بىچارە شاتۇتى ئانا ماكانىنى قانغۇدەك ئايلىنىپ بولالماپتۇ، بىراق ۋەدىگە ۋاپا قىلىش لازىم ئىكەن. مۇساپىر دوستىنىڭ دەردىنى چۈشەنگەن باشقا شاتۇتىلار:

— سەن يەنە قايتماقچى بولۇۋاتىسەن. بىزنىڭ ساڭا سوۋغات قىلغۇدەك، پادىشاھنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈدەك چوڭ سوۋغىتىمىز يوق، شۇنداقتىمۇ بىر تال ئۇرۇق سوۋغات قىلايلى. بۇ ئۇرۇقنى تېرىپ ئۇندۇرۇپ، ئۆستۇرۇپ مېۋىلەتكەندىن كېيىن مېۋىسىنى يېگەن ئادەم قېرىمايدۇ، قېرى بولسا، ياشلىققا ياندۇ، — دەپ ئۇرۇقنى شاتۇتىغا بېرىپتۇ.

شاتۇتى بۇ خىسلەتلىك ئۇرۇقنى چىشلەپ، بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلىشىپ نامان شاھنىڭ دەرگاھىغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇ مەنزىللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، مىڭ بىر رەنج - مۇشەققەتلەرگە چىداپ، ئاخىر شاھ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. شاھ دانا شاتۇتىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، ئوردىدا ئون كۈن بەزمە - زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. شاتۇتى شاھ ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن

خاسيەتلىك مېۋە ئۇرۇقىنى شاھقا تەقدىم قىپتۇ. شاھ:

— ئى دانا شاتۇتى، بۇ ئۇرۇقنىڭ خاسىيىتى نېمە؟ — دەپ سورىغانىكەن، شاتۇتى ئۇرۇقنىڭ خىسلەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى، ياشىرىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم، مۇرادىم ھاسىل بولىدىغان بوپتۇ، — دەپ تېخىمۇ خۇشال بوپتۇ. نامان شاھ ئۆزىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنى چاقىرىپ:

— بۇ ئۇرۇقنى مۇنبەت يەرگە تىكىپ، سۇغىرىپ، ئۆستۈرۈڭ، مېۋىسى پىشقاندا ئالدىمغا ئەكېلىڭ، ئۇنىڭسىز ئالدىمغا كەلمەڭ، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ۋەزىر پەرمان بويىچە ئوردىدىن چىقىپ تەجرىبىلىك باغۋەندىن بىرنى تېپىپ، مەسلىھەت بىلەن ياخشى يەرنى تاللاپ، ھېلىقى ئۇرۇقنى تېرىپ ئۇندۇرۇپتۇ.

كۆچەت بەش يىللىق پەرۋىشتىن كېيىن چېچەكلەپ مېۋە بېرىپتۇ. لېكىن، شۇ كۆچەت تىكىلگەن جاينىڭ يېنىدىكى كونا تاملىقتا بىر يىلان ياشايدىكەن، يىلان ۋەزىرنىڭ گەپ - سۆزىدىن بۇ كۆچەتنىڭ مېۋىسىنىڭ ئادەمنى ياشارتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغانىكەن، شۇڭا ئۇ يىلان كاماردىن بېشىنى چىقىرىپ دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ۋەزىرمۇ تەقەززالىق بىلەن مېۋىنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپتۇ. ئاخىر مېۋە پىشىشقا باشلاپتۇ. پەيت كۈتۈۋاتقان ھېلىقى يىلان ھەر كۈنى كېچىسى ئۆۋىسىدىن سويلاپ چىقىپ دەرەخكە يامىشىپ، قايسى مېۋە پىشقان بولسا، شۇ مېۋىگە زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىپ، مېۋە شىرنىسىنى شورىۋاپتۇ. بۇنى ۋەزىر سەزمەپتۇ.

بىر كۈنى ۋەزىر پىشقان مېۋىلەرنى ئالتۇن لېگەنگە ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھ:



— بۇ خىسلەتلىك مې-
ۋىنى ئالدى بىلەن دادامنىڭ
تامىقىنى ئېتىدىغان ئاشپەز
ئۇستامغا بېرەي، ئۇنىڭدىن
كېيىن مەن يەي، — دەپ،
دەرھال ئاشپەزنى چاقىرىپ-
تۇ. پادىشاھ ئاشپەزگە:

— ئۆزلىرى نەچچە
يىلدىن بېرى خىزمىتىمدە
بولۇپ قېرىپ قالدىلا، بۇ
مېۋە دانا شاتۇتىنىڭ ئالا-
ھىدە سوۋغىتى. بۇ مېۋىنى
كىم يېسە ياشىرىدۇ، شۇڭا ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى ئېغىز
تەگسۇن دەپ چاقىرغانىدىم، يەپ كۆرسىلە، — دەپتۇ. ئاشپەز
ئالەمچە خۇشاللىق بىلەن مېۋىدىن بىرنى ئېلىپ شۇنداق يې-
گەنىكەن، جايىدىلا يىقىلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. پادىشاھ غەزەپلى-
نىپ:

— بۇ ئەبلەخ شاتۇتى مېنى قەستلىگەنىكەن، ھالاك بول-
غىلى تاس قاپتىمەن. جاللات، بۇ شاتۇتىنى ئۆلتۈرۈڭلار! —
دەپ پەرمان قىپتۇ. شاتۇتى بولسا، دەرھال ئۇچۇپ كۆكتە
ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن:

— ئەي يېنىك پىكىرلىك شاھىم، مەن سىزگە يامانلىق
ئويلىغان ئەمەس. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى سىر ئېچىلى-
دۇ. ھازىرچە بىز خوشلىشايلى، — دەپتۇ - دە، ئۇچۇپ كې-
تىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق ئىچىدە: «پادىشاھنىڭ بېغىدا ئادەم
يېسە ئۆلىدىغان مېۋە بار ئىكەن» دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاتۇتىدىن ئاڭلايمىز:

شاتۇتى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ ئۆز يۇرتىغا بې-رىپ، ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرىگە خاسىيەتلىك ئۇرۇقتىن ئەجەل مېۋىسى پىشقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. دانا شاتۇتىلار تەئەج-جۇپ بىلەن ھەر خىل پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ: «ياخشىسى كېلەر يىلى مېۋە پىشىشتىن ئىلگىرى سەن شاھ-نىڭ بېغىغا بېرىپ كېچە - كۈندۈز يوشۇرۇنۇپ مېۋىنى كۆ-زەتكىن» دېيىشىپتۇ. شاتۇتى ياخشى مەسلىھەتلەر بويىچە قاي-تىپ، ھېلىقى خاسىيەتلىك مېۋىنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ ۋە مېۋە پىشقاندا كېچىسى يىلان چىقىپ مېۋىنىڭ شىرنىسىنى شورايدىغانلىقىنى سېزىپتۇ - دە، يەنە قايتىپ ئەھۋالنى باشقا شاتۇتىلارغا ئېيتىپتۇ. شاتۇتىلار ئۇنىڭغا ھەر خىل مەسلىھەت-لەرنى بېرىپتۇ.

ئەمدىكى گەپنى مۇشۇ شەھەردىكى داڭق چىقارغان قى-مارۋازدىن ئاڭلايلى:

بۇ شەھەردە بىر قېرى قىمارۋاز بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ قېرى قىمارۋاز ئۆزىنىڭ بارلىق مال - دۇنيالىرىنى ئۇت-تۇرۇپ بولۇپ، باشقا قىمارۋازلاردىن پۇل ئۆتنە ئېلىپ يەنە قىمار ئويناپتۇ، ئۇنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەپتۇ. قىمارۋازلار:

— پۇلىمىزنى ھازىر بەر، بولمىسا، جېنىڭنى ئالى-مىز، — دەپتۇ. ئامالسىز قالغان قىمارۋاز ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاپ، باشقىلارغا:

— مەن پادىشاھنىڭ بېغىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ تۈۋد-گە بىرئاز پۇل كۆمۈپ قويغان، شۇ يەردىكى پۇلۇمنى ئېلىپ بېرەي، بىللە بارايلى، — دەپتۇ. باشقا قىمارۋازلارمۇ ماقۇل بولۇشۇپ، ھېلىقى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىشىپتۇ. قەرزدار قى-

ـمارۋاز بولسا، ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدە ھېلىقى دەرەخنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ. پايلاپ تۇرغان شاتۇتى دەرەخنىڭ ئېگىز شېخىدىكى يىلان يېقىن كەلمىگەن بىر تال مېۋىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. قىمارۋاز ئالدىغا چۈشكەن مېۋىنى ئېلىپ يېگەنـدە ـكەن، ئۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ياش يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇنى سەزمىگەن قىمارۋازلار:

— ھەي، ھېلىقى بىزگە قەرزدار قېرى قېنى؟ يوقاپ كەتتىمۇ، — دېيىشىپتۇ. قەرزدار قىمارۋاز:

— ھەي، كىمنى ئىزدەيسىلەر؟ مانا مەن يېنىڭلاردا تۇردـ ـمەنغۇ ! — دەپتۇ. باشقىلار:

— ماڭ، بىز سېنى نېمە قىلىمىز؟ ! بىز قەرزدار قېردـ ـنى ئىزدەيمىز، — دەپتۇ. قېرى قىمارۋاز بولسا:

— ۋاي ئاغىنىلەر، قەرزدار قېرى قىمارۋاز مەن بولدـ ـمەن. مەن ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدە بۇ يەرگە كېلىپ ئەجەل دەـ رىخىنىڭ مېۋىسىنى يېگەنىدىم، ئۆلمەي، ئەكسىچە ياشىرىپ قالدىم، — دەپتۇ. باشقا قىمارۋازلار:

— سەن قەرزنى بېرىشتىن قېچىپ ئۆزگىرىۋاپسەن، پاـ دىشاھنىڭ ئالدىغا بارىمىز، — دەپ جېدەل - غوۋغا بىلەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىشىپتۇ.

پادىشاھ غوۋغاچىلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەرزدار قىمارۋازدىن سوراپتۇ:

— سەن قانداق قىلىپ ياش بولۇۋالدىڭ؟

— مەن، — دەپتۇ قېرى قىمارۋاز، — قىمار ئويناپ قەرزدار بولۇپ قالغانىدىم، بۇلار قىستاپ تۇرۇۋالدى، قەرزىمـ ـنى تۆلىيەلمىگەچكە ئۆلۈپ قۇتۇلاي، دەپ، ئەجەل مېۋىسىنى يېگەنىدىم، مۇشۇنداق ياشىرىپ قالدىم.

پادىشاھ ھەيرانۇ ھەس قېلىپ، ياساۋۇللاردىن بىرىنى چاقدـ

رىپ ھېلىقى مېۋىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مۇشۇ ۋەقەلەر بولۇۋاتقاندا، شاتۇتى يىلان شىرىنىسىنى شورىۋالغان مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈزۈپ ئادەم بارمايدىغان يىراق يەرگە تاشلىۋېتىپ ئۆلگۈرۈپتۇ. بىردەمدىلا مېۋە كەلتۈرۈلۈپتۇ.

ۋەزىرلەر ئارىسىدا قېرى بىر ۋەزىر بار ئىكەن، پادىشاھ ئاشۇ قېرى ۋەزىرنى ھېلىقى مېۋىنى يېيىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر مېۋىدىن بىر تال ئېلىپ يېگەنىكەن، دەرھال ياش يىگىتكە ئايلىنىپتۇ، ئاندىن پادىشاھمۇ يەپ ياشلىقىغا يېنىپتۇ. پادىشاھ بۇ قەرزدار قىمارۋازنىڭ قەرزىنى تۆلەپ بېرىپتۇ ھەمدە ھەر بىر قىمارۋازغا ئۆمۈر بويى يەتكۈدەك ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئىنئام قىپتۇ.

بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان شاتۇتى شاھ ئوردىسىغا كىرىپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن، شاھقا قاراپ:

— ئى پادىشاھىئالەم، مەندىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ، مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغانىدىلە، ئەمدى مەن سوۋغات قىلغان ئۇرۇقنىڭ مېۋىسىنى يەپ ياشىرىپ قالدىلا. «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرۇپتۇ» دېگەن گەپ راست ئىكەن. ھېلىھەم بولسا، قېرى ئاشپەزنىڭ ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغان يىلاننى كونا تاملىقتىن تېپىپ ئۆلتۈرمىسىلە، يىللارنىڭ بىرىدە يەنە بىركىم غەزەپلىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەمدى مېنى ئۆلتۈرسىلىمۇ مەيلى، — دەپتۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

شاھ شاتۇتىدىن ئەپۇ سوراپتۇ ۋە ئوردىدا قېلىپ، دانا مەسلىھەتلىرىنى بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما، شاتۇتى قانات قاققىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بولسا، شاتۇتىنى ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئۆلۈمگە بۇيرۇپ قويغىنىغا ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ كۆپ قايغۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقىللار: «پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇرغانىكەن.

# تۈلكىنىڭ ئۆلۈمى

ئۆتكەن زاماندا مۇنداق بىر ۋەقە بولغانىكەن: بىر چاشقان ئۇۋىسىدىن چىقىپ، خېلى ئۇزاق بىر جايغا بېرىپ ئەتراپىنى سەيلە قىلىپ يۈرسە، تۇساتتىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، مۆلدۈر يېغىپ كېتىپتۇ. چاشقانغا ئالەم ـ مالەم بولغاندەك بىلىنىپتۇ ـ دە، ئۇۋىسىغا قاراپ بەدەر قېچىپتۇ. چاشقان كېلىۋېتىپ مۈشۈككە يولۇقۇپ قاپتۇ. مۈشۈك چاشقاننىڭ ھالىغا يەتمەك بولۇپ سوراپتۇ:

— ۋاي ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟

— يېغى كەلدى، يېغى كەلدى، تىرىك ئۆلەر چېغى كەلدى. ئاتقان ئوقى گۈمبىرەك، تەگكەن يېرى دۈپدۈگىلەك، قېچىڭ، قېچىڭلار، — دەپتۇ چاشقان. مۈشۈك شۇ ھامان چاشقانغا قوشۇلۇپ قېچىپتۇ. چاشقان بىلەن مۈشۈك قېچىپ بىر يەرگە كەلگەندە ئىتقا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئىت سوراپتۇ:

— ۋاي مۈشۈك ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟

— چاشقان ئاداشتىن سورا.

— چاشقان ئاداش، ساڭا نېمە بولدى؟

— يېغى كەلدى، يېغى كەلدى، تىرىك ئۆلەر چېغى كەلدى. ئاتقان ئوقى گۈمبىرەك، تەگكەن يېرى دۈپدۈگىلەك، قېچىڭ، قېچىڭلار، — دەپتۇ چاشقان. ئىتمۇ دەرھال

چاشقان بىلەن مۈشۈككە قوشۇلۇپ قېچىپتۇ. چاشقان، مۈشۈك، ئىت كۆپ ماڭمايلا تۈلكىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. تۈلكە سوراپتۇ:

— ۋاي ئىت ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— مۈشۈك ئاداشتىن سورا.
— مۈشۈك ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— چاشقان ئاداشتىن سورا.
— چاشقان ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— يېغى كەلدى، يېغى كەلدى، تىرىك ئۆلەر چېغى كەلدى. ئاتقان ئوقى گۈمبىرەك، تەگكەن يېرى دۈپدۈگىلەك، قېچىڭلار، قېچىڭلار! — دەپتۇ چاشقان. تۈلكە ئۇن چىقارماي چاشقان، مۈشۈك، ئىتقا ئەگىشىپ قېچىپتۇ. ئۇلار ئازمۇ ماڭماي، كۆپمۇ ماڭماي بۆرىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. بۆرە سوراپتۇ:

— تۈلكە ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— ئىت ئاداشتىن سورا.
— ئىت ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— مۈشۈك ئاداشتىن سورا.
— مۈشۈك ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— چاشقان ئاداشتىن سورا.
— چاشقان ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— يېغى كەلدى، يېغى كەلدى، تىرىك ئۆلەر چېغى كەلدى. ئاتقان ئوقى گۈمبىرەك، تەگكەن يېرى دۈپدۈگىلەك، قېچىڭلار، قېچىڭلار! — دەپتۇ چاشقان. بۆرە چاشقان، مۈشۈك، ئىت، تۈلكىلەرگە قوشۇلۇپ قېچىپتۇ. ئۇلار ئالدى - كەينىگە قارىماي كېتىۋېتىپ، ئېيىق باتۇرغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئېيىق بىر - بىرىگە ئۆچ نېمىلەرنىڭ جەم بولۇپ قالغانلىقىغا

ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:
— بۆرە ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— تۈلكە ئاداشتىن سورا.
— تۈلكە ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— ئىت ئاداشتىن سورا.
— ئىت ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— مۈشۈك ئاداشتىن سورا.
— مۈشۈك ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— چاشقان ئاداشتىن سورا.
— چاشقان ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟

— يېغى كەلدى، يېغى كەلدى، تىرىك ئۆلەر چېغى كەلدى. ئاتقان ئوقى گۈمبىرەك، تەگكەن يېرى دۈپدۈگىلەك، قېچىۋەرگىن، قېچىۋەرگىن ! — دەپتۇ چاشقان. ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئېيىق يېغىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، چاشقان، مۈشۈك، تۈلكە، بۆرىلەرگە قوشۇلۇپ قېچىپتۇ. ئۇلار ئانچە ماڭمايلا يولۋاسقا يولۇقۇپ قاپتۇ. يولۋاس سوراپتۇ:

— ئېيىق ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— بۆرە ئاداشتىن سورا.
— بۆرە ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— تۈلكە ئاداشتىن سورا.
— تۈلكە ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— ئىت ئاداشتىن سورا.
— ئىت ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— مۈشۈك ئاداشتىن سورا.
— مۈشۈك ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟
— چاشقان ئاداشتىن سورا.
— چاشقان ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟

— يېغى كەلدى، يېغى كەلدى، تىرىك ئۆلەر چېغى كەل-
دى. ئاتقان ئوقى گۈمبىرەك، تەگكەن يېرى دۈپدۈگىلەك، قې-
چىۋەرگىن، قېچىۋەرگىن ! — دەپتۇ چاشقان. ھېچنېمىدىن
قورقمايدىغان يولۋاسمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ قېچىپتۇ. «بىر قې-
تىم يىلاندىن قورققان كۆلىدىنمۇ قورقىدۇ» دېگەندەك، كۆن
ئېچىلىپ، مۆلدۈر توختاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئارقىسىغا
قارىماي قېچىپتۇ، دەريا كەلسە كېچىپتۇ، تاغ كەلسە ئېشىپ-
تۇ، داۋان كەلسە ئاتلاپتۇ، ھېرىپ - ئېچىپ، ھەممىسىنىڭ
يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاي دېگەندە بىر ئۆڭكۈر يولۇقۇپتۇ، ئۆڭكۈر-
نىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئالتىسى بەخۇدۇك سىغقۇدەك كەڭ
ئىكەن، ئۇلار مەسلىھەت بويىچە ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئارام ئاپتۇ.

ئۇلارنىڭ ھاردۇقى بېسىلىپ، يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندىن
كېيىن، قورسىقى ئېچىشقا باشلاپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە
چىشقا باسقۇدەك بىرنېمە يوق ئىكەن. تۈلكە قۇيرۇقىنى چۆ-
رۈپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشۈپ:

— يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز، ئېيىق بىزنىڭ ئانىمىز،
بۆرە بىزنىڭ ئاكىمىز، ئىت بىزنىڭ ئىگىمىز، مۈشۈك بىز-
نىڭ ئىنىمىز، چاشقان بىزنىڭ نېمىمىز؟ ھازىر بېسىپ يەيلى
بىز، — دەپلا، چاشقاننى كاپ قىلىپ چىشلەپ يۇتۇۋاپتۇ. ئا-
رىدىن توپتوغرا يېرىم كۈن ئۆتكەندە، تۈلكە يەنە كۆزلىرىنى
ئوينىتىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

— يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز، ئېيىق بولسا ئانىمىز، بۆرە
بىزنىڭ ئاكىمىز، ئىت بىزنىڭ ئىگىمىز، مۈشۈك بىزنىڭ
نېمىمىز؟ ھازىر بېسىپ يەيلى بىز، — دەپ، مۈشۈكنىمۇ يەپ
قويۇپتۇ، مۈشۈك ئاچ كۆز تۈلكىگە كۈنلۈكمۇ بولماپتۇ. ئۇنىڭ
قورسىقى يەنە ئېچىپتۇ. ئۇ تىلىنى چىقىرىپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

— يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز، ئېيىق بىزنىڭ ئانىمىز،

بۆره بىزنىڭ ئاكىمىز، ئىت بىزنىڭ نىمىمىز؟ هازىر بىسىپ يەيلى بىز، — دەپ، ئىچىرقاپ كەتكەن ئىتقا بىر ئىسلىپ، بوغۇپ ئۇنىمۇ يەپ قويۇپتۇ. يولۋاس، ئىيىق، بۆرىلەرگە بىر چىشلەممۇ بەرىپ قويماپتۇ. ئارىدىن بىر ئاخشام ئۆتكەندىن كىيىن تۈلكىنىڭ قورسىقى يەنە ئىچىپتۇ، ئۇ بىر سەكرەپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزى تەرەپكە ئۆتۇپ:

— يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز، ئىيىق بىزنىڭ ئانىمىز، بۆره بىزنىڭ نىمىمىز؟ هازىر بىسىپ يەيلى بىز، — دەپ بىر سەكرەپ بىرىپ، بۆرىنىڭ كانىيىدىن ئىلىپ بوغۇپتۇ. تۈلكە ئىچىرقاپ كەتكەن ئىيىققا بىر قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ قورسىقىنى بۆرىنىڭ گۆشى بىلەن يىرىلغۇچە تويغۇزۇۋاپتۇ. يولۋاس بىلەن ئىيىقنىڭ قورسىقى ئىچىپ تارتىشىپ كىتىپتۇ. تۈلكە:

— يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز، ئىيىق بىزنىڭ ئانىمىز، ئۆڭكۈر بىزنىڭ ئۆيىمىز، يىغى ئۆتۇپ كەتكۈچە، مىدىرلىماي ياتىمىز، — دەپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىغىزىنى توراپ يىتىپتۇ. يىغمۇ كەلمەپتۇ. يولۋاس بىلەن ئىيىق: «تۈلكە راست ئىيتىدۇ» دەپ ئىشىنىپ مىدىرلىماپتۇ. بىر چاغدا تۈلكىنىڭ قورسقى يەنە ئىچىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ، مۆغەمبەرلىك بىلەن بىر كىرىلىپ قويۇپ:

— يولۋاس بىزنىڭ ئاتىمىز، ئىيىق بىزنىڭ نىمىمىز؟ مىدىر قىلماي تۇرسۇن ئۇ، هازىر بىسىپ يەيلى بىز، — دەپ، ئىيىقنى بىسۋاپتۇ. ئاچ قورساق ئىيىق مىدىر قىلالماپتۇ. تۈلكە ئۆزىنىڭ هۈنىرىنى ئىشلىتىپ يۇرۇپ، ئىيىقنىمۇ ئۆلتۇرۇپ يەپ تۈگىتىپتۇ. ئۆڭكۈردە يولۋاس بىلەن تۈلكىلا قاپتۇ. نۆۋەتنىڭ ئۆزىگە كىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالغان يولۋاس تۈلكىنى گەۋدىسى بىلەن بىر ئۇرۇپ يىقىد-

تىپلا، ئۆڭكۈردىن چىقىپ قېچىپتۇ. تۈلكە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يولۋاسنى قوغلاپتۇ. تۈلكە يولۋاسنى قوغلاپ كۆپ ئۆت-مەيلا، يول بويىغا قويۇپ قويۇلغان قاپقانغا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. يولۋاس شۇ قاچقىنىچە بىر قېلىن جاڭگاللىق ئىچىگە كىرىپ، خۇداغا شۈكۈر قىپتۇ.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغانلار: «كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماپتۇ، دېگەن راست ئىكەن» دېيىشىپتۇ.



# بۆرە، تۈلكە ۋە ئېشەك

بىر كۈنى جاھىل بۆرە، قۇۋ تۈلكە ۋە ئەخمەق ئېشەك ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىپتۇ. دەسلەپتە سۆزنى بۆرە ئاپتۇ. ئۇ سۆھبەتداشلىرىدىن ئۆز جىنايىتى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغان ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بىر كۈنى ناھايىتى غىزەپلىنىپ يوغان ھەم سېمىز بىر چوشقىنى يەۋەتتىم، لېكىن مەن كېيىنرەك توغرا ئىش قىلمىغانلىقىمنى بىلدىم، چۈنكى ئۇ ئون ئىككى بالىسىنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئۆزى جاڭگالغا ئوزۇق ئىزدەپ چىققانىكەن. ئانىسىنى يەۋېتىپ بولۇپ قايتىشىمغا، بالىلىرى چىرقىرىشىپ ئالدىمغا چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ ئانىسىغا بالىلىرىنى يالغۇز قالدۇرۇپ جاڭگالغا كەتكىنى ئۈچۈن ناھايىتى نەپرەتلەندىم، بالىلىرىغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. شۇڭلاشقا، ئانىسى قىلغان پەسلىكنى مەن قىلمىدىم، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ يالغۇز قالدۇرماي بىر - بىرلەپ يەۋەتتىم.

— ۋاي، سىز ناھايىتى توغرا ئىش قىپسىز، — دەپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ قۇۋ تۈلكە، — بالىلىرىنى يالغۇز قالدۇرۇپ جاڭگالغا كىرگەن چوشقىنىڭ جازاسىنى تازىمۇ بېرىپسىز. ئەگەر سىز ياخشىلىق قىلىپ چوشقىنىڭ بالىلىرىنى يەۋەتمىگەن بولسىڭىز، بىچارە نارەسىدىلەر ئانىسىز قانداقمۇ

ياشار ئىدى؟ بۇ ئىشىڭىز ھېچقانداق جىنايەتكە ياتمايدۇ.

ئەمدى تۈلكە سۆز باشلاپتۇ:

— مەنمۇ ئۆز ئەيىبىمنى ئېيتاي، دوستلار، لېكىن ئۇ جىنايەتكە ياتامدۇ، ياتمامدۇ، ئۆزۈڭلار باھا بېرەرسىلەر. مەن بىر كۈنى بىر خورازنىڭ بېشىنى يۇلۇپ تاشلىدىم، لېكىن ئۇنىڭغا خورازنىڭ ئۆزى سەۋەبچى. تاڭ سەھەردە قاتتىق قىچ-



قىرىپ ھەممىمىزنى ئويغىتىۋەتتى. مەن سىزگە ئوخشاش جاڭگالنىڭ ھۆرمەتلىك ھايۋانلىرىنىڭ ئۇيقۇسى بۇزۇلمىسۇن دەپ، ئىشنىڭ ئالدىنى ئالدىم. يەرگە يورۇق چۈشكەندە بېشى كېسىلگەن خورازنى كۆرگەن مېكىيانلار قاقاقلاپ قۇلاق ـ مېڭەمنى يەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈنىنى ئۆچۈردۈم. ئۇلارمۇ ئەل-ۋەتتە ئۆزلىرى ئەيىبلىك.

— سەن توغرا ئىش قىلىپ ئۆگەنگەنىكەنسەن، سېنىڭ ھەممىمىزنىڭ غېمىنى يېگىنىڭنىڭ ئۆزى بىر ياخشى ئىش. ئۆزلىرىنىڭ ئەيىبى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن خوراز ـ مېكىيانلار ئۈچۈن ھېچكىم سېنى جىنايەت سادىر قىلدى، دەپ ئېيتال-مايدۇ، — دەپتۇ بۆرە تۈلكىنىڭ دۈمبىسىنى قېقىپ.

ئەمدى نۆۋەت ئېشەككە كەپتۇ:

— مەن بىر جىنايىتىم ئۈچۈن تا بۈگۈنگىچە ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەي يۈرىمەن. قورسىقىم ناھايىتى ئاچ بىر كۈنى خوجايىنىمنىڭ رۇخسىتىسىز باغلاقلىق تۇرغان چۆپتىن بىر تۇتام يەۋەتكەنىدىم، — دەپتۇ مۆڭگۈلانغان ئېشەك بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ.

— ئاھ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ بۆرە، — سەن ناھايىتى ئىنساپسىز ئىكەنسەن، ئۆزۈڭنىڭ خوجايىنىڭغا خىيانەت قىل-لىشقا قانداقمۇ پېتىندىڭ؟!

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، — بۆرىگە قوشۇلۇپتۇ تۈلكە، — مەن بۇنىڭغا ئوخشاش خىيانەتچىنى ھېچقاچان كۆرمىگەن. بۇ جىنايىتىڭنى بىز كەچۈرەلمەيمىز.

بۆرە بىلەن تۈلكە بىچارە ئېشەكنى پارچە ـ پارچە قىلىپ راھەتلىنىپ يەۋېتىپتۇ.

# بېلىق ئالغۇچ

ئاۋۋىلىسىنىڭ ئاۋۋىلىسىدا، زامانلارنىڭ زامانىسىدا، يەر ـ زېمىن تېخى پەيدا بولمىغان چاغدا، پەقەت دېڭىزلا بولغانىكەن، هايۋانلار ۋە قۇشلار سۇدا ياشاپ، سۇدا كۆپىيىدىكەن. بۇ شارائىتتىن ئۇلار بەكمۇ بىزار بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن هايۋان، قۇشلار يىغىلىشىپ مەجلىس ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان بۇ قولايسىز شارائىتنى ئۆزگەرتىپ، قۇرۇقلۇق بەرپا قىلىشقا بەل باغلاپتۇ، لېكىن هېچقايسىسى قانداق قىلىپ قۇرۇقلۇق بەرپا قىلىشنىڭ يوللىرىنى بىلمەي باشلىرى قېتىپتۇ. ئاخىر هايۋانلار ۋە قۇشلار دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارغا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— هەي بېلىقلار، بىزگە دېڭىزنىڭ ئاستىدىن لاي ئېلىپ چىقىشقا ياردەملەشسەڭلارچۇ؟

— لاينى نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىقلار.

— قۇرۇقلۇق ياسايمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ قۇشلار ۋە هايۋانلار.

— ياق، — دەپتۇ بېلىقلار، — قۇرۇقلۇق ياسىساڭلار ئۇچۇن توپا بەرمەيمىز، بىزگە قۇرۇقلۇقتىن سۇ ياخشى، خالىغان يېرىمىزدە ئۈزۈپ سەيلە ـ تاماشا قىلالايمىز.

قۇشلار ۋە هايۋانلار كىتقا:

— سەن بىلىقلارنىڭ پادىشاھىسەن، بىزگە رەھىم - شەپقەت قىلغىن !

— ياق، سىلەرگە قورۇقلۇق ياساپ بېرىشكە بولمايدۇ، — دەپتۇ كىت ۋە قويرۇقى بىلەن سۇنى بىر ئۇرۇپتۇ - دە، دېڭىزغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ.

قۇشلار ۋە ھايۋانلار قايغۇرۇشۇپتۇ. بىردىنلا توپ ئارىسىدىن ئۆتكۈر تۇمشۇقلۇق بىر قۇش — بېلىقئالغۇچ چىقىپتۇ ۋە:

— قېنى، مەن بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي، بەلكى دېڭىزنىڭ تېگىگىمۇ يېتىپ قالارمەن، — دەپتۇ. قۇشلار ۋە ھايۋانلار لاپپىدە بېلىقئالغۇچقا قارىشىپتۇ، ئۇنىڭغا تەھسىن - ئاپىرىنلار ئېيتىشىپتۇ.

بېلىقئالغۇچ سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. بېلىقئالغۇچنى ساقلاپ، قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆزلىرى تۆت بوپتۇ. بىراق، بېلىقئالغۇچتىن دېرەك بولماپتۇ، دېڭىزمۇ جىمجىت، پەقەت سۇنىڭ ئىچىدىن ئاپئاق كۆپۈكلەرلا ئېتىلىپ چىقىپ تۇرۇپتۇ. قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ بۇ كىچىككىنە ۋىجىك قۇشقا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇلار خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇشقاندا، بېلىقئالغۇچ سۇ ئۈستىدە پەيدا بوپتۇ ۋە سۇ يۈزىدە ئولتۇرغان پېتى ئېغىر نەپەس ئاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ بەكمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، تۇمشۇقىدا قان يۇقى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېسىل تائامىلار كەلتۈرۈپ، راسا مېھمان قىلىپ كۈتۈپتۇ.

— قوي ئەمدى، — دەپتۇ ئۇلار ئىچ ئاغرىتىپ، — سەن بىز ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتىڭ، دەم ئال. بەربىر بىز مۇراد - مەقسىتىمىزگە يېتەلمەيدىغان ئوخشايمىز.

بېلىقئالغۇچ زادىلا ئۇنچىقارماپتۇ، نەپسىنى رۇسلىۋېلىپ يەنە سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. قۇشلار ۋە

ھايۋانلار بۇ باتۇر قۇشنىڭ غەيرىتىگە بارىكاللا ئوقۇپ، ئۇ شۇڭغۇغان سۇغا قاراپ تۇرغىنىدا، سۇدىن قىپقىزىل كۆپۈك-لەر ئېتىلىپ چىقىپتۇ. قۇشلار ۋە ھايۋانلار يىغا - زار قى-لىشىپ غۇلغۇلا باشلاپتۇ:

— ئەنە، قىزىل كۆپۈكلەر چىقىشقا باشلىدى.

— بۇ بېلىقئالغۇچنىڭ قېنى.

— دېڭىز بېلىقئالغۇچنى يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ۋاي ئىسىت ! ئەمدى باتۇر بېلىقئالغۇچنى كۆرەلمەي-دىغان بولدۇق.

قۇشلار ۋە ھايۋانلار ھەسرەت - نادامەت بىلەن دېڭىز ئۈستىدە يەنىمۇ قاتتىق يىغا - زار قىلىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇلار قارىغۇدەك بولسا، باتۇر بېلىقئالغۇچ سۇغا كىرىپ كەتكەن جايدا قانداقتۇر قارا بىر-نەرسە غىل - پال كۆرۈنۈپ، ئاستا سۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋات-قۇدەك. ئاخىر پۇتلىرى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەن پېتى بېلىقئال-غۇچ سۇ ئۈستىگە چىقىپتۇ، قۇشلار ۋە ھايۋانلار ئۇنىڭ پۇت-لىرىنى تۇۋەن قىلىپ تۇرغۇزۇپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بېلىق-ئالغۇچ ئاران نەپەس ئېلىۋاتقان، كۆزلىرى قانغا تولغان، تۇم-شۇقىنىڭ ئۇچىدا دېڭىز تېگىدىن ئېلىنغان بىر چىمدىم لاي تۇرغۇدەك. قۇشلار ۋە ھايۋانلار خۇشال بولۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار بېلىقئالغۇچنىڭ تۇمشۇقىدىكى توپىنى ئاپتۇ ۋە ئۇنىڭ-دىن يوغان - يوغان ئاراللارنى ياسىشىپتۇ.

كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، قۇشلار باتۇر بېلىقئالغۇچ-نى پادىشاھ قىپتۇ. قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ياشاش شارائىتى ياخشىلىنىپ، ئۇلار ئۈچۈن نېمەتلەر كەڭتاشا بوپتۇ.

# بالا بىلەن تۈلكە

بىر كۈنى بىر بالا جاڭگالدا ئويناپ يۈرسە، بىر ئېيىق كېلىپ قاپتۇ.

— ھەي بالا، مەن سېنى يەيمەن، — دەپتۇ ئېيىق. بالا قورقۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئېيىققا: «ئەتە كېلىپ يېسەڭ، مەن ساڭا بىر قوزامنى ئالغاچ كەلسەم» دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئېيىق بالىنىڭ يەنە بىر قوزا ئالغاچ كېلىمەن، دېگىنىدىن خۇش بولۇپ: «بوپتۇ، ئەتە جەزمەن ئەكەل» دەپ كېتىپ قاپتۇ. بالا غەمكىن كېتىپ بارسا، بىر تۈلكە ئۇچراپتۇ.

— ھەي بالا، بەكمۇ غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر ئېيىق كېلىپ، ئەتە يەيمەن دەپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— مەن سېنى ئېيىقتىن قۇتۇلدۇرسام نېمە بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە.

— نېمىنى سورىساڭ شۇنى بېرەي، — دەپتۇ بالا.

— ماڭا ئىككى بۆرىكىڭنى بەرگىن، — دەپتۇ تۈلكە. بالا ماقۇل بوپتۇ. تۈلكە بالىغا دەپتۇ:

— مەن ئەتە دۆڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ مۆكۈپ تۇرىمەن، ئېيىق كەلگەندە توپا توزىتىمەن، ئېيىق، بۇ نېمە ئىش، دەپ

سورىسا، سەن، ئوۋچىلار كېلىۋاتىدۇ، دېگىن. ئېيىق ئوۋ-چىلاردىن قورقۇپ، مېنى قۇتۇلدۇرغىن، دەيدۇ، سەن ئېيىقنى تاغارغا سېلىپ، كالتەك بىلەن راسا دۇمبالاپ ئۆلتۈر.

بالا ئەتىسى كەلمەي دېسە، ئېيىقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاتا-ئانىسى بىلەن قوشۇپ يەۋېتىشىدىن قورقۇپ ئامالسىز كەپتۇ. ئېيىقمۇ كەپتۇ. ئېيىق شۇنداق قارىسا، دۆڭدە تۈپا-چاڭ كۆتۈرۈلگەن، بالىدىن: «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورايتتىكەن، بالا: «ئوۋچىلار كېلىۋاتىدۇ» دەپتۇ. ئېيىق: «قۇتۇلدۇرغىن» دەپ يالۋۇرۇپتىكەن، بالا ئۆيىدىن ئەكەلگەن تاغارغا سولاپ ئاغزىنى باغلاپتۇ ۋە تەييارلاپ قويغان كالتىكى بىلەن ئۇرۇپ، ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇ ھامان تۈلكە دۆڭدىن چۈشۈپ كەپتۇ ۋە بالىغا:

— قېنى، ئەمدى بۆرىكىڭنى بەرگىن، — دەپتۇ.

بالا قورقۇپ، ئۇياق-بۇياققا تولغانغانىكەن، قورسىقى غولدۇر-غولدۇر قىپتۇ.

— ھوي، قورسىقىڭدا نېمە بار؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە.

— بىر تايغاننى يۇتۇۋەتكەنىدىم، تايغان كۈچۈكلىگەن بولسا كېرەك، بالىلىرى چىقىمەن، دەپ، جېدەل قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ بالا.

تۈلكە تايغاندىن بەك قورقىدىكەن، شۇڭا ئۇ، بۇ كاساپەتتە-لەر چىقىپ قالسا، مېنى تالاپ ئۆلتۈرىدۇ، بالىنىڭ بۆرىكىنى دەپ ئۆلۈپ كەتمەي، دەپ، قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە بەدەر قېچىپتۇ.

# كىرپە بىلەن توشقان

ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر كىرپە ئەتىگەنلىكى دالىدا ئايلىنىپ يۈرسە، يىراقتىن بىر توشقان كېلىپ قاپتۇ. كىرپە توشقانغا قاراپ سالام بېرىپتۇ. توشقان كىرپىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماقتا يوق، مەسخىرە قىلىپ:

— ھە، كىرپە، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توشقان تەقسىر، بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، ساياھەتكە ماڭدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كىرپە. توشقان ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا:

— سېنىڭ پۇتلىرىڭ مايماق، بەللىرىڭ دوڭغاق تۇرۇپ، قانداق ساياھەت قىلالايسەن؟ — دەپتۇ. كىرپىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇرسىمۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تەقسىر، مېنىڭ پۇتۇم مايماق بولسىمۇ، يۈگۈرىدىغان بولسام، سىزدىن ئۆتۈپ كېتىمەن، — دەپتۇ. توشقاننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ:

— كېلە ئەمىسە، چېپىشىپ باقايلى، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بولىدۇ، مەن ئەتىگەنلىك چېيىمنى تېخى ئىچمىدىم، ئىچىپ چىققۇچە سىز كۈتۈپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ كىرپە.

شۇنداق قىلىپ، توشقان بىلەن كىرپە ئىككىسى يۈگۈرۈ-

شىدىغانغا كېلىشىپتۇ. كىرپە ئۆۋىسىغا كىرىپ، يەنە بىر سەپدىشىنى چاقىرىپ:

— بول، چاققان تەييارلان، بىز توشقان بىلەن مۇسابىقىگە چۈشىدىغان بولدۇق، — دەپتۇ. سەپدىشى چۆچۈگەن هالدا:

— بىز توشقان بىلەن يۈگۈرۈشتە قانداق تەڭ كېلەلەيمىز؟ — دەپتۇ.

— هەي، ئەخمەق ئىكەنسەن، مەن توشقان بىلەن ئۇ باشقا بارىمەن، سەن بۇ يەردە تۇرىسەن. توشقان يېنىڭغا يېتىپ كەلگەندە: «مەن ئاللىقاچان كېلىپ بولغان» دەيسەن.

شۇنداق قىلىپ، توشقان بىلەن كىرپە ئېتىزنىڭ بېشىغا بېرىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈشنى باشلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا توشقان بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ پەللىگە يېتىپ كېلىپ، يەنە بىر كىرپىنى كۆرۈپ هەيران قاپتۇ ۋە:

— سەن قاچان كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. كىرپە:

— مەن ئاللىقاچان كېلىپ بولغان، — دەپتۇ. توشقاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— كېلە، يەنە بىر قېتىم چېپىشىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ. كىرپە:

— بولىدۇ، — دەپ يۈگۈرۈشكە تەمشىلىپتۇ.

بۇ قېتىم توشقان بار كۈچى بىلەن قويۇندەك چېپىپتۇ. ئۇ پەللىگە يېتىپ كېلىپ قارىسا، هېلىقى كىرپە ئۆز جايىدا تۇرغۇدەك. شۇنداق قىلىپ، توشقان بىرقانچە قېتىم يۈگۈرگەندىن كېيىن ماغدۇرسىزلىنىپ، يولدا يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. ئىككى كىرپە توشقاننىڭ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆز بېشىغا چىققانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ ئۆز ئۆۋىسىغا قايتىشىپتۇ.

# تۈلكە بىلەن توشقان

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر تۈلكە بىلەن بىر توشقان ئۆتكەنىكەن. تۈلكىنىڭ مۇزدىن ياسالغان كىچىك بىر ئۆيى بار ئىكەن، توشقاننىڭمۇ قوۋزاقتىن ياسالغان كىچىك بىر ئۆ-يى بار ئىكەن.

گۈزەل نەۋباھار كېلىشى بىلەن تۈلكىنىڭ ئۆيى ئېرىپ كېتىپتۇ، توشقاننىڭ بولسا ساپساق تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۈلكە توشقاننىڭ ئۆيىنى بىر كېچە قونۇۋالاي دەپ ئارىيەت ئاپتۇيۇ، توشقاننى ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. توشقانچاق يول بويى يىغلاپ مېڭىپتۇ. بىر ئىت ئۇنى كۆرۈپ:

— ھاۋ - ھاۋ، توشقانچاق، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپتۇ.

— مەن نېمىشقا يىغلىماي ! ئەسلىدە مېنىڭ دەرەخ قوۋ-زىقىدىن ياسالغان بىر ئۆيۈم بار ئىدى، تۈلكىنىڭ مۇزدىن ياسالغان ئۆيى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى ئېرىپ كەتكەندىن كې-يىن، مېنىڭ ئۆيۈمدە بىر كېچە قونۇۋالاي، دەپ، مېنى ھەي-دەپ چىقاردى.

— يىغلىما، توشقانچاق، مەن ساڭا ياردەم قىلاي، — دەپتۇ ئىت. ئۇلار ئىككىسى ئىشىك ئالدىغا كەپتۇ. ئىت ھاۋ-شىغلى تۇرۇپتۇ:

— ھاۋ - ھاۋ - ھاۋ! ھەي تۈلكىۋاي، يوقال بۇ يەردىن !

تۆلكە كالىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇلارغا:
— مەن بىرلا سەكرەپ ئىتىلىپ چىقىدىغان بولسام، ھەممىلا يەرنى قۇم ـ شېغىل، تاشلار قاپلاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. ئىت قورقۇپ كېتىپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.
توشقانچاق يەنە يىغلىغان پېتى يولغا راۋان بوپتۇ. بىر ئېيىق ئۇنىڭغا ئۇچراپ:
— توشقانچاق، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— نېمىشقا يىغلىمايتتىم ! مېنىڭ دەرەخ قوۋزىقىدىن سېلىنغان بىر ئۆيۈم بار ئىدى، تۆلكە بىر ئاخشام قونۇۋالاي، دەپ، ئۆيۈمنى ئارىيەت ئېلىپ مېنى ھەيدەپ چىقاردى.
— يىغلىما، مەن ساڭا ياردەم قىلاي.
— ياق، سەن ماڭا ياردەم بېرەلمەيسەن. ئىت تۆلكىنى قوغلىۋېتىمەن دەپ بېرىپ قوغلىۋېتەلمىدى، سەنمۇ قوغلىۋې- تەلمەيسەن.
— ياق، قوغلىۋېتەلەيمەن.
ئۇلار ئىككىسى ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئېيىق دەرھال ھۆركىرەپ:
— ھەي تۆلكە، يوقال بۇ يەردىن، — دەپتۇ. بىراق، تۆل- كە كالىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ:
— مەن بىرلا سەكرەپ ئىتىلىپ چىقىدىغان بولسام، ھەممىلا يەرنى قۇم ـ شېغىل، تاشلار قاپلاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. ئېيىقمۇ قورقۇپ تىكىۋېتىپتۇ.
توشقانچاق يەنە يولغا راۋان بوپتۇ، ئۇنىڭغا بىر بۇقا ئۇچراپ:
— توشقانچاق، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپتۇ.
— نېمىشقا يىغلىمايتتىم ! مېنىڭ دەرەخ قوۋزىقىدىن سېلىنغان بىر ئۆيۈم بار ئىدى، تۆلكىنىڭ مۇزدىن ياسالغان

بىر ئۆيى بار ئىدى. ئۇ بىر ئاخشام قونۇۋالاي، دەپ، مېنى قوغلاپ چىقاردى.
— يور، بىللە بارايلى، مەن ساڭا ياردەم قىلاي.
— ياق، بوقا، سەن ماڭا ياردەم بېرەلمەيسەن. ئىت قوغلىۋېتىمەن دەپ بېرىپ قوغلىۋېتەلمىدى، ئېيىقمۇ قوغلىۋېتىمەن دەپ بېرىپ قوغلىۋېتەلمىدى. سەنمۇ ئۇنى قوغلىۋېتەلمەيسەن.
— ياق، مەن قوغلىۋېتەلەيمەن !
ئۇلار ئىككىسى ئۆينىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بوقا دەرھال ھۆركىرەپتۇ:
— ھەي تۈلكە، يوقال بۇ يەردىن ! — دەپتۇ. بىراق، تۈلكە كاڭ ئۈستىدە تۇرۇپ:
— مەن بىرلا سەكرەپ ئېتىلىپ چىقىدىغان بولسام، ئالەمنى قۇم - شېغىل، تاشلار قاپلاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. بوقا قورقۇپ كېتىپ بەدەر قېچىپتۇ.
توشقانچاق يەنىلا يىغلىغان پېتى ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ، بەلكى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك يىغلاپتۇ.
ئورغاق تۇتقان بىر خوراز ئۇنىڭغا ئۇچراپتۇ:
— قۇ - قۇ - قۇ! توشقانچاق، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپتۇ.
— نېمىشقا يىغلىماي ! مېنىڭ ئەسلىدە دەرەخ قوۋزىقىدا سېلىنغان بىر ئۆيۈم بار ئىدى، تۈلكىنىڭ مۇزدىن ياسالغان ئۆيى بار ئىدى. ئۇ بىر ئاخشام قونۇۋالاي، دەپ، ئۆيۈمدىن مېنى ھەيدەپ چىقاردى.
— يور، ئىككىمىز بارايلى، مەن ساڭا ياردەم بېرىمەن.
— ياق، خوراز، سەن ماڭا ياردەم بېرەلمەيسەن. ئىت قوغلىۋېتىمەن دەپ بېرىپ قوغلىۋېتەلمىدى. ئېيىق قوغلىۋېتىمەن دەپ بېرىپ قوغلىۋېتەلمىدى. بوقىمۇ قوغلىۋېتەلمە-

دى. سەن قوغلىۋېتەلمەيسەن.

— ياق، مەن قوغلىۋېتىمەن !

ئۇلار ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ، خوراز راسا بىر سەكرەپ، قانىتىنى قېقىپ تۇرۇپ قىچقىرىپتۇ:

— قۇ - قۇ - قۇ! مەن ئۆتكۈر تىرناقلىرىم بىلەن ماشىمەن، مۇرەمدە بىر ئورغىقىم بار، تۈلكىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلىماقچىمەن. ھەي تۈلكىۋاي، كاڭنىڭ ئۈستىدىن ئىلدام چۈشۈپ چىق بۇ يەرگە !

بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن تۈلكە:

— ئايىغىمنى كىيىۋاتىمەن ! — دەپتۇ. خوراز يەنە قىچقىرىپتۇ:

— قۇ - قۇ - قۇ! مەن ئۆتكۈر تىرناقلىرىم بىلەن ماشىمەن، مۇرەمدە بىر ئورغىقىم بار، تۈلكىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلىماقچىمەن. ھەي تۈلكىۋاي، كاڭدىن چاپسان چۈشۈپ چىق بۇ يەرگە !

— چاپىنىمنى كىيىۋاتىمەن... — دەپتۇ يەنە تۈلكە.

خوراز ئۈچىنچى قېتىم يەنە چىللاپتۇ:

— قۇ - قۇ - قۇ! مەن ئۆتكۈر تىرناقلىرىم بىلەن ماشىمەن، مۇرەمدە بىر ئورغىقىم بار، تۈلكىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلىماقچىمەن. ھەي تۈلكىۋاي، كاڭدىن ئىلدام چۈشۈپ چىق بۇ يەرگە !

تۈلكە خۇدىنى يوقاتقان ھالدا يۈگۈرۈپ چىققانىكەن، خوراز ئورغاق بىلەن بىرلا چېپىپ جېنىنى ئاپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ دەرەخ قوۋزىقىدا سىلىنغان ئۆيدە توشقان بىلەن ھايات كەچۈرۈپتۇ.

# ئېشەك، قوچقار ۋە خوراز

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئۇچار قۇشلار، هايۋانلار بىر - بىرىنىڭ تىلىنى چۈشىنىدىكەن. لېكىن، ھەممىسىنىڭ ياشاش دائىرىسى بولغاچقا، بىر - بىرى بىلەن كەمدىن - كەم ئۇچ- رىشىدىكەن. شۇ زامانلاردا يۇرتتىن يىراق بولغان بىر جاڭ- گالغا يېقىن يەردە خوراز، قوچقار، ئېشەك ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار ئىلگىرى بىر - بىرىنى كۆرمىگەچكە، دەسلەپتە يىراق- تىن خىرىس قىلىشىپ، يېقىن كېلىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. خوراز بىچارە قېرىپ بويىنىنى تىك تۇتالمايدىغان هالەتكە يې- تىپ قالغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويماس- لىق ئۈچۈن گىدىيىپ كۆكرىكىنى كېرىپ، ئىرغاڭلاپ، بىردە يەرنى چوقۇپ، بىردە بويىنىنى ئاسمانغا سوزۇپ مېڭىپتۇ. قوچقار بىچارە ئېشەكنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش مەيدانىدا رەقىبى- گە دۈچ كەلگەندەك، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتىدىغاندەك قەدىمىنى بىر - بىر ئېلىپ، يەرگە پاق - پاق ئۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئەخمەق ئېشەك بۇ ئىككى جانىۋارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي، سەت ھاڭراپ، تۇرغان ئورنى- دىن تەۋرىمەي تېزەكلەپ ساپتۇ. تېزەكنى كۆرگەن خوراز: «كوك - كوك» قىلىپ ئېشەكنى ئايلىنىپ يېقىن كەپتۇ. ئې-

شەك خورازنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى چۈشەنمىگەچكە، قۇيرۇقىنى پۇلاڭلاتقانىكەن، خوراز قورققىنىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىمەن دەپ، ئۇچۇپ بارغانچە قوچقارنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. قوچقار: «ئۇلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى» دەپ قورقۇپ كېتىپ، كەينىگە داجىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئېشەكنى بىرنى ئۇسۇپتۇ. تۇيۇقسىز بولغان بۇ زەربىدىن ئۈركۈپ كەتكەن ئېشەك سول پۇتى بىلەن بىر تەپكەنىكەن، قوچقارنىڭ بېشىغا تېگىپ كەينىگە ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇقۇشماسلىق بىلەن بىر - بىرىگە قىلىشقان ھۇجۇم ئاخىرلىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا تەكەببۇر قىرى خوراز:

— ھەي سالپاڭ قۇلاق، سەن نېمە مەخلۇق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئېشەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەخمەق ئېشەك ئۆزىنى ھاقارەتلەۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلماي. ئېشەكنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان خوراز يەنە ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي:

— ھەي، سەنچۇ، بېشىڭغا كۆتەك ئارتىۋالغان كىمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېشىمدىكى كۆتەك ئەمەس، مۈڭگۈز. مەن قوچقار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قوچقار.

— ھە، مۇنداق دەڭلار، بىرىڭلار سالپاڭ قۇلاق ئېشەك، بىرىڭلار قوچقار ئىكەنسىلەر، ھۈنىرىڭلار نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ خوراز.

— مېنىڭ ھۈنىرىم تېپىش، — دەپتۇ ئېشەك.

— مېنىڭ ھۈنىرىم ئۇسۇش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قوچقار.

— ھەي، سەن ئۆزۈڭ كىم؟ بوينۇڭنى چۆمۈچنىڭ ساپىـ

قىدەك سوزۇپ، سورىمىساق ئۆزۈڭنى تونۇشتۇرمايسەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قوچقار بىلەن ئېشەك. بۇ چاغدا خوراز:

— قى - قى - قىق، مەن خورازباي، تاڭ ئەلچىسى، غەپلەت ئۇيقۇدا ياتقانلارنى ئويغىتىمەن، — دەپ قانات قېقىپتۇ. ئۇلار ئۇچىلىسى ئۆزلىرىنىڭ نام - شەرىپىنى بىلىشىپ، بىر يەرگە جەم بولۇشۇپتۇ. بۇ چاغدا سالپاڭ قۇلاق ئېشەك سۆز ئېلىپ:

— نام - شەرىپىمىزگە، ھۈنىرىمىزگە قارىغاندا، بىر - بىرىمىزگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان ئوخشايمىز. ھەممىمىز بىرلىكتە ياشىساق قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئالغا خوراز بىلەن قوچقار تەڭلا:

— بولىدۇ، بىرلىكتە ياشايلى، — دەپ ئىپادە بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن، خوراز ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ جۇغىنىڭ كىچىكلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلار مېنى ئالداپ يەپ سالمىسۇن، دەپ، خاتىرجەم بولالماي:

— ئېشەك بۇرادەر، شۇنچە زور قورسىقىڭنى نېمە يەپ تويغۇزىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوت - چۆپ يەيمەن، تېپىلسا قوناق، — دەپ ئېشەك پەرۋاسىزلا جاۋاب بېرىپتۇ. ئېشەكتىن كۆڭلى خاتىرجەم بولغان خوراز يەنە قوچقاردىن:

— سەنچۇ، قوچقار بۇرادەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەنمۇ سالپاڭ قۇلاقنىڭ ئۇلپىتى، بىراق مېنىڭ كانىيىم سەل زىلراق، دائىم ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇچىنى يېگۈم كېلىدۇ، — دەپتۇ قوچقار.

— سەنچۇ، سەن نېمە يەيسەن؟ — دەپ ئېشەك بوينىنى تولغاپ خورازدىن سوراپتۇ. خوراز ئېشەكنىڭ قارىشىدىن قورقۇپ كېتىپ:

— قى - قى -
قىق، مەن سېنىڭ تېزد-
كىڭنى چوقۇپ جان با-
قىمەن، — دەپتۇ.



خورازنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ قوچقار بىلەن ئېشەك كۈلۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىدىن خىجىل بولغان خوراز:

— قى - قى - قىق، يەنە قۇرت - قوڭغۇز، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ يەيمەن، — دەپ سۆزگە تۈزىتىش بېرىپتۇ.

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى چۈشىنىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىرھازا جىم يول ماڭغاچقا، ئىچى پۇشۇپ كەتكەن خوراز:

— بۇرادەرلەر، ھەرقايسىڭلارنىڭ بۇ جاڭگالغا كېلىپ قې-لىشىدا بىرەر سەۋەب باردۇ؟ كەچۈرمىشلىرىمىزنى سۆزلىگەچ ماڭساق، قانداق دەيسىلەر؟ — دەپتۇ.

— بولىدۇ، بۇرادەرلەر، قېنى ئالدى بىلەن سېنىڭ كە-چۈرمىشىڭنى ئاڭلايلى، — دەپتۇ قوچقار بىلەن ئېشەك.

خوراز ئۆز كەچۈرمىشىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— مەن ئەسلىي بىر توخۇبازنىڭ خورىزى ئىدىم. مەن چۈجىلىكىمنى تاشلاپ، چىللاشقا باشلىغان كۈندىن تارتىپ ئۇ مېنى سوقۇشۇشقا سالدى، سوقۇشۇشقا سالغان شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ باش - كۆزۈم جاراھەت بولۇپ، قان ئېقىپ كېتەتتى، بۇنى ئاز دەپ، سوقۇشۇشنى توختىتىشىمغا، كى-

گىزگە داڭگالنى ئوراپ كانىيىمغا تىقاتتى، جاراھەت بولغان يەر ھەپتە، ئون كۈن ساقايمايتتى، جاراھىتىم ساقايماي تۇرۇپ يەنە سوقۇشۇشقا سالاتتى. بۇنىڭ بىلەن باش ـ كۆزۈمدىن يىرىڭ ئېقىپ تۇراتتى. ئىگەم مېنىڭ شۇ قانلىرىم بەدىلىگە جاھاندارچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىشقا بىلى چىدىمايتتى. شۇنداق بولغاچقا مەن ئۆمرۈمنىڭ تېگىنى ئۆز ئەجدادىم بىلەن سوقۇشۇپ، قان تۆكۈپ ئۆتكۈزدۈم. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ ئىشتىن رايىم يېنىپ، مەيدانغا چۈشسەممۇ ھۇجۇمغا ئۆتمەيدىغان بولۇۋالدىم، چۈنكى ئۆز ئەجدادىمنىڭ قېنى بەدىلىگە ئىگەمنى سەمرىتىدىكەنمەن ئەمەسمۇ، شۇڭا نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشتىن باش تارتمايمەن، دەپ رايىم ياندى. شۇ كۈنلەردە ئىگەم مېنى يەنە سوقۇشۇشقا سالدى. سوقۇشۇشقا رايىم بارمىغاچقا، قەستەن يېڭىلىپ قالدىم. بۇنىڭ بىلەن ئىگەمنىڭ ئۆمۈر بويى يىغقان بىساتىنىڭ يېرىمى قولدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەلەمگە چىدىماي، مېنى ئۆلتۈرۈپ يېمەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا:

— ماڭا رەھىم قىلىپ، مېنىڭ قېنىمنى ئەمدى بولسىمۇ تۆكمىسەڭ. مۇشۇ كۈنگىچە قېنىمنى شورىغىنىڭ يېتىپ ئاشار، ماغدۇرۇمدىن قالغان بولسامۇ، كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرەي، — دەپ يالۋۇردۇم. ئۇ:

— مەن سېنى بوغۇزلىۋەتمىسەم كۆڭلۈم تىنچىمايدۇ. ئاخىرقى بىر مەيدان سوقۇشۇشتا بىساتىمنىڭ يېرىمىدىن ئايرىدىڭ، — دېدى غەزەپ بىلەن. مەن يەنە:

— سېنىڭ بىساتلىرىڭ مېنىڭ قانلىرىم بەدىلىگە كەلگەن. شۇ بىساتلىرىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ مېنى ياشىغىلى قويساڭ، — دېدىم. ئۇ سەل ئويلىنىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— سەن بىلىسەن، مەن تالاي خوراز بىلەن تېپىشىپ بە-دىنىم چىقىپ كەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن قىيىنىپ قالدىم، گۆشۈمگە چىشىڭ ئۆتمەيدۇ، — دېدىم. بۇنىڭ بىلەن ئىگەم:

— بوپتۇ، كۆزۈمدىن يوقال، — دەپ قولىغا يامداقنى ئېلىپ قوغلاپ كەتتى. شۇ قاچقىنىمچە سىلەرگە ئۇچراشتىم. بايا سالپاڭ قۇلاق بۇرادەر قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىۋىدى، كۆز ئالدىمغا ئىگەمنىڭ يامداقىدەك كۆرۈنۈپ كېتىپ، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمىغانلىقىم شۇنىڭدىن، — دەپ خوراز ئۆز كەچۈرمىشىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. خوراز سۆزىدىن توختىغاندىن كېيىن، قوچقار سۆز ئاپتۇ:

— مېنىڭ كەچۈرمىشىممۇ خوراز بۇرادەرنىڭ كەچۈرمە-شىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. مەن بىر قوچقار سوقۇشتۇرۇپ جان باقىدىغان ئادەمنىڭ قولىدا ياشىدىم. ئۆمرۈمدە قانچە قېرىنداشلىرىمنىڭ بېشىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ سو-قۇشسام بېشىم پىرقىراپ، جاھان ئايلىنىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئىگەم مېنى دائىم سوقۇشۇشقا سالدى. مەن ھەر نۆۋەت سوقۇشۇشتا بىر قېرىندىشىمنىڭ بېشىنى ئىككى پارچە قىلىپ تاشلاپ، شۇنىڭ جېنى بەدىلىگە ئىگەمنى ئىنئامغا ئىگە قىلدىم. مەنمۇ بىر نۆۋەتلىك سوقۇشۇشتا ماغدۇرۇمدىن قالغاچقا يېڭىلىپ، مىڭ تەسلىكتە جېنىمنى قۇتۇلدۇردۇم. بۇنىڭ بىلەن ئىگەمگە كۆپ زىيان بولدى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان ئىگەم مېنىڭ ئەمدى كارغا كەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ، مېنى سويۇپ يېمەكچى بو-لۇپ، پىچىقىنى پارقىرىتىپ يېتىپ كېلىپ مېنى تۇتماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە قىلىدىغانلىقىنى سورىسام:

— ئەمدى سەن كارغا كەلمەيسەن، سېنى ئۆلتۈرۈپ سو-

قوم قىلماقچى، — دېدى.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمگە هاي بېرىپ:

— نېمە ئۈچۈن مېنى ياشىغىلى قويمايسەن؟ — دېدىم. ئۇ:

— سەن قانچە ئۇزۇن ياشىساڭ، شۇنچە بوغۇزۇمغا زىديان، — دېدى.

ئۆمۈر بويى جېنىمنى تىكىپ خىزمەت قىلغان بولساممۇ، ئەمدى بىر ۋاخلىق بوغۇزغا ئەرزىمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىمنى ئاڭلاپ، كەينىمگە بىر شوخشۇپ، بايا سالپاڭ قۇلاق بۇرادەرنى ئۇسكەندەك بىر ئۇسۇۋىدىم، ئىگەم كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەتتى. مەن كەينىمگىمۇ قارىماي بەدەر قاچتىم. شۇ قاچقانچە سىلەرگە ئۇچراشتىم، — دەپ قوچقارمۇ ئۆز كەچۈرمىشىنى تۈگىتىپتۇ. نۆۋەت ئېشەككە كەپتۇ.

— هەي بۇرادەرلەر، — دەپتۇ ئۇ گەپ باشلاپ، — هەممىمىزنىڭ دەردى بار ئىكەن، مېنىڭ دەردىممۇ سىلەرنىڭ دەردىڭلاردىن قېلىشمايدۇ. مەن ئالتە ئايلىق چېغىمدا بىر ئوتۇنچىنىڭ قولىغا چۈشتۇم، شۇ كۈندىن باشلاپ ئىگەم هەر كۈنى قىرىق چاقىرىم يىراق يەردىن ئىككى نۆۋەت ئوتۇن ئەكېلىپ بازاردا ساتىدۇ. ئوتۇن سېتىپ تاپقان پۇلغا ئۆزلىرى ئۈچۈن ياغ، تۇز، ئۇن سېتىۋالىدۇ،



مەن ئۇچۇن بولسا بىرەر قېتىم كېپەك ياكى قوناق سېتىۋې-
لىپ باقمىدى. ئۆمۈر بويى سېسىق سامان بىلەن قۇرۇق بېدە
يەپ جان باقتىم. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئوتۇن يالاپ بەدىنىمنى
يېغىر قىلىۋەتسە، ئىگەم ئاۋايلىماقتا يوق، يېغىرىمغا تاياق
سانجىيدۇ، شۇ ئەلەمگە چىدىماي چىچاڭشىپ كەتسەم، خۇش
بولۇپ كۈلىدۇ. قېرىپ ھالىمدىن كەتكەن چېغىمدا دۈمبەمگە
ئوتۇن ئارتقۇچىلىك يەر قالمىدى، كۆزۈمنى چاپاق باستى، پۇ-
تۇمدا ماغدۇر، بەدىنىمدە دەرمان قالمىدى. شۇ چاغدا ئەمدى
تىنىچ، خاتىرجەم ياشارمەن دەپ ئويلاپ يۈرسەم، بىر كۈنى ئى-
گەم بېشىمدىن نوختامنى سىيرىۋېلىپ:

— ئەمدى كارغا كەلمەس بولۇپ قالدىڭ، مېنىڭ ئالدىمدا
ئۆلۈپ قالساڭ، ئۆلۈكۈڭنى ئىت يېمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە،
سەن ۋاقتىدا بىرەر يەرگە بېرىپ ئۆلۈكۈڭنى يوشۇرغۇدەك
ئورۇن تېپىۋال، — دەپ كۆتۈمگە تېپىپ ھەيدىۋەتتى. شۇ ئە-
لەمگە چىدىماي بۇ تەرەپكە مېڭىپ سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ
قالدىم، — ئۇ ئۆز كە-
چۈرمىشىنى سۆزلەپ
تۈگىتىپتۇ.



ئۇلار كەچۈرمىشىنى
ئاڭلىشىپ بىر - بىرى-
گە ئىچى ئاغرىپ
ھېسداشلىق قىلىشىپ-
تۇ، ھەممىسىنىڭ كۆڭ-
لى يېرىم بولۇپ، بىر
ۋاقىتلارغىچە جىم بو-
لۇشۇپ كېتىپتۇ. ئارى-
دىن بىر ئاش پىشىم

ۋاقىت ئۆتكەندە، قوچقار ھەمراھلىرىدىن:
— ئەمدى قانداق قىلىشنى ئويلىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئېشەك بىلەن خوراز بىر - بىرىگە قارىشىپ، جاۋاب بېرەلمەي:
— سەن ئۆزۈڭ قانداق قىلماقچى؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ.
— مەن بىر ئىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم، سىلەرگە ياقماسمىكىن دەپ ئېيتىشقا پېتىنالماي تۇرۇۋاتىمەن، — دەپتۇ قوچقار.
— قېنى ئېيتقىنا، ئاڭلاپ بېقىپ مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلمايلىمۇ، — دەپتۇ ئۇلار. قوچقار:
— مەن، ھەممىمىز بىرلىشىپ ئەنتىمىزنى ئالساقمىكىن دەيمەن، سىلەرچە قانداق بولار؟ — دەپ، ئۇلارغا تەشۋىش بىلەن قاراپتۇ.
— بۇ مۇمكىن بولارمۇ؟ — دەپتۇ خوراز بىلەن ئېشەك تەشۋىش ئىچىدە. قوچقار كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتقانىكەن، خوراز بىلەن ئېشەكمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، قايتىپ بېرىپ ئەنتىنى ئېلىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار شۇ يەردىن كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە، ئاز ماڭدىمۇ، كۆپ ماڭدىمۇ، ئىشقىلىپ ئەتىسى سەھەر ئوتۇنچىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ، ئۆزلىرى كېلىشكەن بويىچە خوراز پۈرردە ئۇچۇپ تام تۆپىسىگە چىقىپ:
— قى - قى - قىق، بىز كەلدۇق، ئەمدى سېنىڭ قېنىڭنى ئىچىمىز! — دەپتۇ. ئوتۇنچى خورازغا چالما ئېتىپتۇ، خوراز چاققانلىق بىلەن ئۇچۇپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. خوراز قايتا تام تۆپىسىگە ئۇچۇپ چىقىپ، چىللاپ ئۆز سۆزىنى تەكرارلاپتۇ. بۇنىڭغا خاپا بولغان ئوتۇنچى:

— قىنى، كىمنىڭ قىنىنى كىم ئىچىدىكىن؟ — دەپ، خورازنى تۇتۇپ يۇڭدىماقچى بولۇپ ئىشكنى ئىچىپ سىرتقا چىققانىكەن، تەييار بولۇپ تۇرغان قوچقار يۈگۈرۈپ كېلىپ بىر ئۇسۇپتۇ - دە، ئوتۇنچىنى كەينىگە ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. ئىبىشەكمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ چىشلەپ، سىلكىشلەپ تېپىپتۇ. قوچقار كەينى - كەينىدىن ئۇسۇشكە باشلاپتۇ. خوراز تام تۆپىسىدە تۇرۇپ:

— قى - قى - قىق، تازا ئۇر! — دەپ بېرىپتۇ. ئەلەمگە چىدىمىغان ئوتۇنچى ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپ، داد - پەرياد ئېيتىپتۇ، لېكىن ئۇلاردىن قۇتۇلالماپتۇ.

ئۇلار ئېشەكنىڭ ئەتىنى ئېلىپ يەنە مېڭىپتۇ، شۇ ماڭغىنىچە قوچقارنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. خوراز يەنە تام تۆپىسىگە ئۇچۇپ چىقىپ:

— قى - قى - قىق، بىز كەلدۇق، قېنىڭنى ئىچىمىز ! — دەپ چىللاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوچقارنىڭ ئىگىسى سىرتقا چىقىپ قاراپ باقماقچى بولۇپ ئىشىكتىن چىققانىكەن، تەييار بولۇپ تۇرغان ئېشەك كۈچ بىلەن راسا كەلتۈرۈپ دوۋسۇنىغا بىرنى تەپكەنىكەن، شۇ يەردىلا تىن تارتماي جان بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلماي قوچقارنىڭ ئەتىنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئۇلار ئەمدى خورازنىڭ ئەتىنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئۇدۇل توخۇبازنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. خوراز يەنە تام تۆپىسىگە چىقىپ:

— قى - قى - قىق، مەن كەلدىم، نوچى بولساڭ چىق، قېنىڭنى ئىچىمەن ! — دەپ چىللاپتۇ. توخۇباز ئۆزى قوغلىۋەتكەن خورازنى تونۇپ:

— مەن سېنىڭ قېنىڭنى ئىچىمدىم، ئەمدى مېنىڭ قې-

نىمنى ئېچمەكچى بولدۇڭمۇ؟ قېنى كىمنىڭ قېنىنى كىم ئېچىدىكەن؟ ! — دەپ سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. سىرتتا تو-خۇبازنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئېشەك بىلەن قوچقار يۈگۈرۈپ بېرىپ تەڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. ئۇنى قوپالماس قى-لىپ قويغاندا، خوراز:

— بۇرادەرلەر، توختاڭلار، بۇ نائەھلى مېنىڭ تېپىكىم بىلەن چوقۇلۇشۇمنىڭ تەمىنىمۇ تېتىپ باقسۇن، — دەپ، ئۇنىڭ باش - كۆزىنى چوقۇلاپ تېپىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خورازنىڭمۇ ئەنتىنى ئېلىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئۈچ جانىۋار ئايرىلماي بىرلىك-تە ياشاپتۇ ھەم نەگىلا بارسا ئېشەك خورازنى ئۈستىگە ئېلىپ يۈرۈپتۇ. شۇڭا، ھازىرمۇ توخۇلار ئېشەكنىڭ ئۈستىگە چى-قىپ ئۇخلىسىمۇ، ئۆز ئەجدادىدىن قالغان دوستلۇقنى قەدىر-لەش يۈزىسىدىن ئېشەك قۇلىقىنى ساڭگىلىتىپ تىنچ تۇرۇپ بېرىدىكەن.

# چاشقان قىز

ئۆتكەن زاماندا، بۇ دۇنيانىڭ خۇشلۇق ۋە مۇشەققەتلىرىدىن ئۆزىنى تەرك قىلىشنى ئويلايدىغان بىر زاھىت تاغ ئۆڭكۈرنى ماكان ئەيلەپ، بىرنەچچە ئون يىلنى شۇ يەردە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. زاھىت بارغانسېرى كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ تۈگەپ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، مادارىنىڭ ئاجىزلاپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى سېزىپ، تەڭرىدىن بىرەر ھەمراھ بېرىشنى ئىلتىجا قىپتۇ.

تەڭرى بۇ زاھىتنىڭ ئىلتىجاسىنى مەقبۇل كۆرۈپ، زاھىت بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ياشىغان بىر چاشقان بالىسىنى ئون ياشلىق قىز سىياقىغا كەلتۈرۈپ بېرىپتۇ.

چاشقان قىز زاھىتقا ياخشى خىزمەت قىپتۇ. چاشقان قىز زاھىت ئۈچۈن خۇددى ئۆز پەرزەنتىدەك بولۇپ قاپتۇ. يىللار ئۆتۈپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە زاھىت قىزغا قارىسا، تازا بالاغەتكە يەتكەن. ئۇ قىزنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ:

— سىز ماڭا ئۇزۇن يىل ھەمراھ بولدىڭىز، مەن سىزدىن بەكمۇ رازى. سىز ھازىر رەسىدە بولۇپ قالدىڭىز، سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئوڭلاش مېنىڭ بۇرچۇم. مەن بۇ ئىشتا ئىختىيارنى سىزگە قويۇپ، ئۆزىڭىز خالىغان كىشىگە بەرمەكچى. كىمنى خالىسىڭىز ئېيتىڭ، مەن خالىس ئەلچى بولۇپ، يولد-

ئىزنى مېڭىپ سىزنى خاتىرجەم قىلاي، — دەپتۇ.
چاشقان قىز زاھىتنىڭ ياخشى كۆڭلىگە مىڭ رەھمەتلەر-نى ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ:
— مەن ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇشنى ئەڭ زور بەخت-سائادەت دەپ بىلەتتىم، بىراق ئۆزلىرى ماڭا كۆيۈنۈپ ياتلىق بولۇشۇمغا قوشۇلدىلا، بۇ ئىلتىپاتلىرىنى ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن. مېنىڭ تەلىپىمنى قاندۇرۇش ئارزۇلىرى بولسا، مېنى ئەڭ باتۇر، قورقماس نەرسىگە بەرسىلە.
زاھىت بۇ مۇشكۇل تەلەپنى ئورۇنداشقا بەل باغلاپتۇ. ئۇ، ئاينى ئەڭ باتۇر بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئاينىڭ يېنىغا بېرىپتۇ - دە:
— ئەي ئاي، دۇنيادا سەندەك گۈزەل، باتۇر، سەندەك ئېگىز، يورۇقى كۈچلۈك نەرسە بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن، سېنىڭ ئەلگە قىلغان خىزمىتىڭ ئۇچۇن ساھىبجامال، ئىشچان قىزىمنى ساڭا بېرىشنى ئىختىيار قىلدىم، — دەپتۇ.
ئاي زاھىتنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلىگە تەشەككۈر ئېيتىپ:
— مەن سەن ئېيتقاندەك ئۇنچىلىك گۈزەل ئەمەس، يۇ-زۇمدىكى بۇ داغلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ مەن سەن ئېيتقاندەك ئۇنچىلىك ئېگىز ئەمەس، مەندىنمۇ ئېگىزلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ مەندە تەڭداشسىز يورۇق يوق، پەقەت كۈندىن ئالغان يورۇقنى زېمىنغا تارقىتىمەن. باتۇرلۇققا كەلسەك، بۇ-لۇت مەندىن كۆپ ئۈستۈن، ئۇ يورۇقنى توسۇۋالالايدۇ ھەم مېنى كۆمۈۋېتەلەيدۇ، شۇڭا ساھىبجامال قىزىڭنى بۇلۇت باتۇرغا بەرسەڭ ياخشىراق بولارمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.
زاھىت ئايدىن نائۈمىد بولۇپ، بۇلۇتنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:
— ئەي، ئاينىڭ يورۇقىنى توسۇپ قالالايدىغان باتۇر،

ئاڭلىسام سەن ئايدىنمۇ باتۇر ئىكەنسەن. مېنىڭ بىر قىزىم بار، ئۇ ساھىبجامال، ئەقىللىق، شۇ قىزىمنى ساڭا بېرىشنى لايىق كۆرۈپ يېنىڭغا كەلدىم، — دەپتۇ. بۇلۇت ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— مەن بەك خىجىل بولۇۋاتىمەن، مەن ئۇنداق باتۇر ئەمەسمەن، مەن ئاينىڭ يورۇقىنى توسالىغىنىم بىلەن، شامالدىن ئىنتايىن قورقىمەن. ھەقىقىي باتۇر دېسە شامالنى دېسە بولىدۇ، ئۇ مېنى سۈرۈپ قوغلىۋېتەلەيدۇ، كۆپ ھاللاردا شامال ئارزۇ - ئارمانلىرىمغا يەتكۈزمەيدۇ. شامال بىلەن كۆرۈشۈپ باققىن، — دەپتۇ. زاھىت كەشىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ شامالنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

— ئەي شامال باتۇر غوجام، مەن بىر باتۇرنى ئىزدىگىلى خېلى بولدى، سۈرۈشتۈرە - سۈرۈشتۈرە ئاخىر باتۇرلارنىڭ باتۇرى ئۆزلىرى بولۇپ چىقتىلا. ئۆزلىرىنىڭ تەرىپلىرىنى ئاڭلاپ ساھىبجامال قىزىمنى ئۆزلىرىگە بېرىپ كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش نىيىتىدە يانلىرىغا كەلدىم، — دەپتۇ. شامال زاھىتنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن:

— خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايلا، مېنىڭ باتۇرلۇقۇممۇ چاغلىق. مەن كونا تامدىن ئىنتايىن قورقىمەن، ھەرقانچە ھەيۋە بىلەن كەلسەممۇ، كونا تام يولۇمنى توسۇپ، ئۇ تەرەپكە ئۆتكىلى قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بوينۇمنى ئەگمەسكە ھەددىم ئەمەس. باتۇر بولار، كونا تامدەك بولماس، شۇڭا تامنىڭ قېشىغا بېرىپ باقسىلا، — دەپتۇ. زاھىت ئەسكى تامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەي شامالنى توسۇپ قالغۇچى باتۇر، مەن سېنىڭ غەيرەت - شىجائىتىڭگە قايىل! جاھاندا سەندەك باتۇر چىقمىدى. مېنىڭ ساھىبجامال، ئىشچان بىر قىزىم بار، ساڭا

بېرەي، قوبۇل قىلغىن، — دەپتۇ. ئەسكى تام دەپتۇ:

— مەن شامال بىلەن بوراننى توسقىنىم بىلەن، چاشقان دېگەن نەرسىدىن ئىنتايىن قورقىمەن. چاشقان ئاستىمدىن لەخ-مىلەرنى كولاپ مېنى غۇلىتىپ تاشلاش كويىدا يۈرىدۇ، خالىسا مېنى ئۆرۈپ تاشلايدۇ، شۇڭا چاشقان بىلەن كۆرۈشۈپ باققىن.

زاھىت شۇنداق قارىسا، بىر چاشقان ھېلىقى ئەسكى تام-نىڭ تۈۋىنى كولاۋاتقۇدەك. ئۇ چاشقانغا:

— ھەي چاشقان، قىزىمنى ساڭا بەرسەم ئالامسەن؟ — دەپتۇ. ھېلىقى چاشقان زاھىتقا تازا بىر قاراپ:

— ئالىمەن، — دەپتۇ.

زاھىت كۆڭلىنى توختىتىپ، ئۆزىنىڭ تۇرار جايىغا بې-رىپ، بولغان ئەھۋاللارنى قالدۇرماي چاشقان قىزغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. چاشقان قىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— مېنىڭمۇ ئارزۇ قىلغىنىم دەل قىران يىگىت چاشقان ئىدى، مەن بۇنداق بەختنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگە-نىدىم، — دەپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، زاھىتقا تە-شەككۇر بىلدۈرۈپتۇ ۋە بىر يۇمىلاپلا چاشقانغا ئايلىنىپتۇ. زاھىت چاشقانغا ئايلانغان قىزنىڭ چاشقان كامېرىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دۇنيادىكى ئىشلارغا ھەيران قاپتۇ.

# ھىيلىگەر توشقان

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدىكەن، قاغا پاختەكنىڭ ئۇۋىسىدىكەن. شۇ زامانلاردا يېزىغا يېقىن ئورماندا ئۆزى ناھايىتى چىرايلىق، ئەمما تولىمۇ ھىيلىگەر بىر توشقان ياشايدىكەن. ئۇ تولىمۇ ھىيلىگەر، قارا نىيەت ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ توشقان ئوتلاپ يۈرگەن تايچاق بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ «دوستلىشىپتۇ». بىر كۈنى بۇ ئىككىسى ئورماندا بىللە سەيلە قىلىپ يۈرسە، بىردىنلا ھاۋا بۇزۇلۇپ، يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئۇلار يامغۇردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ئورماننىڭ نېرىسىدىكى غارغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇلار غارنىڭ تۈۋىگە كېلىشىگىلا يامغۇر توختاپتۇ. ئۇلار غارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئوت قالاپ قاقلىنىپتۇ، بىرئاز ئىسسىغاندىن كېيىن، توشقان تايچاقنىڭ چاترىقىغا ئوت چېچىپ چاقچاق قىپتۇ. تايچاق شوخلۇق بىلەن ئارقىسىغا بىرلا سەكرەپ غارغا چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، غار ئىچىدىكى قۇرۇپ قالغان قاپاق تېرەكنىڭ شېخىغا ئىلىنىشىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ توشقاننىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، تايچاققا ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

— دوستۇم تايچاق، تۇرۇۋاتقان يېرىڭ قۇرۇپ قالغان

شاخ ئىكەن، سەكرىۋال، — دەپتۇ. تايچاق بۇنى ئاڭلاپ بىرلا سەكرىگەنىكەن، غارنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ.

نىيىتى يامان، ھىيلىگەر توشقان شۇ ھامان ئورمانغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئورمانغا كەلسە، شۇ يېزىدىكى باينىڭ مال-چىلىرى ئات بېقىپ يۈرگۈدەك. يەنە بىر شۇملۇقنى ئويلىغان توشقان ئۇلارغا:

— ھەي ئاكىلار، ئاۋۇ غاردا بىر ئات ئۆلۈپ قاپتۇ، ئۇ-نىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ پۇل قىلساڭلار قانداق؟ — دەپتۇ.

— بارالمايمىز، باينىڭ ئاتلىرىنىڭ ھەممىسى يېغىر. بىز بۇ يەردىن ئايرىلساق، ئاۋۇ دەرەختىكى قاغىلار كېلىپ ئاتلارنىڭ يېغىرىنى چوقۇسا، يېغىردىن قان - يىرىڭ ئېقىپ كەتسە، باي بىزنى ئۇرامدۇ؟ — دەپتۇ مالچىلار. توشقان:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ئاكىلار، ئاتلارغا قايرىلىپ قارد-غان ھەرقانداق قاغىنىڭ قانتىنى قايرىۋېتىمەن، — دەپ ۋە-دە بېرىپ، مالچىلارنى يولغا ساپتۇ.

مالچىلار ئاتنىڭ ئۆلۈكى بار تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن، توشقان ئورماندىكى چاڭگىلسىدا تۇخۇم بېسىپ ياتقان قاغىلارغا قاراپ:

— ئەي قارا قۇمچاق قېرىنداشلىرىم، قارىساڭلارچۇ، سى-لەر بىكار ياتقۇچە ئالدىڭلاردىكى ئاتلارنىڭ قېنىدىن مەززە قىلساڭلارچۇ، بۇ ئاتلارنىڭ ھەممىسى يېغىر، ئۇنىڭ تەمى بىر تاتلىق بېغىر، — دەپتۇ.

— توشقان ئاكا، سىزگە رەھمەت، لېكىن بىز بىكار ئە-مەس، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن تۇخۇم بېسىپ يېتىۋاتىمىز. بىز بۇ يەردىن ئايرىلساق، كىچىك باللار تۇخۇملىرىمىزنى ئوغرىلاپ كېتىدۇ، — دەپتۇ قاغىلارنىڭ بىرى.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ئۇنىڭغا ئۆزۈم كېپىل، — دەپ

مەيدىسىگە مۇشتلاپتۇ توشقان. قاغىلار توشقانغا قاراپ:

— توشقان ئاكا، خاتىرجەم بولالمايمىز، — دېيىشىپتۇ. بۇ سۆز توشقاننىڭ «غۇرۇرى»غا تازا تېگىپتۇ.

— ئەگەردە ئۇ ھارامزادىلەر بۇ يەرگە كېلىدىغان بولسا، قېنىدا تۇگمەن چۆرۈپ، سۆڭىكىدە ئۇن تارتىپ يەيمەن، — دەپ كېرىلىپتۇ توشقان. ئالدانغان قاغىلار ئۇۋىلىرىدىن قوزغالغاندىن كېيىن، ئالدامچى توشقان مەھەللىگە كەپتۇ. ئۇ ئېرىق بويىدا چاقپەلەك ئويناۋاتقان ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلاردىكى بەش ئوغۇل بالىنى كۆرۈپ:

— ئاغىنىلەر، ئاڭلاپ قېلىڭلار، ئاۋۇ تېرەكلەردىكى قاغا چاڭگىلىرىدا نۇرغۇن تۇخۇملار تۇرۇپتۇ. بۇنداق لىڭشىق ئويۇننى ئوينىغۇچە، قاغا چاڭگىسىدىن تۇخۇم ئوغرىلىساڭلار كۆڭۈللۈك ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— سىزگە كۆپ رەھمەت. ئاتا - ئانىمىز سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى، بىز ئۆيلەرگە قاراۋاتىمىز، ئۇ يەرگە كېتىپ قالساق، ئۆيلىرىمىزدىن خاتىرجەم بولالمايمىز، — دەپتۇ چوڭراق بىر بالا.

توشقان بالىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆزى ساقلاپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ، ئۇلارنى يولغا ساپتۇ. ئۆزى بولسا يېگۈدەك بىرنەرسە ئىزدەپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپتۇ - دە، داق يەردە چاپانلىرىنى غېرىبچە يېيىپ ياتقان ئۈچ ئادەمنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن ئوغرى بولۇپ، قەيەرگە قول سېلىشنى ئويلىشىپ ياتقانىكەن.

— ئاكىلار، نەدۇر ئىسمى - زاتىڭلار؟ نى سەۋەبتىن ياتتىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ توشقان ئۇلارغا ھىجىيىپ سالام بېرىپ. ئۇلاردىن بىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مېنىڭ ئىسمىم شاغېرىب، ئاچارچىلىق دەستىدىن

يۈرۈيمەن سارغىيىپ. بىز ئۈچىلىمىز مۇساپىر غېرىب، قورساق ئاچ، ماڭالمىدۇق ھېرىپ، — دەپتۇ.

— ئەخمەق ئاكىلار، — دەپ قولىنى شىلتىپتۇ توشقان، — مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بەش ئائىلىلىكنىڭ ھەممىسىدە ئادەم يوق. «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ياتقۇچە، تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى قىلساڭلار بولمامدۇ؟

ئوغرىلار توشقاندىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال قوزغىلىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھىيلىگەر توشقان ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان شۇملۇقلارنىڭ نەتىجىسىنى تاماشا قىلىشقا باشلاپتۇ. قارىسا، قاغىلار چوقۇغان ئاتلارنىڭ دۈمبىسىدىن قان - يىرىڭ ئېقىپ، باي ئاتقا ياخشى قارىمىدىڭ، دەپ مالچىلارنى ئۇرۇۋاتقۇدەك؛ بالىلار قاغىنىڭ چاڭگىسىدىكى تۇخۇملارنى ئېلىپ چىقىپ تۇرغاندا، قاغىلار كېلىپ بالىلارنىڭ باش - كۆزىنى چوقۇۋاتقۇدەك؛ قاغىلاردىن مىڭ تەستە قۇتۇلغان بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، ئۆينى ياخشى ساقلىماي ئوغرىغا بېرىپسەن، دەپ ئۇلارنى قوغلاپ ئۇرۇۋاتقۇدەك.

توشقان ئۆزىنىڭ ئىش قاملاشتۇرالايدىغان چېچەنلىكىدىن رازى بولۇپ كۈلۈپتۇ، كۈلۈپتۇ، كۈلىۋېرىپ تېلىپتۇ. خۇدايىم ساق ياراتقان ئۈستۈن كالپۇكى كۈلىۋېرىپ يېرىلىپتۇ.

## ئادەم قالتىسمۇ، ھايۋانمۇ

بۇرۇن بىر جاڭگالدا، شىر، ئېيىق، مولۇن، توشقانلار ئارىسىدا: «ئادەم قالتىسمۇ، ھايۋانمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە چوڭ بىر دەتالاش باشلىنىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى تالاش - تارتىشلار ئاخىرلىشىپ، شىر: «ئادەم ھېچقاچان ھايۋانلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ھايۋانلار قالتىس !» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپتۇ. ھۆكۈمگە چىن كۆڭلىدىن قوشۇلمىغان كۆپچىلىك: «قېنى، شىر غوجامنىڭمۇ ئەھۋالىنى كۆرەرمىز !» دېيىشىپ، ئاستا ئۆز جايلىرىغا قايتىشىپتۇ. تالاش - تارتىشلارغا تولكە بەگ قاتناشمىغانىكەن، ئۇ قايسى تەرەپتىكىن، بۇ نامەلۇم. ئىشقىلىپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە كېتىۋېتىپ: «ھەرھالدا، بىز ئادەملەرنىڭ چىشىغا تەگمەي، ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولايلى» دېيىشىپتۇ.

تېخى ئارىدىن ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتمەي، شۇ ئەتراپتا بىر ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ، ئۆز بېشىنى يىراق يەرلەرگە ئېلىپ كەتمەك بولۇپ ئويلاپتۇ، ئويلا - ئويلا: «ياخشى ئات ــ ئوغۇل بالىغا قانات» دېگەن ماقال ئۇنىڭ ئېسىگە كەپتۇ. گادايلارغا ياخشى ئات نەدە تۇرۇپتۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ ئاخىر ئۇ ئادەم جاڭگال باينىڭ تاغدىكى ئاتلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر ئاتنى تالالاپ مىنىپ قاچماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «تە-

ۋەككۆل» دەپ يولغا چىقىپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن كەچتە ھېلىقى تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ، ئەتراپقا ئۇبدان سەپسېلىپ، ئىنس - جىنغا تۇيدۇرماي، ئاتلار سولانغان قاشانىڭ يېنىغا كەپتۇ.

مانا قىزىق، دەل شۇ كۈنى كەچ شىر غوجامنىڭ «شىرلىقى» تۇتۇپ كېتىپ، ئۆز قولى بىلەن چوڭراق بىر ئولجا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن شۇ ئەتراپقا سەپەرگە چىققانىكەن.

بۇ ئادەم ئۇ ئىشلارنى نەدىن بىلسۇن؟ پۈتۈن ئەس - يادى ئۆز كويى بىلەن، ئۆز ئىشىنى قىپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى شىر يولۇقماپتۇ. ئادەم چېۋەرلىك بىلەن ئاستا قاشانىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئاتلارغا راسا سەپساپتۇ. ئەتراپ سۈرلۈك، گۆردەك قاراڭغۇ، قاشانىڭ ئىچى گۈلدۈر - گۈلدۈر... ئاتلارنىڭ ۋەھىمىلىك پۇرقۇشلىرى قۇلاققا كىرىپ تۇرىدىكەن. ھە دېگەندە ھېچنېمىنى بايقىغىلى بولماپتۇ. ھېلىقى ئادەم: «قايسى ئات ئەرگە قانات... مىنىدىملا ئۇچۇپ كېتەلەيدۇ؟» دەپ، پۈتۈن دىققىتى ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئاتلارغا نەزەر سېپتۇ. ئېگىز قېشىپ تازا سەپسېلىپ قارىسا، ئاتلارنىڭ ئىچىدە بىر ئات سوزۇلۇپ لىك - لىك ئىرغىپ يۈرگۈدەك. ئادەم: «ئەمدى تاپتىم !» دېگەن خۇشاللىق بىلەن، ئالدىدىن ھېلىقى ئات شۇنداق ئۆتۈشكە ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ «شارت»لا قىلىپ مىنىۋاپتۇ، ئات ئۈستىگە يەملەشكەندەك چۈشۈپ مىخلىنىۋاپتۇ. «جاھاندا ئۆزۈم بىرلا !» دەپ ماختىنىپ يۈرگەن بۇ توسۇن ئات غەزەپ بىلەن چاپچىپ قاشا ئۈستىدىن ئوقتەك شۇڭغۇپ چىققانچە، تاغۇ تاش، باياۋانلارغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئادەم ياخشى ئاتقا يېتىشسەم دېگەن كىشىلەر ھېچ يەردە مەندەك مۇرادىغا يەتمىگەندۇ، دەپ، تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، ئاتنىڭ يالىدىن مەھكەم تۇتقانچە، ئارىلاپ تېقىمداپ قويۇپ چىڭ ئولتۇرۇپتۇ. ئات

كىچىچە چىپىپتۇ، ئۈستۈمگە يىپىشقان قانداق بالا ـ قازادۇ، دەپ، جىمىكى كۈچى بىلەن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپتۇ. تاشتىن تاشقا، پەستىن ـ ئۆرىگە، ئۆرىدىن ـ پەسكە چىپىپتۇ، بولماپتۇ؛ چوڭ ئۆستەڭلەرنىڭ ئۇ قېتىدىن، بۇ قېتىغا سەكرەپتۇ، تۇز يەرلەردە ئاسمانغا ئۆرلەپ چىچاڭلاپ بېقىپتۇ، بولماپتۇ؛ قۇيۇندەك كېتىپ بېرىپ بىردىنلا ئارقىغا، يانغا بۇرۇلۇپ بېقىپتۇ، يەنە بولماپتۇ؛ ئاخىر كۆز يەتكۈسىز يىراقلارغا بوراندەك ئۇچۇپمۇ بېقىپتۇ، زادى قۇتۇلالماپتۇ. ئات قانچە ئېيىتىسا، ئادەممۇ شۇنچە يىپىشىپ، «ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەن»دەك، ھە دەپ بىقىنىغا تېپىپ تىنىم تاپقۇزماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاغمۇ سۇزۇلەي دەپ قاپتۇ. ئامال قانچە، ئاتمۇ كۆنۈپتۇ، مىدىرلاشقا دەرمانى قالماپتۇ، ھەتتا يىقىلىپمۇ چۈشۈپتۇ. ئادەم، ئاپلا ! بىچارە، نېمە بولدىكىن، دەپ، ئاتنىڭ ئۈستىدىن شۇنداق چۈشۈپ قارىسا، شىر. ئاتلاردىن بىرەرىنى ئولجا ئېلىش ئۈچۈن قاشانىڭ ئىچىگە كىرگەن شىر ئىكەن، شىر بولغاندىمۇ شىرلارنىڭ پادىشاھى ئىكەن.

ئادەم، توختا، ھايۋان ھايۋانلىقىنى قىلمىسۇن يەنە، دەپ، چاققانلىق بىلەن ئۇدۇلدا تۇرغان ئېگىز دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. ئاڭغىچە كۈنمۇ تاغ ئارقىسىدىن ئارتىلىپ چىقىپتۇ.

شىر بىرھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئۇتتۇردىكى دەرەخ ئۈستىدە، قوپسىلا مىنىۋالىدىغاندەك قىلىپ بىر ئادەمزات تۇرغۇدەك. شىر قورققىنىدىن دەررۇ كۆزىنى يۇمۇپ، ئىچىدە: «نىزامىبىللا... پاناھ بەرگەيسەن ئاللا ! ئېزىپتىمەن...» دەپ، يەنە ئۆلگەندەك يېتىۋېلىپ قۇتۇلۇشنى ئويلاپتۇ. شۇ ئارىدا بىر تۈلكە كېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شىر پادىشاھ ! — دەپتۇ. شىر، بىرەر مەدەتكار كېلىپ قالدىمۇ، نېمە، خۇدا، دەپ، ئاستا پەم

بىلەن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ھېلىقى دەتالاشتىن خەۋىرى يوق تۆلكە بەچچىغەر ئىكەن. شىر كۇسۇرلاپ:

— ھىم، زۇۋانىڭنى چىقارما، ئادەم، ئادەم... — دەپتۇ. تۆلكە:

— تەقسىر، ئادەم دېگەن قانچىلىك نېمىتى... سىلى شۇنچىۋالا قورقسىلا، باشقىلار قانداق قىلار... — دەپتۇ. شىر تېخىمۇ جىلە بولۇپ:

— كاساپەت، جىم ! ئادەمنى ھەرقانچە كۆزگە ئىلمىساڭ مەنچىلىك ئىلماسسەن. جېنىڭنى ئاستا چەتكە ئال، مېنىڭمۇ بېشىمغا چىقىسەن... — دەپ خىرىلداپتۇ. تۆلكە تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇستىلىق قىلىپ:

— تەقسىر، ئادەم دېگەن ئەخمەق كېلىدۇ... مەن ھازىرلا ئۇنى جايلاپ، جانابلىرىنىڭ ناشتىلىقلىرىغا تەييارلايمەن، — دەپ، شىرنى قايىل قىلغاندەك بولۇپ، ئادەمگە قاراپ مېڭىپتۇ. شىر: «ھەي، قانداق بولاركىن...» دەپ قاراپ يېتىپتۇ. تۆلكە دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپ ئادەمگە شۇنداق قاراپ، يۈگۈرۈپلا چىقسام قولىدىكى تاياق بىلەن كاللامغا بىرنىلا ئۇرۇپ ئىشنى تۈگەتمىسۇن، ئۇنىڭدىن كۆرە بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئاۋۋال پەسكە چۈشۈرۈۋالاي، دەپ ئويلاپتۇ، دەرەخ تۈۋىدە ئېغىناپ ھەر خىل قىلىقلار بىلەن ئەركىلەپتۇ...

ئادەم، شىرنى كۆزدىن يوقىتالماي تۇرسام، ئەمدى بۇ ھارامزادە نەدىن كەلدى، توختا، دەپ، دەرەختىن سۇندۇرۇۋالغان قولىدىكى ئۇزۇن تاياقنىڭ ئۇچىغا بەلۋېغىدىن چىقىرىپ ئەشكەن تانا بىلەن قىلتاق ياساپ چىڭ باغلاپ، ئاستا تۆۋەنگە چۈشۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۆلكە قىلتاقنى نەدىن ئۇقسۇن، تېخى ئۇنى ئانچە - مۇنچە ئويناپ قويۇپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپتۇ، ئۇڭدا يېتىپ ئەركىلىگەن بوپتۇ. ئادەم قىلتاقنى پەم بىلەن تۆلكىنىڭ بوينىغا سېلىپ، ئاندىن «مۇشۇككە ئو-

يۇن، چاشقانغا قىيىن» دېگەندەك، يۇقىرىغا شۇنداق بىر تارتىپتىكەن، تۇلكە بىر - ئىككى چىرقىراپتۇ، كېيىن خىرقىراپتۇ، ئاندىن تېرىدەك ساڭگىلاپ قاپتۇ. بۇ ھادىسىدىن تېخىمۇ قورقۇپ، شىر: «مەن دېمىدىمۇ، كاساپەت! خەير، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ» دەپ ۋارقىراپ، ئاخىرقى كۈچىنى گەۋدىسىگە يىغىپ شۇنداق قېچىپتۇكى، ھەش - پەش دېگۈچە بۇ دەرگاھلىقتىن غايىب بولۇپ، ئادەمزاتقا كۆرۈنمەپتۇ. تۇلكە دەرەخ ئۇچىدا ئېسىلغان بويى قاپتۇ، ئادەم بولسا، خاتىرجەم ئۆز ناخشىسىنى ئېيتىپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

«تادان تۇلكە تۇمشۇقىدىن ئىلىنەر» دېگەن ماقال مانا شۇنىڭدىن قالغانمىش.

# ھىيلىگەر تۈلكە

بىر توپ توخۇ يالاڭ تاج خورازغا ئەگىشىپ، تۈلكىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغىلى ئېيىقنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئېيىق پالۋان، — دەپتۇ ئۇلار، — شۇم تۈلكە بىزگە كۈن بەرمەس بولدى، ھېچقايسىڭلاردىن ئەيمەنمەستىن، بىز توخۇلارنى قىرغىنى قىرغان.

— تۈلكىما؟ ! ئۇ مۇتتەھەمنىڭ جاجىسىنى ئۈزۈم بېرەي، — دەپتۇ ئېيىق، ئاندىن تۈلكىنى چاقىرتىپ كەپتۇ. تۈلكە قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ:

— ئېيىقباي، مەن سىزنىڭ بىقىنىڭىزغا تاش پاتمىسۇن دەپ، پەي ياستۇق تەييارلاشنىڭ غېمىدە بولدۇم، — دەپ قولتۇقىدىكى بىر ياستۇقنى ئېيىققا ئۇزىتىپتۇ، — مەن سىزنىڭ غېمىڭىزدە يۈرسەم بولار مېنى يامان دەپ سىزگە ئەرز قىلىشىپتۇ...

ئېيىق يۇمشاق تەكيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، توخۇلارغا:

— يوقىلىڭلار، ئەخمەقلەر ! ئىككىنچى مۇنداق بىمەنە سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ ئالدىمغا ئەرز قىلىپ كەلمەڭلار ! — دەپ، توخۇلارنى قوغلىۋېتىپتۇ.

شۇ كېچە يەنە ئىككى توخۇنىڭ شورى قۇرۇپتۇ. توخۇلار ئەمدى بۆرىگە ئەرز قىپتۇ.

— تۈلكىنىڭ دەستىدىن قىينالدۇق، — دېيىشىپتۇ ئۇلار. بۆرە تۈلكىنى ھەيدىتىپ كەپتۇ.

— بۆرە جانابلىرى، مەن بىقىنىڭىزغا قاتتىق يەر پاتمىسۇن دەپ ياستۇق ئەكەلدىم. ئۇ پۆپۈكلۈك ئەخمەقلەر سىزنىڭ غېمىڭىزدە يۈرگىنىمنى بىلمەيدۇ، — دەپتۇ تۈلكە قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ.

بۆرە پەي ياستۇققا يۆلىنىپ راھەتلىنىپتۇ - دە، توخۇلارغا ۋارقىراپ:

— كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار، پايپاقلىق پۆپۈكلەر! تۈلكە ئىشنى بىلىپ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن خەيرلىك ئىش قىلغانلارنىڭ ئۈستىدىن ماڭا ئەرز قىلىپ كەلمەڭلار! — دەپتۇ.

توخۇلار بۇ قېتىممۇ دەرد - ئەلەم چېكىپ قايتىپ كېتىپتۇ. شۇ كېچىسى يەنە ئۈچ توخۇ تۈلكىگە يەم بوپتۇ. ئەتىسى توخۇلار تايغانغا بېرىپ ئەرز قىپتۇ. تۈلكە تايغانغىمۇ ياستۇق بېرىپ:

— سىزنىڭ غېمىڭىزنى قىلىپ يۈرگەنىدىم، — دەپتۇ. تايغان ياستۇققا قارىماپتۇ. ئۇ:

— بۇ شۇم تۈلكىنىڭ شورىنى قۇرۇتۇڭلار! — دەپ، تۆت كۆز، ئاق تۆش بويناقلارغا بۇيرۇپتۇ. ئىتلار تۈلكىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ راسا تالاپتۇ.

— ئەمدى تۈلكىنى چۆلگە قوغلاڭلار! — دەپتۇ تايغان، — بولمىسا، توخۇلارنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ، پەيىنى «ئۇلۇغ»لارغا تەقدىم قىلىپ، يەنە تېخى خېلى بىرلىرىنى ئالدايدۇ بۇ ھىيلىگەر!

شۇنىڭدىن كېيىن شۇم تۈلكىنىڭ شورى قۇرۇپ، چۆلدە يۈرىدىغان بوپتۇ. تايغاننىڭ ئادالىتى بىلەن توخۇلار خاتىرجەم تۇخۇملىرىنى تۇغۇپ، چۈجىلىرىنى چىقىرىپتۇ.

# تۈلكىنىڭ يولۋاسنى بابلىشى

بۇرۇن جاڭگالدا ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن شۇنداق ئۆم ئىكەنكى، ئانا - بالا، ئاكا - ئۇكا، ئېگىچە - سىڭىل بولۇپ ياشايدىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر ماختانچاق يولۋاس ھايۋانلارغا پادىشاھ بولۇپ قاپتۇ. يولۋاس شۇ كۈندىن باشلاپ تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، ھايۋانلار ئارىسىغا نىزا سېلىپ، ئۇلارنى پارچىلاشقا باشلاپتۇ. ياۋۇزلۇقى ھەددىدىن ئېشىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلا ھايۋاننى تۇتۇپ يەپ، يېمىسە بوغۇپ ئۆلتۈرگىلى تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھايۋانلار بۇ جاڭگالدا تۇرالماي، تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىپتۇ. يولۋاسنىڭ يېنىدا پەقەت بىر قېرى تۈلكىلا قاپتۇ.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، ھايۋانلار يەنە كۆپىيىپ، بىر كۈنى يەنە بىر قېلىن جاڭگاللىققا يىغىلىپ، يولۋاسنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامال - چارىسى ئۈستىدە كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتسا، ھېلىقى قېرى تۈلكە كېلىپ ئۇلارغا قېتىلىپتۇ - دە، ئۆزدنىڭ دەرد - ئەلىمىنى سۆزلەپ، يولۋاسنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ. كېڭەش خېلىغىچە داۋام قىپتۇ، ئاخىردا ھايۋانلار، يولۋاسنىڭ خۇي - مىجەزىنى بىلىدۇ، دەپ، ھېلىقى قېرى تۈلكىگە يولۋاسنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپتۇ. قېرى تۈلكە ماقۇل كۆرۈپتۇ.

قېرى تۈلكە ئەتىسى يولۋاسنىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ ۋە توققۇز تەزىم بىلەن ئالدىغا كىرىپتۇ. ئۇيولۋاسقا قاراپ:

— جانابىڭىزغا بىر تېتىملىق ئوزۇق ئېلىپ كېلەي دېگەن ئۈمىدتە ئۇۋغا چىققانىدىم، كەچ كىرىپ كېتىپ، بىر كاماردا سىزنى، ئاتىڭىز ئالىيلىرى بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئاخشىمى ئاتىڭىز ئالىيلىرى چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، — دەپتۇ. يولۋاس ئاچچىقىدىن يېنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سەن قېرى، ئاتام بىلەنمۇ بىللە بولغانمىدىڭ؟ سۆزلە، ئاتام قانداق كىشى ئىدى؟ — دەپتۇ تۈلكىگە.

— ئاتىڭىز ئالىيلىرى، — دەپتۇ تۈلكە، — ئالىيجاناب ئىدى، رەھمىتىنىڭ قەددى - قامىتى، تەقى - تۇرقى، خۇي - مىجەزى، قىلىق - ئادەتلىرى سىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، خالىغان چاغلىرى ساياھەتكە چىقاتتى، خالىغان چاغلىرى تاغدىن تاغقا سەكرەپ بەدەن چېنىقتۇراتتى.

ماختانچاق يولۋاس خۇش بولۇپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كۈلۈپتۇ، كېرىلىپ تۇرۇپ:



— ئاتامنىڭ پەزىلەتلىرىنى نېمىشقا بۇرۇنراق سۆزلەپ بەرمىدىڭ؟ — دەپتۇ. تۇلكە:

— تەقسىر، ئاتىڭىز جاھاندا تەڭدىشى يوق باتۇر ئىدى، بىر سەكرەپ بۇ تاغدىن ئۇ تاغقا چىقاتتى، يەنە بىر سەكرەپلا چوققىغا چىقاتتى. ئاتىڭىز بۇ ماھارەتنى ئۇردا ئالدىدىكى يار-دىن سەكرەپ يۈرۈپ يېتىشتۈرگەن. «ئاتا ئىزىنى بالا باسىدۇ» دېگەن گەپ بار، مانا ھازىر سىز ئاتىڭىزنىڭ ئىزىنى باستى-ڭىز، — دەپتۇ.

ماختانچاق يولۋاس ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، قېرى تۇل-كىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، ئۆزىنى ئاتىسى سەكرەپ ماھارەت يېتىلدۈرگەن يار بويىغا باشلاپ چىقىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. تۈلكە ئۇنى تاغقا باشلاپ چىقىپ ھەم چوڭقۇر، ھەم كەڭ بىر يەرنى كۆرسىتىپتۇ ـ دە:

— ئاتىڭىز رەھمىتى مانا مۇشۇ ياردىن ھەر كۈنى ناشتىدىن ئىلگىرى ئۇ ياققا بىر، بۇ ياققا بىر سەكرەپ ئۆتەتتى، — دەپتۇ.

يولۋاس مەيدىسىگە مۇشتلاپ، ئالچاڭلاپ مېڭىپ تۇرۇپ:

— مەنمۇ ئاتا بالىسى، — دەپتۇ.

— راست، مۇبادا سىز ئاتىڭىزدەك سەكرىسىڭىز، تېنى-ڭىز ساغلام بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەتتىڭىز، دۆلىتىڭىز زى-يادە، پۈتۈن جاھان ئىلكىڭىزدە بولاتتى، — دەپتۇ تۇلكە.

يولۋاس ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ ياردىن ئۇياققا بىر، بۇياققا بىر سەكرەشكە ۋەدە قىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە يولۋاس قېرى تۇلكىنى باشلاپ يار بو-يىغا كەپتۇ. يولۋاس سەكرىمەكچى بولۇپ يۈگۈرۈپ كېلىپ توختاپ قاپتۇ. قاراپ تۇرغان تۇلكە:

— مانا ـ مانا، ئاتىڭىز ئالىيلىرىمۇ خۇددى سىزدەك بىر يۈگۈرۈپ، بىر توختاپ، يەنە بىر يۈگۈرۈپلا سەكرەپ ئۆ-

تۇپ كېتەتتى، — دەپ يولۋاسقا مەدەت بېرىپتۇ. يولۋاس بار كۈچىنى يىغىپ بىر سەكرىگەنىكەن، چوڭقۇر يارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئىككى پۈكلىنىپ چۈشۈپتۇ، ئۇستىخانلىرى سۇ-نۇپ، ئىچ-باغرى چۇۋۇلۇپ، قىمىر قىلالماي قاپتۇ. تۈلكە ئاستا يارغا چۈشۈپ، يولۋاسنىڭ قۇيرۇقىدىن يېيىشكە باشلاپ-تۇ. جېنى تومشۇقىغا بېرىپ قالغان يولۋاس:

— ھەي، ھال سورىماي، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپتۇ. تۈلكە يولۋاسنىڭ بېشىنى دەسسەپ تۇرۇپ:

— نېمە قىلغىنىم بولاتتى، ئاتىڭىزنى قانداق بابلىغان بولسام، سىزنىمۇ شۇنداق بابلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

# قويىنى قايىسى يېدى

بۆرۈن بىر تاغلىق يېزىدا بىر ئوۋچى بولۇپ، ئۆيىدە باققان قويى تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپتۇ، ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. شۇڭا، ئۇ غەزەپلىنىپ، جاڭگالدىكى بۆرە، تۈلكە قاتارلىق كاتتىلارغا: «قويۇم يوقاپ كەتتى، قايسىڭ يەپ كەتكەن بولۇشاڭ ئۆزۈڭنى مەلۇم قىلىش! بولمىسا، نەسلىڭنى قۇرۇتىمەن!» دەپ جاكارلاپتۇ. بۇنى ئىشىتكەن بۆرە، تۈلكە قاتارلىقلار ئوۋچىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ بىر ئورۇندا تۇرالماپتۇ ۋە بىر - بىرى بىلەن ئۆزئۇنچە كۇسۇلدىشىپتۇ. ئەتىسى تۈلكە ئۆيمۇئۆي ناىناقلاپ بېرىپ، جاڭگالدىكى بارلىق ھايۋانلارغا:

— ئەتە بۆرە بېگىمنىڭ ھوزۇرىغا يىغىلىڭلار، زۆرۈر گەپ بار! — دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ.

دېگەندەك ئەتىسى پۈتۈن جاڭگال ئەھلى — ياۋا مۇشۇكتىن تارتىپ چاشقانلارغىچە، ھەتتاكى قورقۇنچاق توشقانغىچە تولۇق يىغىلىشىپتۇ.

— ھەممىڭلارغا، — دەپتۇ تۈلكە خۇشامەتچىلىك بىلەن ھىجىيىپ ۋە ئىرغاڭشىپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ، ناىناقلاپتۇ، — جانابىي بۆرە بېگىمنىڭ مۇھىم ئۇقتۇرۇشى بار، دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار!

تۈلكە بۆرىگە ئېگىلىپ چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىپتۇ. ئىككى كۆزى قانغا تولغان، ئاغزى ـ بۇرنى قان يۇقى، تەرى سۆرۈن بۆرە بەگ ھەيۋە بىلەن يۆتىلىپ قويۇپ، كېكىردىكىنى قىرىپ، ئاندىن سالاپەت بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، ئالدىدىكى جامائەتكە گىدەيگەن ھالدا گەپ باشلاپتۇ:

— خالايىق ! ئۇۋچى غوجامنىڭ بىر قويى يوقاپ كەتكەنىكەن، بۇنى بىز جاڭگال ئەھلىدىن كۆرۈۋاتىدۇ. كىم يېگەن بولسا ئۆزىنى مەلۇم قىلمىسا، ھەممىمىزنىڭ نەسلىنى قۇرۇت-



ـماقچى، شۇڭا بىر قوي ئۇچۇن ھەممىمىز تۇگەشمەيلى، قېرـ
ـنى، بولايلى... — ئۇ شۇنداق دەپ، ئارقىدىنلا چەكچەيگەن
ۋەھشىي كۆزلىرىنى قەھرى بىلەن ھەممىگە بىر - بىرلەپ
تىكىپ چىقىپتۇ ۋە يالۋۇرۇش ئىسىدىن چىقىپ قالغان تۇمـ
ـشۇقىدىكى قان يۇقىنى دەرھال يالىۋېتىپتۇ، ئارقىدىنلا:
— مەنمۇ ئۇ قوينى يېمىدىم ھەم كۆرمىدىم. ئەگەر يېگەن
بولسام راستىمنى دەيتتىم. قېنى چاپسانراق بولۇڭلار، نېمانچە
ئېزىلىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتتىڭلار؟ ! — دەپ ئالدىرىتىپتۇ.
ئۇنىڭ ۋەھشىي تۇرقىدىن ۋە ئاچىماق گەپلىرىدىن دىـ
ـرىلدىشىپ، گەپنىڭ تېگىنى چۈشەنگەن ھايۋانلار قوينى كىمـ
ـنىڭ يەپ كەتكەنلىكىنى بىلىشىمۇ، لېكىن بېشىغا پالاكەت
يېغىپ ئاۋارىچىلىككە قېلىشتىن ئەنسىرىشىپ، ئۈنچىقماي
جىم ئولتۇرۇۋاپتۇ.
— مەنمۇ يېمىدىم، — دەپتۇ تۈلكىۋاي ھىيلىگەرلىك
بىلەن كۈلۈپ، ناياقلاپ تۇرۇپ، — ئەگەر يېگىنىمنى بىرەر
يەردە قايىسىڭلار كۆرگەن بولساڭلار، يۈز - خاتىر قىلماي دەڭلار !
— مەنمۇ يېمىدىم، — دەپ ئۆزىنى ئاقلاپتۇ ياۋا مۈشۈك.
— مەنمۇ يېمىدىم، — دەپتۇ سۆسەر تۆرە.
شۇنداق قىلىپ، بارلىق گۆشخور ھايۋانلار ئۆزىنى ئاقلاپ
ياقىغا چىقىپتۇ. ئاندىن ئوتخور ھايۋانلاردىن ئالدىدا يۈزلۈكـ
ـرەكلىرى، ئارقىدىن قالغانلىرى ھەر خىل سەۋەبلەرنى تېپىشىپ
سۆزلەپ، كۆرمىگەنگە چىقىپ ئۆزلىرىنى ياقىغا ئېلىشىپتۇ.
ئەڭ ئاخىردا قورقۇنچاق ئۇزۇن قۇلاق توشقانجانلا قاپتۇ.
ئۇ بىچارە بۇگۈنكى مەجلىسنىڭ مەقسىتىنىمۇ تۇزۇكرەك
چۈشەنمەيدىكەن. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى:
«بۆرە مېنى يەپ قويارمۇ؟» دېگەن جان قايغۇسى بىلەن ئىكەن.
— ھە، ئۇزۇن قۇلاق ! ھەممەيلەن ئۆز گېپىنى دەپ

بولدى. سەن نېمىشقا شۇمشىيىپ، چەكچىيىپ بۇلۇڭغا كىرىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە بىردىنلا قىستاپ.

توشقان بىچارە، مېنى يەۋېتىدىغان بولدى، دەپ، تېخىمۇ قورقۇپ تىلى كالۋالىشىپتۇ.

شۇ چاغدا ئەقىللىق تېكىنۋاينىڭ رەھمى كېلىپ، ساقال-لىرىنى ئاچچىق بىلەن سىلكىپ، توشقاننىڭ قېشىغا كېلىپ، مۈڭگۈزى بىلەن بىقىنىغا ئاستا تۈرتۈپتۇ ـ دە، قۇلىقىغا شىۋىرلاپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ:

— ھەي نادان! ھەممىسى بىر سەۋەب تېپىپ ئۆزىنى ئاقلاپ بولدى. بۇنداق قورقۇپ جىم ئولتۇرساڭ، ئاخىر بۇ ئىش ساڭا توقۇلۇپ قالىدۇ. ھەممىسى سېنىڭ گۆش يېمەيدى-غانلىقىڭنى بىلىدۇ، مۇشۇ سەۋەب بىلەن ئۆزۈڭنى ئاقلا! بۇنى گۆشخور ھايۋانلار يېگەندۇ، دېگىن!

بىچارە توشقان تىترەپ، ئەمدى ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا:

— ھەي ئۇزۇن قۇلاق! خۇدۇكسىنىپ، ئۇنچىقمىغىنىڭ-غا قارىغاندا، قوينى سەن يېگەن ئوخشىمامسەن؟ ئېيتە! — دېگەن بۆرىنىڭ دەھشەتلىك ئۈنى جاڭگالدا ياڭراپ كېتىپتۇ. توشقان ھوشىنى يوقىتىپ، تېخىمۇ مەڭدەپ كېتىپتۇ.

— راست، راست، — دېيىشىپتۇ كۆپلىگەن ھايۋانلار بۆ-رىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ ۋە ئۆز بېشىدىن پالاكەتنىڭ ئۇزاقلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، — قوينى چوقۇم توشقان يەپتۇ، بولمىسا، يۈرەكلىك گەپ قىلغان بولاتتى.

— قېنى ئېيتە! — دەپتۇ بۆرە تېخىمۇ غالجىرلىق بى-لەن قىستاپ ۋارقىراپ.

— بولمامسەن، گومۇش! — دەپتۇ تۈلكە ئالدىرىتىپ.

— ئەمدى ئىقرار قىلماي بولمىدى، توشقانجان، دە-ۋەتكىن! سەن ئۈچۈن ھەممىمىز بالاغا قالمايلى! — دەپتۇ

باشقىلار سالا - سۈلھى قىلىشىپ.

بۇ ئادالەتسىزلىكتىن يۈرىكى ئېچىشىپ تۇرالماي قالغان تېكىۋاي شۇنچە جامائەتنىڭ توشقاننىڭ گۆش يېمەي، ئوت يەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھەقىقەتتىن كۆز يۇمۇپ، توشقاننى قۇربان قىلىپ بېرىشكىنىگە غەزەپلىنىپ كېتىپتۇ ۋە بۇ نادانلىق ۋە جاھالەتكە لەنەت ئوقۇپتۇ، ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ھەقىقەتنى سۆزلەشنى نەچچە رەت ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆيدە خوتۇنى ئۆچكىخان يېگى تۇغۇتلۇق، ئىككى بوۋىقى يىغلاپ قالغاچقا، دوغىيىپ چىقىپ قېلىپ، ئائىلىسىگە پالاكەت يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بىر ئەرنەرسە دېيەلمەي، تىت - تىت بولغىنىچە ئىلاجسىز تۇرۇپ قاپتۇ.

شۇ چاغدا توشقانمۇ جان ئۈمىدىدە ھوشىغا كەپتۇ ۋە غەيرەتلىنىپ، ئۆزىنى ئاقلىماقچى بوپتۇ، لېكىن ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، كۆزى بۆرىنىڭ دەھشەت بىلەن ھومىيىپ، پارقىراپ تۇرغان كۆزىگە چۈشۈپ، ۋۇجۇدى ئوتتا ئېرىگەندەك يۇمشاپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ، ئاغزىدىن بولسا، دېمەكچى بولغان سۆزىنىڭ ئەكسى چىقىپتۇ:

— قوينى، مە ... مە ... مەن، يې ... يې ... يېدىم...

شۇنداق قىلىپ، بىچارە توشقان قورقۇنچاقلىقىنىڭ كاساپىتى بىلەن ياۋۇز بۆرىنىڭ تۆھمىتىنىڭ ئېچىنىشلىق قۇربانى بوپتۇ.

# مۈشۈك پادىشاھ

بىر ئوغرى مۈشۈك جاڭگالدا ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئورمانغا كىرىپ كېتىپ بارسا، يولدا بىر قوڭۇر تۈلكە ئۇچراپ قاپتۇ. مۈشۈك ئۆمرىدە تۈلكىنى كۆرمەپتىكەن، شۇڭا ئۇ، بۇ قانداق جانىۋاركىنە؟ يەنە مېنى يەپ قويمىسۇن ! دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ تۇرۇپتۇ. مۈشۈكنى كۆرگەن تۈلكىمۇ، بۇ كىم بولدى ئەمدى؟ ئۆمرۈمدە بۇنداق ئاچچىقى يامان ھايۋاننى كۆرمىگەنىدىم، ئۆزى كىچىك كۆرۈنىدۇ، كۆزلىرىنىڭ يېنىشىنى قارا بۇنىڭ ! دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— يول بولسۇن، ئاغىنە ! — دەپتۇ.

— ئىرناقلىرىم ئۆتكۈر، چىشلىرىم ئىتتىك مۈشۈك باتۇرمەن، ئورمانغا كېتىپ بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۈشۈك.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ تۈلكە.

— گۆش يەيمەن، قورسىقىم ئاچ، مىياۋ... مىياۋ... مىياۋ... — دەپتۇ مۈشۈك.

تۈلكىنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئۇ قورققانلىقىنى بىلدۈرمەي:

— يۈرۈك مەن بىلەن، — دەپتۇ قول باغلاپ تۇرۇپ، —

بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەيمىز.

ئۇلار بىللە كېتىشىپتۇ...

يولدا بىر بۆرە ئۇچراپ قاپتۇ. مۇشۇك يەنە ھۇرپىيىۋاپ-تۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىپتۇ. بۆرە ئۇنىڭدىن قورقۇپ، بۇ قانداق ھايۋاندۇ، دەپ ئويلاپتۇ ۋە تۈلكىدىن ئاستا سوراپتۇ. تۈلكە:

— بۇ يېڭى پادىشاھ، جىم بول، بولمىسا، قىيما - چىيما قىلىۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

— راستمۇ؟ — دەپتۇ بۆرە قورقۇپ ۋە ئۇلار بىلەن ئۇن چىقارماي بىللە مېڭىپتۇ. ئۇلارغا بىر ئېيىق ئۇچراپتۇ.

— يول بولسۇن، — دەپتۇ ئېيىق ۋە بىردىنلا مۇشۇكنى كۆرۈپ قېلىپ سوراپتۇ، — بۇ كىم؟

مۇشۇك تۈكلىرىنى ھۇرپەيتىپ، بەللىرىنى مۈكچەيتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ جىم تۇرۇۋاپتۇ.

تۈلكە ئېيىقنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— ھوشيار بولسىلا، ئېيىق جانابلىرى، مۇشۇك پالۋان دېگەن مۇشۇ، بۇ يۇرتقا يېڭىدىن پادىشاھ بولۇپ كەلدى، يەنە قىيما - چىيما قىلىۋەتمىسۇن، — دەپتۇ.

تۈلكىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئېيىق:

— شۇنداقمۇ تېخى... — دەپتۇ ۋە ئۆزىنى سەل يىرەك-لىك كۆرسىتىپ، — ئۇنداق بولسا، ئۇنى سىناپ كۆرىمىز.

ئېيىقنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان مۇشۇك:

— مىياۋ... تىرناقلىرىم ئۆتكۈر، مىياۋ... چىشلىرىم ئىتتىك، مىياۋ... گۆش يەيمەن، گۆش، مىياۋ ... مىياۋ... — دەپ ۋارقىراپتۇ.

مۇشۇك يول بويى، بۇ بالا - قازالاردىن قانداق قۇتۇلارمەن ئەمدى، دەپ، مىياۋلاپ مېڭىپتۇ. ئۇ يولدا بىردىنلا بىر بۆدۈ-

نىنىڭ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ھاپىلا - شاپىلا تۇتۇپلا يەۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ باشقىلار تېخىمۇ ۋەھىمە ئىچىدە قاپتۇ، تۈلكىنىڭ ئۆيدگە كەلگەندىن كېيىن، ئېيىق، بۆرە، تۈلكە مەسلىھەتلىشىپ:

— ئۇنىڭغا زىياپەت بېرەيلى، كېيىن بىر يولىنى قىلارمىز، — دېيىشىپتۇ. ئۇلار ئۆلۈپ قالغان بىر قوينىڭ گۆشدنى ئەكېلىپ مۇشۇكنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ - دە، بۆرە بىر ئورىغا، تۈلكە چاتقال ئىچىگە، ئېيىق بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ مۆكۈۋېلىپ، مۇشۇكنى كۆزىتىپ تۇرۇشۇپتۇ. مۇشۇك گۆشنى تاتىلاشتۇرۇپ يەۋېرىپتۇ، كۆزلىرىنى ئوتتەك چاقنىتىپ، ئۇياق - بۇياققا تەلمۈرۈپ چىرقىراپتۇ. بۆرە بىلەن ئېيىقنىڭ كەيپى ئۇچۇپتۇ، تۈلكە چاتقال ئارىسىدىن ماراپتۇ. مۇشۇك چاتقالنىڭ شىلدىرلىغىنىنى ئاڭلاپ، چاشقان دەپ ئويلاپ، بىردىنلا تۈلكىگە ئېتىلىپتۇ. تۈلكە: «ۋاي ئۆلدۈم !» دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ.

مۇشۇك قورقۇپ ئۆزىنى بىر چوڭقۇرغا تاشلىغانىكەن، ئۇ يەردىن بۆرە ۋاي - ۋايلاپ قېچىپتۇ. مۇشۇك ئەمدى ئۆلدۈم، دەرەخكە چىقىۋالاي، دەپ، دەرەخكە قاراپ ئىتتىك ئېتىلغانىكەن، دەرەخ تۈۋىدىكى ئۆڭكۈردە ياتقان ئېيىق قورقۇپ ئۆزىنى بىر ھاڭغا ئېتىپتۇ.



شۇنداق قىلىپ، مۇشۇك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

# تۆت دوست

بېدىنى تويغۇچە يەپ، قورسىقىنى تازا كۆپتۈرۈۋالغان بىر ئېشەك ئەسكى تاملىقتىكى كۆلدە راسا ئېغىناپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپتۇ. بىردىن ئۇنىڭ ئېسىگە، بۇ دۇنيادا مېنى ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بارمىدۇ، دېگەن ئوي كەپتۇ. نېرى ئويلاپتۇ، بېرى ئويلاپتۇ، ئاخىر ھېچقانداق نىمىنىڭ ئېشەكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تاپالماپتۇ. ئېشەك ئۆزىدىن ئۆزى رەنجىپ، توختا، مەن بۇ دۇنيادا بىر ياخشىلىق قىلىپ، نامىمنى چىقىراي، دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ياخشىلىق ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر يەرگە بارغاندا بىر قوچقار يولۇقۇپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئېشەك ئاكا ! سەپەر نەگە؟ — دەپ سوراپتۇ قوچقار. يولنى خېلى مېڭىپ زېرىككەن ئېشەك توختاپ تۇرمايلا:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىنىم قوچقار، ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئۆزۈڭ مايسىلىرى چىرايلىق ئېتىز تەرەپتىن كېلىۋېتىپسەن، غېمىڭ يوق ئوخشايدۇ؟ — دەپتۇ.

— سىزدېچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قوچقار.

— مەندىمۇ غەم يوق، لېكىن ئاتا - بوۋىمىز: «تۇغۇلغانلار ئۆلىدۇ، ئىز - بەلگىسىز كېتىدۇ، ئەمما بىر ياخشىلىق

ئۆلمەي مەڭگۈ قالىدۇ» دەپتىكەن. شۇڭا، ئۆمرۈمدە بىر ياخ-شىلىق قالدۇراي دېگەن نىيەت بىلەن ياخشىلىق ئىزدەپ كې-تىۋاتىمەن، — دەپتۇ ئېشەك. يالغۇز قېلىپ زېرىككەن قوچ-قارغا بۇ سۆز ناھايىتى يېقىپ كېتىپتۇ ـ دە:

— سىزنىڭ بۇ سەپىرىڭىزگە مەنمۇ ھەمراھ بولسام، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، لېكىن ئوزۇقۇڭنى قانداق قىلىسەن؟

— مېنىڭ ئوزۇقۇم قەيەرگىلا بارسام تېپىلىدۇ، — دەپ-تۇ قوچقار.

بۇ ئىككى دوست يولغا چۈشۈپتۇ. يولدا بۇلارغا بىر خوراز، بىر كىرپە قوشۇلۇپتۇ. بۇ تۆت دوست بىر كۈنى چۆلدە كېتىپ بارسا، ئالدىدىن ئېچىرقاپ كەتكەن بىر بۆرە قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ چىقىپ قاپتۇ. بۆرىنى كۆرۈپ بۇلار-نىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ.

— سىلەر يوشۇرۇنۇڭلار، — دەپتۇ ئېشەك دوستلىرىغا ۋە ئۆزى يول ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. قوچقار بىر قورام تاشنىڭ كەينىگە، خوراز بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا چىقىۋاپتۇ، كىرپە بولسا، بىر تۆشۈككە كىرىپ مۆكۈپتۇ.

ھېلىقى ئاچ كۆز بۆرە ئۇدۇللا ئېشەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ:

— نەگە ماڭدىڭلار، ئېشەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەپەرگە.

— بالدۇرراق چىقساڭلارچۇ بۇ سەپەرگە، سىلەرنىڭ كې-چىكىشىڭلار مېنى بەك قىيىندى. سىلەر ئۇچرىمىساڭلار، ئاچلىقتىن بۈگۈن ئۆلۈپ قالاتتىم. ھېلىمۇ ياخشى، سىلەرنى خۇدا يەتكۈزدى، — دەپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ بۆرە. ئېشەك بىچارە نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

— قېنى، سىلەر تۆت ئىكەنسىلەر، ئاۋۋال بىرىنى چىد-
قىرىپ بەرگىن، بىر - بىردىن يەي، — دەپتۇ بۆرە.

ئىلاجسىز قالغان ئېشەك بىر تەرەپتىن قورقسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن غەيرەتلىنىپ:

— بوپتۇ، ئاۋۋال مېنى يەڭ، لېكىن تولا قورقۇتماستىن يەڭ. ئۇنىڭ ئۇچۇن مەن ئارقامنى قىلىپ، پۇتۇمنى كېرىپ بېرىمەن. شۇ تەرىپىمدىن كېلىپ قورسىقىمنى يېرىپ يەڭ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بۆرە، ئىشقىلىپ، يېسەملا بولىدىغۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە:

— قېنى، قانداق تۇرۇپ بېرىسەن؟ تۇرە چاپسان! — دەپتۇ.

ئېشەك ئۆز ۋەدىسى بويىچە ئارقا ئىككى پۇتىنى كېرىپ بېرىپتۇ. بۆرە كېلىپ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن كىرىپ چىشلەي دېگەنىكەن، ئېشەك بۆرىنىڭ بويىنىنى مەھكەم قىسىۋېلىپ قاتتىق ھاڭراشقا باشلاپتۇ. قوچقار يۇگۇرۇپ كېلىپ



بۆرىنىڭ بىقىنلىرىغا ئۇسكىلى تۇرۇپتۇ. ياغاچقا چىقىۋالغان خوراز: «قى - قى قىق، قى - قى قىق ! تاياقنىڭ ئۇزۇننى كېسەيمۇ، قىسقىسىنىمۇ، تومراقىنىمۇ، ئىنچىكىسىنىمۇ؟» دەپ شاختىن شاخقا سەكرەپتۇ. كىرپە بولسا، تۆشۈكتە تۇرۇپ: «مانا هازىر چىقىمەن، بىخ - بىخ ! مانا هازىر چىقىمەن، بىخ - بىخ ! هازىر چىقىپلا يامان قىلىمەن، تېرەڭنى تاسما، گۆشۈڭنى ئاسما قىلىمەن، ئۇنى قويۇپ بەرمە، چىڭ تۇت !» دەپ ۋارقىراپ بېرىپتۇ.

ئېشەكنىڭ قىسىشى، قوچقارنىڭ ئۇسۇشى، خوراز بىلەن كىرپىنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن ئەرۋاهى ئۇچقان بۆرە ئاران قۇتۇلۇپ، بىر پۇتنى سۆرەپ، تىلىنى چىقىرىپ، شۆلگىيىنى ئېقىتىپ، ئارقىسىغا قارىماي قېچىپتۇ.

بۆرىدىن ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۇ تۆت دوست: «دۇنيادىكى ھەممە ياخشىلىقنىڭ ياخشىسى بىرلىك ئىكەن. بىز ئەمدى ئايرىلماس دوستلاردىن بولايلى !» دېيىشىپ، باشقىدىن چىن دوست بولۇشۇپ دۇنيادىن ئۆتكەنىكەن.

# موماي بىلەن بۆرە

بۆرۈن بىر موماي بولغانىكەن. ئۇ يېزىنىڭ چەت بىر يېرىدىكى ئېرىدىن قالغان كۆزلەكتە يالغۇز ياشايدىكەن. مو-ماينىڭ بارى - يوقى بىرلا قوزىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا توخۇ، ئىت چاغلىق نەرسىسىمۇ يوق ئىكەن. شۇ قوزىسى بە-لەن مەلىكە بولۇپ، ئۇزۇن كۈنلەرنى قىسقارتىپ، كۆڭۈلسىز چاغلىرىنى خوش قىلىپ يۈرىدىكەن. موماي قوزىسىنى تاغنىڭ ئاياغ بېسىلمىغان جايلىرىدىكى ئەڭ يۇمران ئوتلاردىن، ئەڭ سۈزۈك ۋە سالقىن بۇلاق سۇلىرىدىن ئەكېلىپ باقىدىكەن، ئەتە - ئاخشىمى ئۆزى بىلەن بىللە ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىكەن. موماي تاغقا ئوت ئەكېلىشكە ماڭغاندا: «ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالغىن، مەن كەلمەي تۇرۇپ تالا - تۈزگە چىقمىغىن، ئىشىكنى مېنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە ئېچىپ بەرمىگىن» دەپ، قوزىنى ئۆينىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ كېتىدىكەن. موماي تاغنىڭ ئاياغ بېسىلمىغان جايلىرىدىكى ياپيېشىل ۋە ئەڭ يۇمشاق ئوتلارنىڭ ئۇچ - ئۇچلىرىدىن تېرىۋېلىپ قاپقا سالى-دىكەن، سالقىن ۋە ئەڭ سۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن بىر كومزەك-كە ئالىدىكەن، كۈن چۈشتىن ئېگىلگەن چاغلاردا قايتىپ كې-لىدىكەن - دە:

تۇر ـ تۇر، قوزام، تۇر ـ تۇر،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
تۇر ـ تۇر، قوزام، تۇر ـ تۇر،
سۇنىڭ سۇزۇكىنى ئەكەلدىم.

دەيدىكەن. قوزا مومايىنىڭ بۇ شەرتلىك چاقىرغىنىنى ئاڭلى ـ غاندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچىدىكەن ۋە مومايىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئوتلىرىنى يەپ، سۇيىنى ئىچىدىكەن. شۇنىڭدىن كې ـ يىن موماي ئۇنى ئەگەشتۇرۇپ چىقىپ سەيلە قىلىدىكەن.

بۇ قوزىغا كۆپتىن بېرى بىر بۆرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى يېيىشنىڭ قەستىدە بولسىمۇ، لېكىن يېيىشنىڭ ئېپىنى تاپالماي يۈرىدىكەن، چۈنكى ئۇ قوزا ئەتە ـ ئاخشىمى موماي ـ دىن زادىلا ئايرىلمايدىكەن، كۈندۈزلىرى موماي تاغقا كەتكەن ۋاقىتلاردا بولسا، ئۆيدىن تاشقىرى چىقمايدىكەن.

موماي تاغقا كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۆرە قوزىنىڭ ئۆيدىن چىقىشىنى پايلاپ، بىر بۇلۇڭ تىكەن تۇۋىدە ئۇزاق ماراپ يېتىپتۇ، لېكىن قوزا چىقماپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كې ـ يىن موماي قايتىپ كەپتۇ، بۆرە بولسا، ئەلەمدىن قۇرۇق ئاغزىنى كۆشەپ كېتىپ قاپتۇ. ئەتىسىمۇ بۆرە موماي تاغقا كەتكەن ۋاقىتتا كېلىپ، يەنە ماراپ يېتىپتۇ، لېكىن بىرھازا كۇتۇپ يېتىپ، قوزا چىقمىغاندىن كېيىن ئاچچىقىدا ئۆيىنىڭ پەنجىرىگە كەپتۇ ـ دە، ئالداپ بېقىپتۇ، قورقۇتۇپ بېقىپتۇ، چىقىرالماپتۇ. پەنجىرە ۋە ئىشىكلەرنى ئۇرۇپ بېقىپتۇ، ئىچ ـ كىرىگە كىرەلمەپتۇ. قوزا بولسا ئۈن چىقارماي جىمجىت تۇ ـ رۇۋاپتۇ. شۇ ئارىدا يەنە موماي كېلىپ قاپتۇ ـ دە، بۆرە ئە ـ لەم بىلەن: «خەپ سېنى، توختا !» دەپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۆرە مومايىنىڭ ئىشىكنى نېمە دەپ ئاچقۇ ـ

زىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئەتىسى مو-مايىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىدا ئۆيگە يېقىن بىر دالدا يەرگە مۆ-كۈۋېلىپ، قۇلاق سېلىپ يېتىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن موماي بىر قاپتا يۇمشاق ئوت، بىر كومزەكتە سۈزۈك سۇ كۆتۈرۈپ كېلىپ:

تۇر – تۇر، قوزام، تۇر – تۇر،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
تۇر – تۇر، قوزام، تۇر – تۇر،
سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئەكەلدىم.

دېگەندە، قوزا ئىشىكنىڭ ئىلغىلىرىنى شاراقشىدە ئېچىپ، مومايىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەركىلەپ ئويناقلاپتۇ. بۇ-نى كۆرگەن بۆرە كۆڭلىدە، ئەمدى تىلىڭنى بىلدىمۇ، قولۇم-غا چۈشكىنىڭ چۈشكەن، دەپ كېتىپتۇ.

بۆرە بىر جاڭگاللىققا بېرىپ تاڭ ئېتىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ، مومايىنىڭ ھېلىقى شەرتلىك سۆزلىرىنى يادلاپ-تۇ. تاڭ ئېتىپ كۈن چىققاندا، موماي قاپ بىلەن كومزىكىنى كۆتۈرۈپ تاغقا كېتىپتۇ. بۆرە ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى بىردەم ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ – دە، كېيىن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

تۇر – تۇر، قوزام، تۇر – تۇر،
ئوتنىڭ ئۇچىنى ئەكەلدىم.
تۇر – تۇر، قوزام، تۇر – تۇر،
سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئەكەلدىم.

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قوزا ھەيران بولۇپ، بىر ئىشە-نىپ، بىر ئىشەنمەپتۇ. ئىشىكنى ئاچاي دېسە، بىرىنچىدىن،

موماينىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمىغۇدەك، ئىككىنچىدىن، موماينىڭ
كېلىدىغان ۋاقتى ئەمەس، تېخى ئەتىگەن، ئاچماي دېسە، بەلكى
موماي يېقىن يەرگە بېرىپلا ئالدىراپ قايتىپ كەلدىمىكىن،
ئىلدام مېڭىپ كەلگەنلىكتىن ھاسىراپ ئاۋازى ئۆزگىرىپ
قالدىمىكىن، دەپ، ئىككى خىيالدا قېلىپ تۇرغاندا، بۆرە يەنە
ھېلىقى شەرتلىك سۆزلەرنى تەكرارلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن
قوزا تەۋەككۇل دەپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ ـ دە، ھەر ئېھتىمالغا
قارشى ئۆزى ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ. ئىشىك ئېچىلد-
شى بىلەنلا ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن بۆرە قوزىنى
كۆرمەي قاپتۇ، بىراق كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرغان ئاچ
بۆرىنى كۆرگەن بىچارە قوزا قورققىنىدىن ۋارقىرىۋېتىپتۇ.
شۇ چاغدا بۆرە قوزىنى بىر چىشلەپ بېسىپتۇ ـ دە، يەپ
چىقىپ كېتىپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن موماي كەلسە ئىشىك ئوچۇق
تۇرغۇدەك، ئۆيگە كىرسە قوزىسىنىڭ پەقەت ئۇستىخانلىرىلا
قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن موماي «ئاھ» دەپتۇ ـ دە، لېۋىنى
چىشلەپتۇ، سەن بۆرىگە بىر كۆرسەتمىسەم، توختا، دېگەن
ئوينى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى موماي يەنە بىر قوزا سېتىۋېلىپ كەپتۇ، ئۇ-
نىمۇ خۇددى ئاۋۋالقى قوزىغا ئوخشاش بېقىشقا باشلاپتۇ. بىر
كۈنى موماي بوسۇغىنىڭ تۈۋىنى چوڭقۇر ئورا قىلىپ كولاپ-
تۇ، تونۇرغا ناھايىتى كۆپ ئوتۇن يېقىپ، ئۇنىڭ قوقاسلىرد-
نى ھېلىقى كولىغان ئورىغا تۆكۈپتۇ ـ دە، ئۈستىنى بوش
قىلىپ، بىلىندۇرمەي يېپىپ قويۇپتۇ. ئۆزى قاپ بىلەن كوم-
زەكنى كۆتۈرۈپ تاغقا ماڭغان بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە، ئاستا-
غىنا قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بۆرە موماينى كېتىپ قالدى دەپ

ئويلاپ، بۇ قوزىنىمۇ يېمەكچى بولۇپ كەپتۇ ۋە: «تۇر – تۇر، قوزام، تۇر – تۇر» دەپ ئىشىككە يېقىنلىشىشى بىلەنلا، پالاققىدە ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭدىكى قوقاستا ئۇتلىنىپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە چىرقىراپتۇ. شۇ چاغدا موماي چىقىپ: «ھە، قوزا يېگەندە مەززە قىلغان بولغىيتتىڭ، ئەمدى ئۇنىڭ جازاسىنىمۇ تارتىپ باق !» دەپ كۈلۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۆرە قوزىغا قەست قىلىمەن دەپ، ئاخىر ئۆزى قوقاستا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ.



# يولۋاسنىڭ موشۇكنى ئۇستاز تۇتۇشى

بۇرۇنقى زاماندا يولۋاس قويۇق ئورماندا باشقا ياۋايى
هايۋانلار بىلەن بىرگە ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى
چوڭ، سۇرلۇك ھەم سالاپەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ھۇرۇن ئى-
كەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئوۋ ئوۋلاشنى بىلمىگەچكە، ئۆلگەن
هايۋانلارنىڭ تاپلىرىنى قاغا - قۇزغۇنلار بىلەن بىللە يەپ
جان باقىدىكەن.

ئاي، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يولۋاس بۆرە، تۈلكە دې-
گەندەك گۆشخور هايۋانلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاشتىكى ماهارىتىنى
كۆرۈپ، ئۆز كۆڭلىدە، بۇلار مەندىن كىچىك، ئەمما باشقا
هايۋانلار ئۇلاردىن ئەيمىنىدۇ. مەندىمۇ ئاشۇلاردا بولغان ماها-
رەت بولغان بولسا، مۇنداق بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق يۈر-
مەس ئىدىم، دەپ ئويلاپتۇ. تۈلكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېلىنىپ -
يالۋۇرۇپ، ئوۋ ئوۋلاشتىكى ماهارىتىنى ئۆزىگە ئۆگىتىپ قو-
يۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. تۈلكە يولۋاسقا هېجىيىپ تۇرۇپ
ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ - دە، ئۇنى كەينىگە سېلىپ ئورماننى
ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. يولۋاس تۈلكىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ
تازا هارغان بولسىمۇ، چىداپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپتۇ، مېڭىپ -
مېڭىپ بىر ئوچۇقچىلىققا كەلگەندە، تۈلكە يولۋاسقا قاراپ:

— قارا، ئاۋۇ يەردە بىر توشقان تۇرىدۇ. مەن ساڭا قاراپ

تۇراي، يەر بېغىرلاپ ئاستا شەپە چىقارماي بېرىپ بىرنەچچە قەدەم قالغاندا ئېتىل ـ دە، ئۇنى تۇتۇپ ئالدىمغا ئېلىپ كەل، — دەپتۇ. يولۋاس تۈلكىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە قورسىقىنى يەرگە چاپلاپ ئاستا كېلىپ توشقانغا بىرنەچچە قەدەم قالغاندا ئۆزىنى ئۇنىڭغا بىر ئاتقانىكەن، قاپقانغا چۈشۈپ قالغىلى تاس قاپتۇ. تۈلكە ھىجىيىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، ئۇۋچىنىڭ يەمچۈك قىلىش ئۈچۈن قويۇپ قويغان ئۆلۈك توشقىنىنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. يولۋاس تۈلكىنىڭ يۈزسىزلىك قىلغانلىقىنى، ئۆزىنى قاپقانغا دەسسەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ كۆڭلىدە غەزەپلىنىپتۇ، بىراق تۈلكىگە چېقىلىشقا كۆزى يەتمەپتۇ. ئۇ غەمكىن كېتىۋاتقاندا، سۇ بويىدا بىر كېيىك بالىسىنى مەززە قىلىپ يەۋاتقان بۆرىگە يولۇقۇپ قاپتۇ ـ دە، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئۇنىڭغا يىراقتىن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. قورسىقى راسا تويغان بۆرە يولۋاسقا كېيىك بالىسىنىڭ چالا غاجىلانغان ئۇستىخىنىنى تاشلاپ بېرىپتۇ. يولۋاس بۆرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئوۋ ئوۋلاشتىكى ماھارىتىنى ئازراق بولسىمۇ ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. يولۋاسنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان بۆرە غەزەپلىنىپ:

— ھەي لەقۋا، سەن ئىلتىپاتىمغا قانائەت قىلماي، يەنە ھۈنىرىمنى ئۆگەنمەكچىمۇ؟ مانا ساڭا! — دەپتۇ ـ دە، يولۋاسقا بىر ئېتىلىپلا ئۇنىڭ ئېغىز ـ بۇرنىنى قانغا بويىۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ يولۋاسنىڭ ئاچلىقتىن جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ ياتقاندا، ئالدىدا بىر مۈشۈك دانلاۋاتقان بىر توپ ياۋا كەپتەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېلىپ، تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بېرىپ بىر كەپتەرنى تۇتۇۋېلىپ،

مەززە قىلىپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كىچىك بىر مۈشۈكنىڭ ئۆز ئۆلجىسىنى شۇنچە ئەپچىللىك بىلەن قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى كۆرگەن يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى ھەسەت ئوتى قاپلاپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى كەپتەرنى تارتىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا كۆزى يەتمەپتۇ ۋە كۆڭلىدە، مانا بۇ مۈشۈككىمۇ بىر دەپ باقاي، ئۆز ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ قويسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپ، مۈشۈكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— سالام، مۈشۈكجان، ئوۋ ئوۋلاشتىكى ماھارەتلىرى ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن. سىلى ماڭا ئۇستاز بولۇپ بۇ ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىپ قويغان بولسىلا، — دەپتۇ.

مۈشۈك يولۋاسنىڭ سۆرلۈك تەلەتىدىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— مەن جانابلىرىدىن كىچىك تۇرسام، ئۆزلىرىگە قانداق ئۇستاز بولالايمەن؟ — دەپتۇ. يولۋاس مۈشۈككە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى، غۇربەتچىلىك تۇرمۇشىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ يېلىنىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۈشۈك يولۋاسقا ئۆز ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشقا رازى بوپتۇ - دە:

— سىلى مېنىڭ ئۆگەتكىنىم بويىچە ئىش كۆرسىلە، تېز مۇددەتتە ئوۋ ئوۋلاش ماھارىتىنى ئۆگىنىپ بولالايلا، — دەپتۇ.

— چوقۇم ئۇستازىمنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئىش كۆرىمەن، — دەپتۇ يولۋاس.

— ئوۋ ئوۋلاشتا باتۇرلۇق، كۈچ، چەبدەسلىك بولۇپلا قالماي، يەنە ئەقىل - پاراسەت بولۇشى كېرەك. ئۈزلۈكسىز تىرىشىش، جاپالىق مەشىقنى داۋاملاشتۇرۇش — بۇ ماھارەتنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىم شەرتى. شۇڭا، سىلى ھازىردىن باشلاپ ھەر كۈنى بىرنەچچە چاقىرىم تېز سۈرئەتتە يۈگۈرۈپ بەدەن

چىنىقتۇرسىلا، ئاندىن مەن ئوۋ ئوۋلاش ماھارىتىمنى ئۆگىنىشكە باشلاي، — دەپتۇ مۇشۇك.

شۇنىڭ بىلەن مۇشۇك يولۋاس بىلەن بىرگە مەشىق قىلىشنى باشلاپتۇ.

مۇشۇك يولۋاسقا ھەر خىل پاناھلىنىش ئۇسۇلى، يۈگۈرۈش سۈرئىتى، قارشىلىق كۈچى، يولنى توسۇش، شەپە چىقارماي يېقىنلىشىش، ئىزنىغا چۇشۇش، پەيت كۈتۈش، نىشان بەلگىلەش، قالايمىقان قىلىش، ئىسكەنجىگە ئېلىش، زەخىملەندۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى تەپسىلىي سۆزلەپ مەشىق قىلدۇرۇپتۇ. يولۋاسمۇ جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، مۇشۇكنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئوۋ ئوۋلاشقا كىرىشىپتۇ ۋە مەززىلىك ئىسسىق گۆشلەرنى يەپ كۈچلىنىشكە، كۈچەيگەنسېرى ئورماننى ئايلىنىپ يۈرۈپ قورسىقى توق بولسىمۇ كۆڭلى خالىغان ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورماندىكى بارلىق ھايۋانلار يولۋاستىن قورقىدىغان بوپتۇ، ھەتتا بۆرە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندايدىغان، تۈلكىمۇ كۈنگە نەچچە قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرىدىغان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈلكە يولۋاسنىڭ ئالدىدا نەچچە پۈكلىنىپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ:

— پۈتۈن ھايۋانلار، يولۋاس ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ مۇشۈكنىڭ شاگىرتى، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، دېيىشىۋاتىدۇ، — دەپ، يولۋاس بىلەن مۇشۇكنىڭ مۇناسىۋىتىگە بۆزغۇنچىلىق سايتۇ. يولۋاس كۆڭلىدە، مەن پات ئارىدا پۈتۈن ئورماندىكى ھايۋانلارغا پادىشاھ بولىمەن، بۇ چاغدا بۆرە مېنىڭ ئوردا ياساۋۇلۇم، تۈلكە ۋەزىرىم بولىدۇ. بىراق، مۇشۇ مۇشۇك دېگەن بىرنېمىنى مېنىڭ ئۇستازىم دەپ يۈرسەم ئابرۇيۇمغا سەت ئەمەسمۇ، دەپ ئويلاپ، مۇشۇكنى

قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى يولۋاس بىلەن مۈشۈك ئورماننى ئايلىنىپ كې-تىۋېتىپ، ناھايىتى باراقسان، كۆركەم ئۆسكەن بىر گۈلزار-لىققا كېلىپ قاپتۇ. مۈشۈك رەڭگارەڭ گۈللەرگە، كېپىنەك-لەرگە زوقلىنىپ، گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىدىن دىلى يايراپ كېتىپتۇ. يولۋاسمۇ بۇ گۈلزارلىقنى ھە دەپ ماختاپ، مۈ-شۈكنى گەپكە سېلىپ مېڭىپتۇ ۋە ئايلىنىپ بىر دوقمۇشقا كەلگەندە تۇيۇقسىز يان تەرەپكە شىددەت بىلەن بۇرۇلۇپ مۈ-شۈككە تاشلىنىپتۇ. ھوشيار مۈشۈك بولسا، يولۋاسنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ قېچىپتۇ، يولۋاس مۈشۈكنى قوغلاپتۇ، مۈشۈك جان - جەھلى بىلەن قېچىپتۇ ۋە يولۋاس ئۆزىگە يېتىشۋالاي دېگەندە بىر تۈپ سېدىگە چىقىۋاپتۇ. مۈشۈكنىڭ بۇ ھەرىكى-تىنى كۆرگەن يولۋاس ھەيران قاپتۇ، سېدىگە يامىشىپ باققان



بولسىمۇ، چىقالماپتۇ ۋە مۇشۇككە قاراپ غەزەپ بىلەن:

— سەن ماڭا نېمىشقا دەرەخكە چىقىشنى ئۆگەتمىدىڭ؟ — دەپ توۋلاپتۇ.

— ھەرقانداق ئۇستاز بولغۇچى يامان نىيەتلىك شاگىرتنىڭ كېيىن ئۆزىگە ئېلىپ كېلىدىغان مالامەتتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلماق كېرەك. مەن سىلىنىڭ يامان نىيەتلىرىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۆزۈمگە ساقلاپ قويغان بۇ ماھارىتىم ھازىر مېنىڭ قەدىر - قىممىتىمنى، ھاياتىمنى قۇتقۇزدى، — دەپتۇ مۇشۇك.

يولۋاس غەزەپلىك نەرە تارتىپ، سېدىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ لىڭشىتىپ باققان بولسىمۇ، مۇشۇك دەرەخكە مەھكەم چاپلىشىپ تۇرۇۋالغاچقا ھېچنېمە قىلالماپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى مۇشۇك يولۋاستىن ئايرىلىپ ياشاشقا باشلاپتۇ. يولۋاسمۇ پادىشاھلىق دەۋرانىنى سۈرۈپ ياشاپ كەپتۇ. بىراق، يولۋاس ئورمانلىقنى ئايلانغاندا، دەل - دەرەخلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە دەرەخلەرگە ھەسرەت بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قاراپ كېتىپ قالىدىكەن.

# خورازنىڭ ئەقلى

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا بىر كىشى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ماڭا ھايۋانلارنىڭ تىلىنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز، — دەپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام:

— بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن، ئەگەر ئۆگىنىۋېلىپ كىشى-لەرگە ئېيتساڭ ئۆلىسەن، — دەپتۇ. ئۇ ئادەم:

— ئۆگىتىپ قويسىڭىز، ھېچكىمگە دېمەيمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە: «ئاغزىڭنى ئاچ» دەپ-تۇ، ئۇ ئادەم ئاغزىنى ئېچىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇ-نىڭ ئاغزىغا تۈكۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بوپتۇ.

ئۇ ئادەمنىڭ بىر كالىسى ۋە بىر ئېشىكى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئادەم ھەر كۈندىكىدەك كالىسىنى ئەتىگەندىن — كەچكىچە قوشقا قېتىپ يەر ھەيدەپ، كەچتە ياندۇرۇپ كېلىپ ئېغىلغا ئەكىرىپ قويۇپتۇ. كالىنىڭ ئۆرە تۇرغىنىدەك مادارى قالماي پۇشۇلداپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئېشەك كالىدىن ئەھۋال سوراپتۇ. كالا دەپتۇ:

— نېمىسىنى سورايسەن، ئاداش، ھەر كۈندىكى ئەھۋالىم

مانا مۇشۇ. سېنىڭ كۇنۇڭ نېمىدېگەن راھەتتە ئۆتىدۇ؟ خوجا-يىن سېنى ئاندا - ساندا ئۇستۇڭگە قېلىن كۆرپىلەرنى سې-لىپ بازارغا مىنىپ بارغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، كەچكىچە ئېغىلدا خالىساڭ يەپ، خالىساڭ يېتىپ دەم ئالىسەن. ماڭا بولسا، بىردەممۇ ئارامچىلىق يوق.

كالىغا ئىچى ئاغرىغان ئېشەك ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، بۇگۇن سامان يېمىگىن، سۇمۇ ئىچمە-گىن. خوجايىن، كالام كېسەل بولۇپ قاپتۇ، دەپ، ئەتە سېنى قوشقا قاتمايدۇ.

ئىگىسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ كالىنىڭ ئوقۇرد-غا ئوت - سامان سېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى كىرسە، ئوقۇردىكى ئوت - سامانلار ئۆز پېتىچە تۇرغۇدەك، كالا بولسا پۇشۇلداپ ياتقۇدەك. ئۇ ئادەم: «كالام كېسەل بولۇپ قاپتۇ» دەپ، كالىنىڭ ئورنىغا ئېشەكنى نامازشامغىچە قوشقا قېتىپ-تۇ. ئېشەكنىڭ ھالى كالىدىن بەتتەر بوپتۇ، ئۇ ئۆلەيلا دەپ قاپتۇ، كەچتە ئېغىلغا ئاران - ئارانلا كەپتۇ. ئېشەكنىڭ ناھا-يىتى خاپا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن كالا ئەھۋال سوراپتۇ:

— بۇرادىرىم، ئەھۋالىڭ قانداق؟ بەك خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟

— ئەھۋالىم ھەرھالدا ياخشى، ئەمما سېنىڭ ئەھۋالىڭ چاتاق، شۇنىڭغا خاپىمەن، — دەپتۇ ئېشەك.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئوچۇق ئېيتقىنا، — دەپتۇ كالا. ئېشەك دەپتۇ:

— خوجايىنىمىز بۇگۇن مېنى مىنىپ بېرىپ قاساپ بىلەن كۆرۈشۇپ، ئۇنىڭغا: «كالام كېسەل بولۇپ قالدى» دېۋە-دى، قاساپ ئەتە كېلىپ سېنى سويۇۋېتىدىغان بولدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كالىنىڭ پۇت - قولىدا جان قالماپتۇ. ئۇ ئېشەكتىن:

— جېنىم دوستۇم، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ماڭا بىر مەسلىھەت بەرگىنە، — دەپتۇ. ئېشەك دەپتۇ:

— بۇنىڭ بىردىنبىر چارىسى شۇكى، ئەمدى ئوت - سامانني راسا يېگىن، سۇنىمۇ تازا ئىچكىن. خوجايىنىمىز كىرگەندە تېتىك بول، ئۇ چاغدا خوجايىنىمىز: «كالام ساقىيىپ قاپتۇ» دەپ، قاسساپقا بەرمەيدۇ.

خوجايىن ئۇلارنىڭ بۇ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. ئېرىنىڭ ئۆزىچە قاقاقلاپ كۈلگىنىنى ئاڭلىغان خوتۇنى سوراپتۇ:

— نېمىگە شۇنچە كۈلىسىز؟

ئېرى سەۋەبىنى دەپ بەرمەپتۇ. خوتۇنى تېخىمۇ گۇمانلىنىپ:

— چوقۇم سىزدە بىر چاتاق بار، بولمىسا، نېمىشقا سەۋەبىنى ئېيتمايسىز؟ — دەپتۇ. ئېرى:

— ھەي خوتۇن، كۈلگىنىمنىڭ سەۋەبىنى كىشىگە دېسەم، شۇ زامات ئۆلىمەن، — دەپتۇ. خوتۇنى: «ئېرىمنىڭ مەندىن يوشۇرۇپ يۈرگەن بىر مەخپىيىتى بار ئىكەن، بۇنى بىلمەي قويمايمەن»، دەپ، تېخىمۇ چىڭ يېپىشىپتۇ. ئۇ ئادەم ھېچ ئامال قىلالماي، خوتۇنىغا:

— بۇ سىرنى ساڭا ئېيتسام مەن ئۆلىمەن، شۇڭا ئىككى رەكەت ناماز ئۆتىۋېلىپ ئاندىن ساڭا ئېيتىپ بېرەي، — دەپتۇ.

بۇ كىشىنىڭ بىر خورىزى، بىرنەچچە مېكىيىنى ۋە يەنە بىر ئىتى بار ئىكەن. خوراز بۇ چاغدا مېكىيانلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ھەممىسىنى بىر قېتىمدىن بېسىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىت خورازغا:

— ئەجەب ھاياسىز نېمىكەنسەن. خوجايىنىمىزنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتى كېلىپ قالدى، سەن يەنە شەھۋەتپەرەسلىكىڭنى

قويمايۋاتسەن، — دەپتۇ. خوراز:

— خوجايىنىمىز شۇنداق ساغلام تۇرسا، نېمىشقا ئۆلىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىت ئېشەك بىلەن كالىنىڭ ۋەقەسىنى بىرمۇ-بىر ئېيتىپ بېرىپ، ئاندىن دەپتۇ:

— خوجايىنىمىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلدى، خوتۇنى كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى، خوجايىن جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمىدى، خوتۇنى قىستىدى. ئۇ ئامال قىلالماي بۇ سىرنى خوتۇنىغا ئېيتماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ خوتۇنىغا ئېيتسىلا ئۆلىدۇ.

خوراز:

— خوجايىن ئۆلسە ئۆزىنىڭ شورى، ساڭا، ماڭا ۋە خوتۇنىغا نېمە غەم؟ ساڭا يۇندىنى كىم قويۇق بەرسە شۇ يەرگە بارىسەن. مەنمۇ داننى كىم كۆپ بەرسە شۇ يەرگە بارىمەن. ئېرى ئۆلسە، خوتۇنىمۇ يەنە بىر ئەرگە تېگىدۇ. مەن دېگەن بىر چاڭگال تۇك. مەن شۇ ھالىم بىلەن يىگىرمە - ئوتتۇز مېكىيانىنى تېپىپ، چوقۇپ يۇرۇپ باشقۇرىمەن. خوجايىن بىر خوتۇنىنى باشقۇرالماسمۇ؟ ! ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلگىنىدىن، مېنىڭ كۆلگىنىم ياخشى. خوجايىن خوتۇنىنى بىر - ئىككى تاياق ئۇرسا، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالاتتىغۇ ! — دەپتۇ.

ھويلىدا تاھارەت ئېلىۋاتقان خوجايىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئەجەب ئوبدان چارە تاپتىم، دەپ ئويلاپتۇ. خوجايىن تاھارەتنى ئېلىپ بولۇشى بىلەن خوتۇنى يەنە سوراپتۇ:

— كۈلگىنىڭىزنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟

ئۇ ئادەم قولىغا دەرھال بىر تاياقنى ئاپتۇ - دە: «كۈلگىنىمنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ» دەپ، خوتۇنىنىڭ يانپىشىغا بىرنەچچىنى سالپتۇ. خوتۇنى ئالدى - كەينىگە قارىماي ئۆيگە قېچىپ كىرىۋاپتۇ ۋە ئىككىنچى بۇ ھەقتە سورىماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادەم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "57u05ZC+5bCU5rCR6Ze06Laj6Ze7IOe7tOWQvuWwlOaWh180MDIwOTkwNC56aXA=",
"filename_decoded": "\u7ef4\u543e\u5c14\u6c11\u95f4\u8da3\u95fb \u7ef4\u543e\u5c14\u6587_40209904.zip",
"filesize": 43931339,
"md5": "ba5ad540d3ce9f0fa705848ece188d4f",
"header_md5": "762de5d7046342f2e1fe0ee78f9c3622",
"sha1": "cb03084641ade54ea21c4392e1a0c220920114bd",
"sha256": "86f2d3930458197514094a633b0345f41e17403a3bbb12e9b4178c6c10c9a727",
"crc32": 1225838594,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 46315079,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u255a\u00f1\u256c\u253c\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209904",
"pdg_main_pages_found": 353,
"pdg_main_pages_max": 353,
"total_pages": 365,
"total_pixels": 1451173568,
"pdf_generation_missing_pages": false
}